# تارىم

6

1992

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز



ئۇ ئىجادىيەت ئۈستىدە.

مالىك كېۋىر پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 50 ـ
يىللارنىڭ دەسلىپىدە يازغان ھېكايە، ئوچېركلىرى بىلەن ئىجا ـ
دىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غى ـ
چە يازغان ھېكايە ۋە ئوچېركلىرى ئاساسەن گېزىتلەردە ئې ـ
لان قىلىنغان، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن نۇقتىلىق ئەدەبىي
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرغىچە «مەشئەل»،
«ئۆزگىرىش»، «ھاياتقا مەدھىيە»، «تاڭ ئالدىدا»،
«ئۆچمەس يۇلتۇز» قاتارلىق نۇرغۇن ھېكايە، ئوچېركلىرى
ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە «مەشئەل»، «يېزىدىكى ئا ـ
دەملەر» ناملىق ئىككى ھېكايىلار توپلىمى، «كۆن شەرقتىن
چىقىدۇ» ناملىق رومانى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ «ئۆز ـ
گىرىش»، «تاڭ ئالدىدا»، «ئۆچمەس يۇلتۇز» ناملىق
ھېكايىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلاندى. ئۇ ھازىر
«مېنىڭ يېزام» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييار ـ
لىماقتا.



ئۇ ياش ھەۋەسكارلار بىلەن سۆھبەتتە.



ئۇ قىرائەتخانىدا.



ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىدا زىيارەتتە.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

6

1992

42-يىل نەشرى

# بوستاندا

## ماقالىلەر

ق. تۇردى ........... «نۇتۇق» نىڭ 50 يىللىقى ۋە پارلاق يول ...... 4
م. شاۋۇدۇن ........... ئەدەبىي ئىجادىيەتنى دەۋر ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرايلى ........................ 14

## نەسرىي ئەسەرلەر

م. كېۋىر ........... قىز چىقىرىش (ئەدەبىي ئاخبارات) ........... 20
ئە. ئىمىن ........... سەن مېنىڭ چۇشۇم (نەسىر) ........... 30
ئا. قاھار ........... ھايات سىرى (روماندىن پارچە) ........... 34
ئا. ساۋۇت ........... ئۇششۇك ماڭغان كېچە (پوۋېست) ........... 84

## شېئىرلار

ئى. ئەخمىدى ........... گۆيلىن كۆيلىرى ........... 59
ئا. توختى ........... ئارزۇ چېچەكلىرى ........... 61

## باللار ئەدەبىياتى

س. ھاشىم ........... يېرىلغان يەر (ھېكايە) ........... 66
ئە. قۇربان ........... چېقىمچى سېغىزخان (باللار چۆچىكى) ........... 72
ئۇ. جېلىل ........... شوخلۇقتىن نېمە چىقتى (ھېكايە) ........... 77
م. بارى ........... نۇرغا تەشنا ھاياتلىق (شېئىر) ........... 78
ت. بەكرى ........... گۈل ۋە يوپۇرماق (مەسەل) ........... 79
م. روزى ........... ھىلال ئاي تەسراتلىرى (شېئىر) ........... 81
ز. پاكزات ........... باللار شېئىرلىرى ........... 83

## گۈلىستاندىن گۈلدەستە

(بورتالاغا بېغىشلانغان مەخسۇس سەھىپە)


ن. سايىم ...... شولىلاردەك جىلۋە قىلدى ئىزلىرىم (شېئىر) ...... 112
ن. ئىبراھىم ...... شائىر قەلبى چەكسىز بىر جاھان (شېئىر) ...... 113
ت. نىيازى ...... تەبىئەت ئاجايىپ ئۇستا بىر رەسسام (شېئىر) ...... 120
م. ئەھەد ...... ئاي چۈشۈپ قونۇۋاپتۇ دېرىزىگە (شېئىر) ...... 121
غ. ئابدۇراخمان ...... يوللىرىمدا نۇرلار تاشقىنى (شېئىر) ...... 126
ت. ئىمىن ...... سەن بىلەن مەن بولدۇم بەختىيار (شېئىر) ...... 128
ئە. ياسىن ...... نۇرلارنى باشلايمەن ئەۋلاد قەلبىگە (شېئىر) ...... 130
ئا. ئىمىن ...... ھاياجان ئىلكىدە قالدى ئاي دالا (شېئىر) ...... 131
د. مۇھەممەت ...... تاغلارمۇ سەن، باغلارمۇ ھەم سەن (شېئىر) ...... 132
ئە. تۇردىيېۋ ...... ئانا يۇرت (شېئىر) ...... 133
ئە. مەخسۇم ...... پاك سۆيگۈگە تولغان بۇ ئالەم (شېئىر) ...... 134
س. ياسىن ...... گۇمان (ھېكايە) ...... 135
ب. پازىل ...... ساۋاب (ھېكايە) ...... 138
ش. ھاجى ...... جىنايەت (ھېكايە) ...... 143


### بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


ئۈمىدلىك ياش يازغۇچى زۇنۇن تاھىر ...... 151


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئى. بۇنىن ...... يەڭگىل نەپەس (ھېكايە) ...... 156


* * *

بۇ سانىنىڭ رەسىم ۋە ھۆسن خەتلىرىنى م. ئايۇپ ئىشلىگەن.

# «نۇتۇق»نىڭ ٥٠ يىللىقى ۋە پارلاق يول

قەييۇم تۇردى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا بۇ يىل توپتوغرا 50 يىل بولدى.

«نۇتۇق» ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى خەزىنىسىدىكى مۇھىم ھۆججەت ۋە قىممەتلىك ئىدىيىۋى قورال سۈپىتىدە، ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي جەريانىدا، ئىلىمىزنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى توغرا نىشانغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە غايەت زور يېتەكچىلىك، بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى؛ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئىدىيىۋى كاپالىتىنى يارىتىپ بەردى.

نۇتۇقتا بايان قىلىنغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن تۇرمۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن خەلق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن ئىنقىلاب، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن دۇنيا قاراشنىڭ مۇناسىۋىتى، مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىش، مەزمۇن بىلەن شەكىل، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ قايناام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇشقا چۆكۈشى توغرىسىدىكى بىر قاتار ئىلمىي ھۆكۈملەر ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىسىنى قايتىدىن توغرا تونۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى مىليونلىغان خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ «چىشلىق چاقى» ھەم مەنىۋى پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇشتا؛ پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ۋە ئۇنى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشتا كاتتا رول ئوينىدى.

50 يىللىق تارىخ ئىسپاتلىدىكى، نۇتۇق — ماركسىزم ئومۇمىي پرىنسىپىنىڭ ئېلىمىز ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، نۇتۇقنىڭ ئاساسىي روھى ۋە تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە

بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۆۋەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى بەرپا قىلىش، روناق تاپقۇزۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى نۇتۇق بىلەن ئاسا-سەن، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇچراشتى، تونۇشتى. بۇ بىر بىت-لىش جەھەتتىكى ئالاھىدە يېڭىلىق، تونۇش جەھەتتىكى سەكرەش بولدى. يولداش ماۋ-زېدۇڭنىڭ: «جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدىبلىرى، يارامىلىق ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئامما ئارىسىغا بېرىشى لازىم؛ ئۇزاققىچە، شەرتسىز ھالدا ۋە جاندىل بىلەن ئىشچى، دېھ-قان، ئەسكەرلەر ئامىسىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، بىردىنبىر ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ باي مەنبەگە بېرىپ، بارلىق كىشىلەرنى، بارلىق سىنىپلارنى، بارلىق ئاممىنى، جانلىق تۇرمۇش ۋە كۆرەشنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بارلىق خام ماتېرىياللىرىنى كۆزىتىشى، ئۆگىنىشى، تەتقىق قىلىشى ۋە تەھلىل قىلىشى لازىم»، ئەدەبىيات - سەنئەتنى «خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» دېگەن بىر قاتار مۇھىم بايانلىرى گويا مۇنبەت تۇپراققا چۈشكەن باھار يامغۇرىدەك، ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئەدىبلەر، يازغۇچى - شائىرلار، سەنئەتكارلارنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، سىڭدى، ئۇلارغا ئىلھام بەخش ئەتتى، چوڭقۇر قوزغىتىش، يېتەكلەش، ئالغا ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىدى.

ئۆتكەن 40 يىل مابەينىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، بۈگۈنكى كۈندە 10 مىڭدىن كۆپرەك كەسپىي ئىجادىيەت خادىمى ۋە نەچچە 10 مىڭلىغان يېرىم كەسپىي، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن تەركىب تاپقان چوڭ، يارامىلىق قوشۇن بولۇپ شەكىللەندى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭدا بىر كىچىك نەشرىيات، ئادەتتىكىچە ئىككى ئەدەبىي ژۇرنال بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە 6 خىل مىللىي يېزىقتا بەدىئىي ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىدىغان 5 ئۇنىۋېرسال نەشرىيات ۋە 60 خىلدىن كۆپرەك ئەدەبىي ژۇرنال ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى، تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە تۈلپارلار بەس - بەستە بەيگىگە چۈشكەن ئازادە سەھنە بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدىغان 11 ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە سەنئەت جەمئىيەت-لىرىنىڭ 6 مىڭدىن كۆپرەك ئەزاسىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىدىن كۆپرەكى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت قوشۇ-نىنىڭ سۈپەت ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ روشەن ھالدا يېڭىلانغانلىقىنى نامايان قىلدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، تېلېۋىزىيە، كىنو، فوتو سۈرەت، خەتتاتلىق، تىياتىر ئىجادىيىتى،

www.uyghurkitap.com

سېرك سەنئىتى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، نەققاشلىق ۋە ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەت ئىجادىيىتىدە جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىدا ئالاھىدە ئىجادىيەت قىممىتى ۋە تەتقىقات قىممىتى بار كۆپلەپ يېڭى ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، يۇقىرى سۈپەتكە قاراپ يۈزلىنىش جەھەتتىكى نەتىجىلەر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. قىسقىغىنا 10 يىل ئىچىدە 50 نەچچە رومان، 200 دىن ئارتۇق پوۋېست ئېلان قىلىندى. تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق ھېكايە، نەسىر، شېئىر - داستان ۋە سەنئەت نەزەرىيىسى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر تەتقىقاتىغا دائىر كىتاب - توپلاملار نەشر قىلىندى. 600 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مۇكاپاتقا، بەزىلىرى خەلقئارالىق ئالتۇن - كۈمۈش مېدالىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەدىئىي كىنو فىلىمى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى؛ دۇنيا ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىپ تارقىلىشى؛ ئالاھىدە تارىخىي قىممەتكە ئىگە كلاسسىك ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنىڭ رەتلىنىپ نەشر قىلىنىشى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — «12 مۇقام»، قىرغىز خەلقىنىڭ داڭلىق كلاسسىك داستانى — «ماناس»، موڭغۇل خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئېپوسى — «جاڭغىر» قاتارلىق تارىخىي، بەدىئىي، قىممەتلىك مىراسلارنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردىكى چوڭ ئىلگىرىلەش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش - جانلاندۇرۇشتا زور ۋەقە بولدى.

نۇتۇقنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ھازىرقى زامان ئېڭى، ئېستېتىكىلىق قىممەت ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم قارىشى، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستى؛ ئىسلاھات روھى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارلىقىمىزنى دادىل يېڭىلاش؛ يېڭى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى توغرا، مۇكەممەل، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش؛ گۈزەللىك يارىتىش ۋە ئېستېتىكىلىق ئۆلچەمنى مەركەز قىلىپ، خەلققە يارامىلىق، رەڭدار - مول مەنىۋى مەھسۇلات ۋە ئوزۇق تەقدىم قىلىش جاسارىتى جۇش ئۇرۇپ ئۇلغايدى. گەرچە بېسىپ ئۆتكەن يولىمىزدا بەزى ئەگرى - توقايلىقلار، يەكۈنلەشكە تېگىشلىك بىرمۇنچە تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز بولسىمۇ، لېكىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىمىزنى، شۇنداقلا ئالدىمىزدىكى داغدام يولنىڭ تولىمۇ ئۈمىدلىك، پارلاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بىرنەچچە تەسىراتىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. ئىزچىل جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى.**

ئېلىمىز خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاخىرقى ھېسابتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت پارلاق يولنى تاللىۋالدى، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى يېڭىلىنىش مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەتكە، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يېڭىلىنىش تەلىپىنى قويىدۇ. بىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولغان ئىكەن، مۇقەررەر ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەلىپى، ئالاھىدىلىكىگە باپ كېلىدىغان، ئېلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىسى ئاساسىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

مەلۇمكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ چىقىش نۇقتىسى ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلىشىشىدىن، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىر ـ بىرىگە تۇرتكە قىلىش — جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى. روشەنكى، ئېلىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئالدى بىلەن ھەل قىلىدىغان مەسىلە يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسى.

يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ئېنىق قىلىپ، «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك. يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە، بارلىق فېئوداللىق، كاپىتالىزملىق چىرىك ئىدىيە، چىرىك مەدەنىيەت، چىرىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، سىياسىي يۆنىلىشى بىردەك بولغان، مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى، ئېقىملىرى كۆپ خىللاشقان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئىدىيىۋى كاپالىتى، پارلاق يولى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈش — مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭ ئىشى، ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، شۇنداقلا زامانىمىز جىددىي تەقەززا بولۇۋاتقان رېئال ۋەزىپە. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش — سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئۇزاققىچە، مۇقىم، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم،

زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە پرىنسىپى.

ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ماركسىزملىق زامان ئېڭىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خەلق بىلەن بىرلىكتە، ئېلىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن ئېسىل روھى چاقناپ تۇرىدىغان يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

2. دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش، رېئاللىققا يۈزلىنىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە يېقىندىن ياندىشىش مەسىلىسى.

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۆزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، قوبۇل قىلىش، شاللىۋېتىش ۋە رىقابەت ئىچىدە ئالغا بېسىپ، ئۆز - ئۆزىنى كۈچەيتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا تۇرغۇنلۇق، بېكىنمە ھالەتنى راۋا كۆرۈپ، روناق تاپقان، تەرەققىي قىلغان بىرمۇ دۆلەت، خەلق، مىللەت يوق. ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى مەسىلە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى قانداق قىلىپ توغرا يول بىلەن تېزلىتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى دەۋر روھى ۋە تەلىپى بىلەن بىرلىشىپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ ئاكتىپ نەرە تارتىپ يول ئاچقۇچىلىرى بولۇشى كېرەكمۇ ياكى ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ، «دەككەپ بېقىش» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، «تارىخىي ماتېرىياللار دۆۋىسى ئىچىگە چۆكۈپ» ۋە «يېگانە تەپەككۇرنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ» كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ بۇ، دەۋرىمىز جاۋاب بېرىشىمىزنى كۈتۈۋاتقان جىددىي سوئال.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش — ئېلىمىزدىكى يۈز مىليونلىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئۈمىدى، دۆلەتنى كۈچەيتىش، خەلقنى بېيىتىشنىڭ تەلىپى، زامانىمىزدىكى قالتىس جەلپ قىلىش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە كاتتا ئىش. بۇ يېڭى ئالاھىدىلىك ھەقلىق يوسۇندا ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىمىزنىڭ ئالدىغا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە قانداق قىلىپ دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش، رېئاللىققا، ئاممىغا، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە يېقىندىن ياندىشىش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇش مەسىلىسىنى قويىدى.

مېنىڭچە، بىر يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئۆز ۋەتىنى، خەلقىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئېچىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە رول ئوينىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ۋەتەن، خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ ئىش يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭمۇ

چوڭ ئىشى بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى يېڭى دەۋر رېئاللىقى ئىچىگە قويۇپ، خەلق بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەقدىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش — ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە ياراملىق يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ يېتىشىپ ھەل قىلىدىغان كۆرەش نىشانى ۋە ئورتاق توغرا يولى.

تۇرمۇش — ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بۇلىقى. قاينام - تاشقىنلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى. نۆۋەتتە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە دەۋر روھىنى، ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرۈش بىر تۈپ مەسىلە.

مېنىڭچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يېتىشىپ ئاڭلىق ھالدا ئىپادىلەش؛ خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تۇرمۇش يارىتىش يولىدىكى قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەش؛ زامانىمىز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىلھامبەخش يۈكسەك بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، تاغ - دەريالارنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش جاسارىتى ۋە گۈزەل، باي، مەدەنىيەتلىك يېڭى تۇرمۇش يارىتىش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئاساسىي مۇقامى ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى لازىم.

ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئاز - تولا قان - تەر ئاققۇزماي، غەيرەتكە كەلمەي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن يولداش ماۋ زېدۇڭ تەكىتلەپ كۆرسەتكەندەك، «شەرتسىز ھالدا ۋە جان - دىل بىلەن ئوتتەك قىزىق» تۇرمۇش ئىچىگە — بىرىنچى سەپكە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ سانسىز قەھرىمانلىرى ئارىسىغا بېرىشقا، «خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە قايتۇرۇش» قا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ بىرىنچى سېپى — نۇرلىنىپ تۇرغان رېئاللىق — ئىسلاھات، زامانىۋىلاشتۇرۇش قەھرىمانلىرى ئۈزلۈكسىز نامايان بولىدىغان سەھنە، كۆپلەپ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئىلھامبەخش ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مەيدانغا كېلىدىغان بۇلاق. پەقەت جانلىق تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى رېئاللىققا يۈزلەنگەندىلا، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، خەلققە مول ئېستېتىك زوق - ئىلھام بېغىشلايدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغىلى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە يېقىندىن ياندىشىلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

### 3. سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ۋارىسلىق قىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە دادىل يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى.

زامانىمىزدا ئىلغار پەن - تېخنىكىنىڭ ئاجايىپ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تېز تەرەققىي قىلىشىغا شىددەتلىك تەسىر كۆرسەتمەكتە، چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. بۇنداق تەسىر ۋە ئۆزگىرىش ئىدىيە، كۆز قاراش، ھېسسىيات، تېما، مەزمۇن جەھەتلەردە

www.uyghurkitap.com

روشەن ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىپادىلەش شەكلى، ئۇسۇلى ۋە خاسلىق، ئورتاقلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەكتە. شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، دەۋرىمىزدىكى رېئالىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمدى ئەنئەنىۋى مەنىدىكى كونا رېئالىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەس، شۇنداقلا مەلۇم بىر ئېقىم، مەلۇم بىر يازغۇچى ۋە مەلۇم بىر سەنئەت «ئىزمى» نى نىشان ۋە مەركەز قىلغان ساددا رېئالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ مەركەزسىزلەشىش، ھەر خىل ئىجادىيەت ئېقىملىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھەمدە مەزمۇندىن شەكىلگىچە چوڭقۇر ئۆزگىرىش قىلىشقا يۈزلەنگەن يېڭىچە رېئالىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتتۇر.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىسىدىكى بۇنداق زور ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆزگەرمەس، تۇرغۇن، قاتمال ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە بېكىنمە، تار، ئاددىي، مىللىي ۋە رايون خاراكتېرلىك ھادىسىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ ۋە بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئورتاقلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى؛ مۇئەييەن ئورۇندا نۇر چېچىپ جەۋلان قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭمۇ جەزمەن ئاكتىپ ھالدا ئۆز ـ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ، تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتمەكتە.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا بەدىئىي ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش ــ يېڭى دەۋر كىشىلىرى تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد كۈتۈۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلە.

مەلۇمكى، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش؛ ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ۋە چەت ئەلنىڭ قىممىتى بار ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەينەك قىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ھەمدە كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈپەتنى ئۆستۈرۈشتە، مىللىي ئەنئەنە، مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي شەكىلدىن ئىبارەت «ئاساس» قا، چەت ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىدىن زۆرۈر «ئوزۇق» قوبۇل قىلىشقا تايانغاندىن باشقا، مۇھىمى، دادىل يول ئېچىش ۋە جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق بەدىئىي ماھارەت تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتى بولماستىن، بەلكى يېڭىلىق يارىتىش ۋە يېڭى چوققىنى نۇرلاندۇرۇشقا ئىنتىلىشنىڭ مېۋىسى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىياسىيدىن ۋە باشقا ئاڭ شەكىللىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى رېئال تۇرمۇشنى كونكرېت، جانلىق، ھېسسىياتلىق بەدىئىي ئوبراز ۋە گۈزەل تىل سەنئىتى ۋاستىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ئۆلچىمى بىزدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ گۈزەللىك يارىتىش، زوقلاندۇرۇش قىممىتى ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، يېڭى تېما، يېڭى مەزمۇن، يېڭى قۇرۇلما، يېڭى تىپ ـ ئوبراز، يېڭى مۇھىت ـ

خاراكتېر ... قىسقىسى، ھەممە نېمىسى يېڭى بولۇش دېگەنلىك. چىنلىق ـ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ جېنى، ئېستېتىك قىممەت يارىتىشنىڭ ئاساسى. يېڭى، چىن بولمىسا، زوقلاندۇرۇش، ئېستېتىك قىممەت دېگەندىن ئېغىز ئېچىش تەس.

چۈشىنىش تەس ئەمەسكى، مېنىڭچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە پەقەت بۆسۈش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، يۈكسەك بەدىئىي ـ ئېستېتىك قىممەت ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە سۈپەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت دۇردانىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى، ئاخىرقى ھېسابتا خەلق ۋە كىتابخانلارنى رازى قىلغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماركسىزملىق سەنئەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەنئەنىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم تارىخنى ئۈزۈپ قويىدىغان مىللىي ئىنكارچىلىق، تارىخىي ئىنكارچىلىقتىن ساقلانغىلى، ھەم پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت خاتا تەشەببۇسقا قارشى تۇرۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ياراتقان ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەتىجىلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى كۈچەيتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**4. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكى مەسىلىسى.**

ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكى ـ پەن، يەنە كېلىپ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان كۈچلۈك تەسىرچانلىققا، ھازىر جاۋابلىققا، سەزگۈرلۈككە ۋە ئۆتكۈر تەتقىقات خاراكتېرىگە ئىگە پەن. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرى ۋە ھادىسىلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش، ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ جامائەت ئورتاق ئېتىراپ قىلغان تۈپ تەلىپى ھەققانىيەتنى قىزغىن سۆيۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، رەزىللىكنى رەھىمسىز قامچىلاپ، گۈزەللىكنى باتۇرلۇق بىلەن قوللاش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدە رولى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادكارلىرىمۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ، كەڭ كىتابخانلارمۇ موھتاج. چۈنكى ئۇنىڭسىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرىدىكى ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتا، گۈزەللىك ۋە رەزىللىكنى ئىلمىي يوسۇندا پۇختا دەلىللەپ ئايرىش؛ ياخشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ناچارنى تەنقىد قىلىش؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يولىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكى تارىختا، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يامراپ كەتكەن ئىنتايىن «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدىكى زەھەرلىرىنى تازىلاش؛ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنى تەنقىد قىلىپ، ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە تۈزىتىش؛

www.uyghurkitap.com

ئۇڭ ۋە «سول» ئېغىشلار بىلەن ئېلىشىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يولىنى ئېچىش جەھەتلەردە تارىخىي ۋە ئىجابىي رول ئوينىدى. بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

بىراق يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلىش تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ، تازا چوڭقۇرلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. باھا ۋە ھۆكۈم، ماختاش ۋە ئىنكار قىلىشتا مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش، ئەسەرگە ئەمەس، ئادەمگە قاراش، مۇناسىۋەت تۈرى، خاھىشچانلىق ۋە ئىلمىي، تارىخىي پوزىتسىيە، زامان، ماكان، شارائىت چۈشەنچىسى كەم بولۇشتەك ئىللەتلەر پات - پات ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. بۇنىڭدىن ئىجادكارلارمۇ، كىتابخانلارمۇ ئانچە رازى ئەمەس.

ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكى نېمىشقا مۇشۇنداق ئاجىز، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى؟ بەزىلەر بۇ جىددىي ئىلمىي روھنىڭ كەملىكى، مەسئۇلىيەتسىز قالپاقچىلىقتىن زېرىكىش كەيپىياتى دېسە، بەزىلەر بىر كالتەك بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش، قالايمىقان پۈۋلەپ ئۇچۇرۇش شامىلىدىن بىزار بولغانلىق دېيىشمەكتە. يەنە بەزىلەر تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، بۇ بىر خىل قوش قورقۇش كېسىلى — تەنقىد قىلغۇچىنىڭمۇ، تەنقىدلەنگۈچىنىڭمۇ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كەملىكىنىڭ ئىپادىسى دېيىشمەكتە. بۇنداق قاراشنىڭ، ئېھتىمال، مەلۇم ئاساسى باردۇر.

مېنىڭچە، تۈپ مەسىلە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە رولىنى قانداق قىلىپ، تولۇق ۋە توغرا جارى قىلىش مەسىلىسىدۇر. ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكى بىر - بىرىگە موھتاج، بىر - بىرىگە تايىنىپ گۈللىنىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىر - بىرىگە ئۆپكە بىلەن يۈرەكتەك چەمبەرچەس باغلانغان. ناۋادا بۇ ئىككىسىدىن بىرى كېرەكتىن چىقسا، ئۇ چاغدا يەنە بىرىمۇ ئوخشاشلا ھەرىكەتتىن توختايدۇ. بۇ، «ئاساس» بىلەن «شەرت» نىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرىدىن ئىبارەت «ئاساس» بولمىسا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىن ئىبارەت «شەرت» نىڭ رول ئوينىيالمايدىغانلىقىدىن، «ئاساس» بولۇپ، «شەرت» بولمىسا، «ئاساس» نىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغانلىقىدىن، ئاخىرقى ھېسابتا، ھەر ئىككىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى خۇنۈكلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ تۈپ پرىنسىپى، مىزانى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسى ۋە مەيداندا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. كىتابخاننىڭ ئېستېتىك تەلىپى، ئېستېتىك باھاسى ۋە ئېستېتىك غايىسى كۆپ ھاللاردا ئادىل، ئىلمىي تەنقىدچىنىڭ ساداسىدا نامايان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. توغرا، چوڭقۇر دەلىللەنگەن باھا ۋە ھۆكۈم مەلۇم بىر يازغۇچى - سەنئەتكار، مەلۇم بىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرى، ھەتتا پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەتكە نىسبەتەن قالتىس يېتەكلەش، ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تۈرتكە بولۇش، ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ

پاكىت، ئەكسىچە بولغاندا، چالغىتىش، خورىتىش، ھەتتا بۇزغۇنچىلىق قىلىش رولىنى ئوينىشىمۇ مۇمكىن.

ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسى ۋە رېئالىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىكىلىق پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ (ئىدىيىسىنىڭ) قانداق ئىپادىلەنگەنلىكى ھەققىدىكى باھا ـ ھۆكۈم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇئەييەن مەزمۇن مۇئەييەن شەكىل ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. يەنە كېلىپ شەكىل مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىدىيىۋى مەزمۇن تەلىپىدىن چەتنەپ، نوقۇل ھالدا شەكىل ۋە ماھارەتنى كوز ـ كوز قىلىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەرگىزمۇ سەنئەتنىڭ ھەقىقىي، قىممەتلىك شەكلى بولالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماركسىزمچىلارنىڭ نەزەرىدە ھەرقانداق بىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي بازىسقا، مەلۇم بىر تارىخىي شارائىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەيلى كونكرېت بىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى بولسۇن ياكى مەلۇم بىر مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بولسۇن، ئۇنى جەزمەن ئەسەر مەيدانغا كەلگەن شارائىت ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش لازىم. بۇ پرىنسىپتىن چەتنىگەندە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ باھاسى ۋە ھۆكۈمى، سەپسەتە دېيىلمىگەندىمۇ، ئاسانلا ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

دەۋر چاقى ئىلگىرىلىمەكتە، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يولى كېڭەيمەكتە، يېڭىلانماقتا. ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە شەرەپلىك ۋە مۇشكۇل. ئىبتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىز تەبىئىي ھالدا تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئادىل باھاسىغا، ئىلمىي دەلىللىشىگە، ئىلھام بېرىپ تۈرتكە بولۇشىغا موھتاج بولماقتا، كەڭ ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ ھىممىتىگە موھتاج بولماقتا. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكى پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزغا نىسبەتەن پىشاڭ ۋە قۇدرەتلىك ئالغا ئىلگىرىلىتىش قورالى. بۇ قورالنىڭ رولى ۋە قۇدرىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ پارلاق يېڭى باھارىنى يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش — پۈتكۈل ئەدەبىيات سېپىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك ۋەزىپىسى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مەھەممەت شاۋۇدۇن

# ئەدەبىي ئىجادىيەتنى دەۋر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرايلى

نۇتۇق — نۇرلۇق مەشئەل. ئۇ، يېرىم ئەسىر مابەينىدە ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ يولىنى يورۇتۇپ، «ئەدەبىيات-سەنئەتنى ھەقىقىي تۈردە پۈتۈن ئىنقىلاب ماشىنىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ»، خەلق ئۈچۈن، دەۋر ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇشتا يېتەكچىلىك رول ئويناپ كەلدى.

ماۋ جۇشى نۇتۇقتا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خەلق تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ كونكرېتلاشتۇردى ۋە بېيىتتى. ئۇ، شۇ تارىخىي شارائىتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ماركسىزملىق توغرا يۆنىلىشى ۋە ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنى ئۇزاقىچە، شەرتسىز ھالدا، جان-دىلى بىلەن ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر ئاممىسى ئارىسىغا، ئوتتەك قىزغىن كۈرەش ئىچىگە، بىردىنبىر، ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ باي مەنبەگە بېرىشقا چاقىرغان. بۇ «جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى، يارامىلىق ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى»نىڭ توغرا ئىجادىيەت يولى، ئەينى ۋاقىتتىكى زور ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ، دەۋرنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپى ئىدى. شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەتنى پۈتۈن ئىنقىلاب ماشىنىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان چىشلىق چاقى ھەم ۋىنتىسى، پۈتۈن ئىنقىلاب ئىشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى دەۋر ئۈچۈن ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىدى. بىرمۇنچە ئىنقىلابىي ئەدىبلەر شۇ چاغدا بىردىنبىر، ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ باي مەنبە بولغان ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر ئاممىسى ئارىسىغا، ئوتتەك قىزغىن كۈرەش ئىچىگە ئۇزاقىچە، شەرتسىز، جان-دىلى بىلەن چوڭقۇر چۆككەن. ئىنقىلابىي گېنجۇيدىلەردە «جۇڭگو تارىخىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان، خەلق ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان دەۋر» بارلىققا كېلىۋاتقان زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى، «يېڭى دۇنيا»، «يېڭى شەخسلەر»نى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، دەۋرنىڭ جارچىسى، خەلقنىڭ سادىق كۈيچىسى بولغان. خەلق ئاممىسى ئۇلار يازغان ئەسەرلەردىن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان زور ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ يارقىن ئەكسىنى، تارىخىي

تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ تارىخنى ئالغا سۈرۈشكە كۈچلۈك مەدەت ۋە ياردەم ئالغان. دېمەك، ئەدىبلەر خەلق ئاممىسى ۋە دەۋر بىلەن شۇ قەدەر زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولۇپ كەتكەن، ئۆزلىرىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىشنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلگەن. بۇ، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى نۇرىدا ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ بىر ئېسىل ئەنئەنىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

بۇ ئەنئەنە بىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئەگىۋىشتىرى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلگەن كۈنلەردىن ئېتىبارەن ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرمۇشقا، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، دەۋر ۋە خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، يېڭى دۇنيا يارىتىش يولىدا قەھرىمانلارچە كۈرەشكە ئاتلانغان خەلقىمىزنىڭ سادىق كۈيچىسى ۋە باراۋانچىسى بولۇپ، خەلقنىڭ كۈيىنى، دەۋرنىڭ ساداسىنى ياڭراتتى. بۇ مەزگىللەردە نىمشېھىد ئارمىيە داموللا، زۇنۇن قادىرى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابلىز نازىرى، ئەرشىدىن تاتلىق، قۇربان ئىمىن، ئابدۇكېرىم خوجا، جاپپار ئەمەت، ئۆمەر ئىمىن، مەھەممەتجان سادىق، غەنىزات غەيۇرانى قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدىبلىرىمىز رېئال تۇرمۇش قاينىمىغا - ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەرقايسى سەپلەردە بارلىققا كەلگەن «يېڭى شەخسلەر»، «يېڭى دۇنيا» نى تەسۋىرلەپ، تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈردى؛ بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ئويغىتىپ، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارغا زور ئۈمىد - ئىشەنچ، غەيرەت - جاسارەت بېغىشلىدى. بۇ ئېسىل ئەنئەنە كېيىنكى مەزگىللەردە، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يېڭى دەۋردە تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ دەۋر بىلەن، خەلق ۋە رېئاللىق بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ۋەزىپىسى ۋە تەلىپىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنى تەسۋىرلەش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، تېخىمۇ مول مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىلغارلىق ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايە ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىسىگە، ئالىيجاناب خىسلەتكە ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا، كەڭ نەزەر دائىرىگە ۋە ئەمەلىيەتچىل روھقا ئىگە يېپيېڭى قىياپىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك. بۇ يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.①» ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 311 - 312 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق مەزمۇنغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى ماھىيەتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلەپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى لازىم»① ئەدىبلىرىمىز خىلمۇ خىل بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئىجادىيەتكە ئاتلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈرىشى داۋامىدىكى قايناق تۇرمۇشى، سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەسۋىرلەنگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، دەۋر رېئاللىقىنى، تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئاكتىپ ئەكس ئەتتۈردى، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈردى. بۇ مەزگىللەردە ئىجادىيەتتە سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن زور بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1979-يىلدىن ھازىرغىچە بولغان 14 يىل ئىچىدە «تارىم» ژۇرنىلىدىلا 68 پوۋېست، 766 ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىنىپ، ئۇزاقتىن بۇيان تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ، ئاجىز ھالقا بولۇپ كېلىۋاتقان نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىدە سەكرىدىش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 1951-يىلدىن 1979-يىلغىچە ئېلان قىلىنغان 2 پوۋېست، 227 ھېكايە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ نەتىجىنىڭ ھەقىقەتەن زورلۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەر، ئىگىلىك ياراتقۇچىلار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگۈچى قەھرىمان شەخسلەرنىڭ جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازى يارىتىلغان، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، دەۋر روھىغا باي، ئىپادىلەش جەھەتتە ھەر خىل دەرىجىدە يېڭىلىق يارىتىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر خېلى بار. بۇلاردىن بىر مۇنچىلىرى زور ئىجتىمائىي تەسىر قوزغاپ، ئاممىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. نەسرىي ئەسەرلەردىن «سۇتۇق بۇغراخان» (سەيپىدىن ئەزىزى)، «كۈرەشچان يىللار» (قەييۇم تۇردى)، «ئىزدىنىش» (زوردۇن سابىر)، «قىيانلىق دەريا» (ئەخمەت تۇردى)، «ئادەملەر» (مەھەممەت باغراش)، «ئۇخلاۋاتقانلار ۋە ئويغانغانلار» (غەيرەت ئاسىم)، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» (ئەخمەت ئىمىن)؛ شېئىرىي ئەسەرلەردىن «بەردىم جاۋاب» (ئەلقەم ئەختەم)، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» (تېيىپجان ئېلىيېۋ)، «قەشقەر كېچىسى» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «پارچىلار» (ئابدۇكېرىم خوجا)، «چىن مۇھەببەت» (مەھەممەتجان سادىق)، «يەر-ئانا» (رەخىم قاسىم)، «ياردىم» (تۇرسۇن مەھەممەت پەخرىددىن)، «قۇچاقلا، بۇ سېنىڭ دادىڭ» (مەھەممەت ئىمىن زۇنۇن)، «ئاق روماللىق پەرىزات» (قۇربان بارات)، «يۇلتۇزلار يۇرتى» (ئارسىن)، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» (ئوسمانجان ساۋۇت)، «ئارمىيە قىزى» (تەلئەت ناسىر)، «بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار» (شېئىرلار توپلىمى) قاتارلىق 3 رومان، 2 پوۋېست، 4 ھېكايە، 4 داستان، 9 شېئىر، بىر شېئىرلار توپلىمى، بىر نەسر بولۇپ جەمئىي 24 پارچە ئەسەر مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئىلى دولقۇنلىرى» قاتارلىق 3 رومان، «ئاقساق بۇغا» قاتارلىق 9 پوۋېست، 69 ھېكايە، 16 داستان، «ئالتاي لىرىكىلىرى» قاتارلىق 77 شېئىر، 15 ئوبزور، 7 تېپىشماق-مەسەل، تۆت نەسر، بىر ساتىرا، ئۈچ باللادا، ئىككى ئەدەبىي

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 311-، 312-بەتلەر.

خاتىرە، بىر ئوچېرك بولۇپ جەمئىي 302 پارچە ئەسەر ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. 2 نەپەر ياش يازغۇچى بولتۇر غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن جۇاڭ جۇڭۋېن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇلار ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى زور مۇۋەپپەقىيىتى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ گۈللەپ ـ ياشناپ، دەسلەپكى مول ھوسۇل مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ گەۋدىلىك ئالامىتى.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىشىنىڭ يېڭى قەدىمى باشلاندى. تۆمۈر داۋامەتنىڭ «يۇرتقا مۇھەببەت»، «يۈرەك ناخشىسى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى، قەييۇم تۇردىنىڭ «بۇلۇڭ كوچىدىكى غەلىتە ئىشلار»، زوردۇن سابىرنىڭ «ۋاپادارلىق» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلىرى ھەمدە ئابدۇراخمان قاھار، ئەخەت تۇردى، ئابلىمىت سابىر، ئابلا ئەخمىدى، قاھار جېلىل، مەتتىمىن ھۇشۇر، توختى ئايۇپ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، مەھەممەت باغراش قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇكېرىم خوجا، مەھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىم، مەھەممەت ئېلى زۇنۇن، بوغدا ئابدۇللا قاتارلىق شائىرلارنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا تونۇشتۇرۇلدى. بەزى ئەسەرلەر مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا زور تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ يېقىندا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «ھايات مەشئىلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا ئۆز قەلىمى بىلەن كىتاب ئىسمىنى يېزىپ بەرگەنلىكى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زور ۋەقە بولدى. بۇ يالغۇز ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپلا قالماي، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زور مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىلھامدۇر. بۇ كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

بىز ھازىر زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، ئېلىمىز تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان دەۋردە تۇرماقتىمىز. بۇ دەۋرنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە زور ئىجتىمائىي رېئاللىقى شۇكى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش پۇختا قەدەم بىلەن كەڭ قانات يېيىپ، ھەر قايسى سەپلەردە، بولۇپمۇ ئىقتىسادنى قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان سەپلەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. بۇ كۈرەش داۋامىدا ھەر خىل توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، قاتمۇقات بېسىم ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا باي، يۈكسەك ئىجادچانلىققا ئىگە يېڭى شەخسلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىلمەكتە. بۇ رېئاللىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا، ئۇلارنى ئۆز باغرىغا چىللىماقتا. بۇلار ئەدىبلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، خەلقىمىزنىڭ مەزمۇنغا باي، رەڭگارەڭ گۈزەل تۇرمۇشى مەركەزلىك ئىپادىلىنىدىغان زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ باي مەنبە. بۇ زور ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ھەم

دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن كۈتىدىغان جىددىي تەلىپى، ھەم سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەلىپى، شۇنداقلا كەم بولسا بولمايدىغان، بەلكى گەۋدىلەندۈ-
رۈش زۆرۈر بولغان ماھىيەتلىك مۇھىم مەزمۇنى، ئاساسىي مۇقامى، باشقىچە ئېيتقاندا،
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ گەۋدى-
لىك ئىپادىلىنىشى، كۈچلۈك دەۋر تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەت-
چان ئەدىب بۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالمايلا قالماي، بەلكى دەۋرنىڭ بۇ زور ئىجتى-
مائىي رېئاللىقىنى ئاكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى ھېسابلايدۇ.
بىر ئەدىبنىڭ تارىختىكى تۆھپىسى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي
رېئاللىقىنى قانچىلىك چىن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىر ئەسەرنىڭ
قىممىتى بولسا، شۇ ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قان-
داقلىقى، رېئاللىقنى چوڭقۇر ھەم كەڭ ئەكس ئەتتۈرەلىگەن ـ ئەتتۈرەلمىگەنلىكىدىن
ئايرىلمايدۇ. تارىختىن بۇيانقى داڭلىق ئەسەرلەر رېئاللىقنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرەل-
گەنلىكى ئۈچۈن يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ شۆھرەت قازىنالىغان. ئەدەبىي
ئەسەر شۇ دەۋرنىڭ زور ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرمىسە، ئۇنىڭدىن چەت-
نىسە، قانداقتۇر «رېئاللىقتىن ھالقىغان» بەدىئىي قىممەت يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس.
ھەرقانداق «مەڭگۈلۈك تېما»، مەيلى مۇھەببەت تېمىسى، ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۈزەل-
لىك ۋە رەزىللىك تېمىسى، مەيلى تراگېدىيە ئېگى تېمىسى بولسۇن، يازغۇچى ياشاۋاتقان
دەۋر رېئاللىقىدىن ئايرىلسا ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى قىممىتىنى، دەۋرنىڭ كۆزى،
قۇلىقى بولۇش سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئەدەبىيات تارىخىدا
بۇ نۇقتا كۆپ قېتىم ئىسپاتلانغان. ئەكسىچە دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى، دەۋر روھىنى ئەكس
ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋاقىتنىڭ سىنىقى ئۇزارغانسېرى شۇنچە ئاشىدۇ.
بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ كۈرەش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ، ھازىر-
قى زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، جۇڭخۇانى گۈل-
لەندۈرۈش يولىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر-
لەردە تېخىمۇ كۆپ، كەڭ ۋە چوڭقۇر بەدىئىي تەسۋىرىنى كۆرۈشنى جىددىي ئۈمىد
قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئەسەرلەرگە قىزىقىشى، ئاساسەن، يازغۇچى تەسۋىرلەۋاتقان دۇنيانىڭ
ئۆز تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن قانچىلىك ئالاقىدار ئىكەنلىكىگە باغلىق بولماقتا. ئەسەر-
لەر ئۆز تۇرمۇش رېئاللىقىنى قانچە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، خەلق ئۇنى
شۇنچە ياقتۇرىدۇ، قەدىرلەيدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىنى ئۆزلىرىگە شۇنچە
يېقىن، بەلكى ھەمنەپەس، قەلبداش ھېسابلاپ، ئۇلاردىن شۇنچە مىننەتدار بولىدۇ.
لۇشۈن «ئەدەبىيات خەلق روھىدىن چاقنىغان نۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقنى
ئالغا يېتەكلەيدىغان مەشئەل» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ
سەنئەت سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تۇرمۇشنى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش
ئارقىلىق سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ
ھەم بۇ ئىدىيە ۋە غايە ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ـ ھېس-
سىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسەلدۈرىدۇ. ئۇلارنى
ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ. يەنى ئۇلاردا گۈزەللىك، چىنلىق، ياخشىلىققا مۇھەببەت، سەتلىك،
رەزىللىك، يامانلىققا نىسبەتەن غەزەپ ـ نەپرەت قوزغاپ، ئۇلاردا ئالىيجاناب پەزىلەت،

غەيرەت ـ جاسارەت، يۈكسەك ئىرادە، ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئىشەنچ ـ ئەقىدە يېتىلدۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ نەمۇنىلىرى، خەلق ئىچىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ تەجرىبىلىرى بۇ نۇقتىنى، يەنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئامىمنى جەڭگىۋار ئىدىيە، قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ، ئالغا يېتەكلەپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىغان.

بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ كەتكەن مەزگىللەردە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق بىلەن، تۇرمۇش بىلەن، رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنكار قىلىندى. قانداقتۇ سىياسىينى سۇسلاشتۇرۇش، رېئاللىقنى سۇسلاشتۇرۇش دەيدىغان غەلىتە سەپسەتىلەر تەرغىپ قىلىندى. قەھرىمان شەخسلەرنىڭ «جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازى» نى يارىتىش چەتكە قېقىلدى. «دەۋرنىڭ كارنىيى بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ، ھېسسىي نەرسىلەرنىڭ سىرتىدىكى ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى، بىز ئادەتلىنىپ قالغان ھېلىقى ئادەملەرنىڭ (قەھرىمان شەخسلەرنى دېمەكچى) سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇلغان ھالدا ئىشلىگەنلىكى يېزىشقا ئەرزىمەيدۇ» دەپ جار سېلىندى ۋەھاكازالار. بۇلار يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ دەۋر بىلەن، خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىجادىيەتنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ بەدىئىي ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا، ئۇلار بۇ مۇناسىۋەتنى ئۇنتۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭغا سەل قارىسا، ياكى ئۇنى ئۈزۈپ قويسا، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ھاياتى پۈچەكلىنىشىدۇ»① دەپ ئاگاھلاندۇرغان. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ھاياتى پۈچەكلەشكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىمۇ مۇقەررەر يوسۇندا پۈچەكلىشىپ، لۇشۈن ئۆز ۋەسىيىتىدە ئوغلىغا قەتئىي ساقلىنىشىنى سەممىي تاپىلىغان «سۈپرىسى قۇرۇق ئەدىب» بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەسىلە بىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە دىققىتىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

بىز نۆۋەتتە رېئاللىقنى ئىزدەۋاتقانلىق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېقىمىغا، دەۋرنىڭ زور ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا قارىتىپ، قەھرىمان شەخسلەرنىڭ جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازى يارىتىلغان، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، دەۋر روھىغا باي، كىشىلەرنى روھلاندۇرالايدىغان ۋە ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان، جاسارەت بىلەن ئىشلەش ۋە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان، كىشىلەردە ئەخلاق ـ پەزىلەت، مۇھەببەت يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ئىجادىيەتنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، 215 ـ بەت.

# قىزچىقىرىش



مالىك كېۋىر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

يىلىلىق كۈز ئاخشىمى ئىدى، ھاسان ھاكىم كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئايالى زەينەپنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ ئايالىغا خېلىدىن بېرى ئېيتماقچى بولۇپ كۆڭلىدە ساقلاپ يۈرگەن گېپى بار ئىدى. بۈگۈن ۋاقتى - قەرەلى كەلگەن چېغى، بۈگۈن ئۇ ھەممىنى دەيدۇ، تۇرمۇشىنىڭ يۈكىنى تەڭ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قەدىناسى بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. زەينەپمۇ كىرىسلودا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ يولدىشىنىڭ چىراغ نۇرىدا يالتىراپ ئاقۇش كۆرۈنگەن يۈزىگە سوئال نەزەرىدە تىكىلدى.

ھاسان پىدا گەپنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي تۇراتتى، شۇ ئەسنادا ئىشىك قېقىلىپ ئۆيگە ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق، قارىقاش، ئاق يۈزلۈك كەلگەن بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. ھاسان تىلىنىڭ ئۇچىدىكى گەپنى بوغۇزىغا يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. زەينەپ بولسا ئىتتىك قوپۇپ مېھمانغا ئورۇن بوشاتتى.

— ھە، ئەخمەت، كېلىڭ، مۇنۇ يەرگە كېلىڭ، — ھاسان كىرىسلونىڭ گىرۋىكىنى قاماللاپ تۇتۇپ، ئورۇق گەۋدىسىنى ئۆرە قىلدى، — نېمە بولدى، ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدىڭىزغۇ؟

تاپىسدىلا توختىغان بۇ ئادەم ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ناخشىچى ئەخمەت ئۆمەر ئىدى.

— پەيزىڭلار بىلەن ئولتۇرغان ئىكەنسىلەر، — ئەخمەت ئۆمەر بىر قېشىنى كۆتۈرۈپ مۇغەمبىرانە كۈلۈپ قويدى، — بىمەھەل چاغدا كېلىپ قالدىممۇ نېمە؟

— «قالايمىقان» قىلىدىغان بولدۇم دەپ خىجالەت بولۇۋاتامسىز؟ — دېدى زەينەپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھاسان ئاكىڭىز بىلەن خېلىدىن بېرى گۇڭگۇر - مۇڭگۇر ئولتۇرمىدىڭلارغۇ دەيمەن، ياخشى كەپسىز، قېنى تارتىنماي يۇقىرىغا ئۆتۈڭ، ناخشىڭىزنىمۇ ئاڭلارمىز؟

— قايسى كۈنى تېلېۋىزوردىن «ئىلى ۋادىسىدىكى مەشرەپ» نى كۆردۇق، —

دېدى ھاسان ئەخمەت ئۆمەر تۆرگە چىقىپ ئولتۇرغاندا، — بىر كەمدە قارىسام ئاق مالخايىنى قىرلاپ كېسىپ سادىر پالۋاننىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ چىقىپ كېلىۋاتىسىز، يۈرىكىم چاپچىپ كەتتى، ناخشىغا راستىنىلا پەيزىڭىز بار جۇمۇك سىزنىڭ.

ناخشا توغرىسىدىكى گەپ - سۆز، چاقچاق بىلەن پەيدا بولغان خۇش خۇي كەيپىيات ئەخمەتنى ئەتىگەندىن بۇيان قىيناپ تۇرۇۋاتقان غەم - ئەندىشىدىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلدۇردى.

زەينەپ دالانغا چىقىپ كېتىپ بىر دەمدىلا تاتلىق تۇرۇملەر بىلەن بىر چەينەك چاي دەملەپ كەلدى.

— ئىسسىق - ئىسسىق چاي ئىچىڭ، ئاۋازىڭىزغا پايدىسى بار.

— مېنىڭ ئاۋازىمغۇ خېلى يۇمشاق چىقاتتى، — دېدى ئەخمەت ئۆمەر چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب بېرىۋېتىپ يەر تېگىدىن ھاسانغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — بىلمىدىم، بۈگۈن ئاخشام سىلەرگە قانداق ئاڭلىنىدىكىنتاڭ؟

ئەخمەت ئۆمەر سورۇن كۆرگەن، ئۆزىنى تۇتۇشنى، ماسلىشىشنى بىلىدىغان ئارتىس ئىدى. گەپ ئويۇنى قىلىپ ساھىبخانىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋېلىپ، ئاندىن چاندۇرماي غاچچىدە كۆڭلىدىكى گەپنى تەشتى.

— ئەلچىلىك بۇۋى پاتىمەم ئانىمىزدىن قالغان مىراس ئىش ئىكەن، — ئۇ ئاخىرىدا گەپنى ئۆزرىخاھلىقتا يۆتكىدى، — پېسەنتىڭلارغا سىغماسلىقى مۇمكىن، ئاۋازىم قوپال ئاڭلىنىپ قۇلىقىڭلارنى غىدىقلىغاندۇ بەلكى، كەمىنە خىزمەتچىڭلارنى ئەيىب بۇيرۇمىغايسىلەر.

ھاسان ئۈن چىقارماي شۈك ئولتۇردى. ئۇ، باياتىن زەينەپكە دەپ پىكرىنى ئاماقچى بولغان، ئەخمەت ئۆمەر ئۇشتۇمتۇت كىرىپ قېلىپ بوغۇزىغا يۇتۇۋەتكەن گەپمۇ مۇشۇ ئىدى. ئۇ، بۇ گەپنى بۇرۇن ئاڭلىغان، لېكىن ئانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسۇن دېگەندەك قىلىپ جاۋاب بەرمەي كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بىر ئاز قاتاڭغۇر كەلگەن يۈزىدە خۇپسەنلىك قىلىۋاتقاندەك ساختا تەمكىنلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

زەينەپ خۇددى تامدىن تارشا چۈشكەندەك دېيىلگەن تۇيۇقسىز خەۋەرنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر ھاسانغا، بىر ئەلچىگە قاراپ قالدى. قىز ياتلىق قىلىش، ناۋادا ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك يەرگە بارغان تەقدىردىمۇ ئانا قەلبىدە بىر مەھەل چىدىغۇسىز پىغان قوزغايدىغان ئىش. شۇڭا ئەخمەتنىڭ سۆزى زەينەپكە گويا قۇلاق تۈۋىدە بومبا پارتلىغاندەك، غايىبانە بىر قول قاقشىتىپ تۇرۇپ يۈرىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۇغۇرۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تەسىر پەيدا قىلدى.

— دېھقان بولغاندا قايسى يېزىدىن ئىكەن؟ — زەينەپ بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ سورىدى.

— سۇلتان ئۆۋەيسىتىن.

— سۇلتان ئۆۋەيىس؟!

— بۇ يېزىغۇ سەل چەتتىرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نامرات، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى

قىيىن يەر، بىر ھېسابتا ھەرقايسىڭلارغا مۇۋاپىق يەر ئەمەس ئىدى، — دېدى ئەخمەت ئۆمەر گەپنى تەستە ئۇلاپ، — باللارنىڭ بىر-بىرىگە كۆڭلى بار دەپ ئاڭلىدىم، مۇشۇ تەرىپىنى دېمىسەم...

— ياق ئۇنچىۋالا دەپ كەتمەڭ، — ھاسان دەرھال گەپ قىستۇردى، — ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم، قېنى گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ، — بۇ سۆز ئەلچىگە ناخشا توغرىسىدىكى چاقچاقتا ئوخشاش يەنە بىر قېتىم يېقىندىكلىك ھېس قىلدۇردى.

— بۇنداق بولسۇن، — دېدى ھاسان ئەلچى گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ، — توي ئۆمۈر سودىسى، دېگەن گەپ بار. شۇنداق ئىكەن، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىپ ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن جاۋابىنى بېرەيلى.

— بۈگۈن مەن ئىشىك ئېچىشقا كەلدىم، ھازىرلا بىر نېمە دەڭلار دېمەيمەن. ئەمما دېھقان بولغان بىلەن ئوبدان يەر، ئوغلى ئوقۇتقۇچى. كۆز كەلگەندىن بېرى، ناھىيىمىزدە توي-تۆكۈن قىزىپ كېتىۋاتىدۇ. بايا مېنىڭ ناخشامنى ماختىدىڭلار، ھاكىمنىڭ تويىنى ناخشام بىلەن قىزىتسام دەيمەن. قىسقىسى خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلايلى، كەمىنە خىزمەتچىڭلارنى نائۈمىد قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

* * *

شۇ كۈنلەردە ئىلى ۋادىسىدا كۈزگى بۇغداي تېرىش ئالدىراش داۋام قىلماقتا ئىدى. قىزىنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق ئويلىنىش، مەسلىھەتلىشىش راستىنى ئېيتقاندا ھاسانغا ئېغىر توختىماقتا ئىدى. ئۇ، بەزىدە دوكلات ئاڭلاپ كۈن بويى يىغىندا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى، بەزىدە ئەتىگەندىن-كەچكىچە يېزىلارنى ئارىلاپ كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ باراتتى. يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول-ھوسۇل ئېلىش، تاۋار ئاشلىق سېتىپ بېرىشتە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيىلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، ئۈچ قارار ھاكىملىق يۈكىنى يەلكىسىگە ئارتقان خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۇنى تىنىم تاپقۇزمايتى. لېكىن غايىبانە ئېگىلىپ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتكەن سۇلتان ئۆۋەيسىلىك دېھقان سۇلتاننىڭ، ۋىسال مىنۇتلىرىغا تەقەززا ئىككى ياشنىڭ كۆڭلىنى ئويلىماي-ۇ بولمايتتى. ئۇ، كۆزدىن كەچۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كەچ تەرەپتە ئارا ئۆستەڭ يېزا ئارا مەھەللە كەنتىدىكى كىچىك دادىسى مەسۇمكامنىڭ ئالدىغا مەسلىھەتكە باردى.

ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە خېلى بولغانىدى.

— سېنى كۆرۈدىغان كۈن بولىدىكەن، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى مەسۇمكام ھاساننى ئۆيگە باشلىغاندىن كېيىن.

ھاسان ئۆيگە كىرىپ تىنچلىق-ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن مەقسىتىنى ئېيتتى:

— ساڭا مەسلىھەتكە كېلىۋىدىم، بىزنىڭ ھويلىغا چالما چۈشتى، — دېدى ئۇ.

— ۋۇششەرە، قايسى تەرەپتىن ئېتىۋاتىدۇ؟

— سۇلتان ئۆۋەيىستىن.

— قالتىس بالا ئوخشىمامدۇ نېمە، شۇنچە يىراق يەردىن - هە، دادىسى سۇلتان ئۇۋەيىسنىڭ شاگىرتىمىدىكەن؟

— ياق، دېھقان، — هاسان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

مەسئۇمكام ئىككەيلەنىڭ يىرىك قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىيپاپ گەپ قىلماي شۈك ئولتۇرۇپ قالدى.

— كونىلاردا «قىزىڭغا ئەلچى كىرسە ئىككى رەكەت شۈكرى نامىزى ئوقۇغىن» دېگەن گەپ بار، — ئۇ، هاساننى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ سالماق داۋام قىلدى، — خېرىدارىڭ بولمىسا زېبالىقىڭ نە ئەتتۇا، دېگەندەك خېرىدارسىز قىزغا ئاتا بولۇش ئىنسانغا نېسىپ بولمىغاي، بىراق سەن كىچىك ئادەم ئەمەس، دېھقان بىلەن قۇدىلىشىش يارىشارمۇ؟ چوڭ قىزىڭ بارغان يەر مانا بولىدۇ، قۇداڭ ئىلكى تولغان، تىكلىمە تاغاردەك ئادەم ئىكەن، كىشىنىڭ مەسلىكى كېلىدۇ. قامىتىگە يارىشا مەنسەپ - ئەمەلى بار.

هاسان سۇلتان ئۇۋەيىستىن ئەلچى كىرگەندىن بۇيان هەر خىل قاراش، هەرخىل مەسلىھەتلەرگە دۇچ كەلدى. لېكىن ئۇ، كىچىك دادىسىنىڭ ئۆزى دېھقان تۇرۇقلۇق دېھقاننى كەمسىتىپ گەپ قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

— دېھقان بىزنى يېتىلەپ تۇرغان يادرو كۈچ، مېنىڭ نەزەرىمدە ناهىيىمىزدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك تەبىقە، دېھقاننى مەنسىتمەسلىك تۇز كورلۇق قىلغانلىق بىلەن باراۋەر؛ مەن سىزنىڭ مۇنداق گەپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

مەسئۇمكام جىيەن ئوغلىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— دۇرۇس، كۆڭلۈمدىكى گەپنى تېپىپ ئېيتتىڭ، — ئۇ، هاساننى ئاشقا يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — بايىقى سۆزۈم كۆڭلۈمدىن چىققان گەپ ئەمەس، سېنى چېكىپ باققىنىم. دېھقان بىزگە ئاش - نان بېرىدۇ، شۇڭا دېھقاننى نانكور ئادەملا كەمسىتىدۇ، بۇنى چۈشەنگىنىڭگە مەن خۇش. سەن خەلقنىڭ ياخشى كادىرى بولۇشقا مۇناسىپ. كېلىن بالىغا مېنىڭ گەپلىرىمنى يەتكۈزگىن، توي بولىدىغان چاغدا خەۋەر قىلغىن، ئۆزۈم باش بولۇپ تۇرۇپ بېرىمەن.

* * *

هاسان شۇ كۈنى بىرقانچە يېزىلارنىڭ كۈزگى تېرىلغۇسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ناهىيىگە كەچ قايتتى. بۇ چاغدا كەچ سائەت ئون بولۇپ قالغانىدى. ماشىنىنىڭ ئۇنىنى ئاڭلاپ پېشايۋاندا زەينەپ پەيدا بولدى.

— نېمە بولدىڭىز، قەۋەتلا كەچ قالدىڭىزغۇ؟

— بۈگۈن ئۈچ يېزىنى ئارىلاشقا توغرا كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— قورسىقىڭىز قانداق؟ — ئۆيگە كىرگەندە سورىدى زەينەپ، — كورىدا تەييار تاماق بار، ئىسسىتىپ كىرەيمۇ؟

— ئارا مەھەللىدە لەگمەن يېدىم، بىر پىيالە ئىسسىق چاي ئىچەي.

زەينەپ ئاشخانا ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ھاسان كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ چاي تەييارلاشقا كېتىۋاتقان ئايالىنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ مۇنۇ بىر ئىشنى ئەسلىدى.

بىر كۈنى ھاسان ئىشخانىسىدا ھۆججەت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئىشىك چېكىلىپ ئىشخانىغا زىلۋا بىر قىز كىرىپ كەلدى. قىزنىڭ كىيىنىشى ئاددىي بولۇپ، گويا ئىچ-ئىچىدىن بىقىسىپ كۆيۈۋاتقاندەك قارامتۇل بىر جۈپ كۆزىدىن ئوت ئۇچقۇنداپ تۇراتتى.

— ناھىيىنىڭ ھاكىمى ھاسان پىدا دېگەن سىز بولامسىز؟ — سورىدى ئۇ ئىشىكتىلا تۇرۇپ.

— قېنى سۆزلەڭ قىزىم، قۇلىقىم سىزدە، نېمە گېپىڭىز بار؟ — ھاسان ئالدىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۈرۈپ قويۇپ قىزنى ئالدىدىكى كىرىسلوغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ تىڭشىدى. قىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگىنىگە بىر يىلچە بولسىمۇ، تېخىچە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنماپتۇ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئىكەن، ھاسان قىزنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىندى، ئۇنىڭ ئالدىغا ھال ئېيتىپ كەلگەن پەقەت مۇشۇ بىر قىزلا ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ قىزنى كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان سۆزلەر بىلەن خۇشال قىلىپ يولغا سالدى، ھۆججەتنى قايتا قولغا ئالدى-يۇ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىدى، قىزنىڭ جانغا پاتىدىغان سۆزلىرى، زەردىسى قۇلاق تۈۋىدە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، زېھنىنى چېچىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىرى ئىشنى قويدى. ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىش ئىشخانىسى، مائارىپ ئىدارىسىگە باردى ۋە كەچكىچە ئۇلاردىن ئەھۋال ئىگىلىدى.

كەچتە زەينەپ تاماقنى تەق قىلىپ جوزا تۈۋىدە ھاساننى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— بۈگۈن يەنە مەكتەپكە بارمىدىڭىزمۇ-نېمە؟ — دېدى ھاسان چوكىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

— دوختۇرغا بېرىۋىدىم، يەنە ئىسپىراپكا بەردى.

— دەرس ئۆتمەي دەم ئېلىۋاتقىنىڭىزغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟

ھاساننىڭ ئاۋازى غەلىتىرەك ئىدى. زەينەپ كۈتمىگەن ۋاقىتتا ئۇشتۇمتۇت ھادىسىگە يولۇققان ئادەمگە ئوخشاش گاڭگىراپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ مەن توغرۇلۇق بىرەر گەپ-سۆز ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— بىر ئىككى يىلدىن بېرى مەكتەپتىكى پائالىيىتىڭ ئاساسەن دوختۇرغا كۆرۈنۈش بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ھاسان ئايالىغا كۆيۈنگەن بىر قىياپەتتە زەن قويۇپ، — بۇ ھالىڭغا يەنە خىزمەت قىلىمەن دەپ ئىككى ئوتتۇرىدا لەيلەپ يۈرۈشىڭنىڭ مەنىسى قالمىدى، مېنىڭچە، ئەتىلا پېنسىيىگە ئىلتىماس ياز، ياشلارغا ئورۇن بوشات. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش بولۇپ قالسۇن.

ئاندىن ھاسان پىدا ئايالىغا ھېلىقى قىزنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

زەينەپنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىغا يەنە بەش - ئالتە يىل ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ ئۆز ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ قەتئىي رەت قىلغانمۇ بولار ئىدى - يۇ، لېكىن ھېلىقى قىزنىڭ ھالىغا خۇددي ھاسانغا ئوخشاشلا ئىچىنغانلىقتىن بۇ تەكلىپكە شۇ زامانلا ماقۇل بولدى. بۇ ھال ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى قەدىناسلىق مۇناسىۋەتنى يەنە بىر بالداق ئۆستۈردى. سۇلتان ئۆۋەيسىلىك دېھقانغا ماقۇل جاۋاب بېرىشتە ھاساننىڭ ئايالىنىڭ ئاغزىغا قارىشىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ يەردە. زەينەپ ئۆزىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ ھاساننىڭ خىزمىتىنى قوللىغان، ئۇنىڭ دادىل ئىشلىشىگە يول ھازىرلاپ بەرگەن يەردە، ھاسان زەينەپنىڭ ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئويلاپ بىمالال بىر قارارغا كېلىشىنى نېمە ئۈچۈن سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتمەيدىكەن؟!

ھاساننىڭ خىيالى بۆلۈندى، شۇ ئەسنادا زەينەپ بىر چۆگۈن چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. بۇ كېچە زەينەپ ھاسانغا ئورۇقلاپ، ئىلگىرىكىدىن كىچىكلەپ قالغاندەك، چىراغ نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنگەن چېھرىدىن يۈرەككە تەگكۈدەك غېرىبلىق چىقىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— تېخىچە ئۇخلىماپسەنغۇ، نېمە بولدۇڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟ — دېدى ھاسان چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ قويۇپ مېھرىبانلىق بىلەن.

— يەنە مۇشۇ يۇلتۇزنىڭ قەغىشى، بوۋامغا نېمە بولدى، بوۋام نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلمەيدۇ، — دەپ ئاۋارە قىلدى.

— يۇلتۇز بىلەن ھەپىلەشسەڭ ساڭا ئېغىر كېلىدۇ، نېمىشقا قۇدىلارنىڭكىگە ئاپىرىپ بەرمىدىڭ، ئۇ يەردىمۇ ماڭا ئوخشاش بىر بوۋىسى بار ئەمەسمۇ.

— ئاپىرىپ بەرسەم ئىز بېسىپلا قېچىپ كېلىدۇ، تۇۋا، — دېدى زەينەپ ئاۋازىنى مەنىلىك سوزۇپ، — ھېچ چۈشەنمىدىم، ھەممىلا ئادەم سېمىزگە يۈگۈرىدۇ - يۇ، يۇلتۇز ئورۇققا ئامراق. كىمگە تارتتىكىنتاڭ؟

ھاسان ئايالىنىڭ ئەستەرلىك گېپىدىن قىزىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ياخشى كۆرۈدىغان ئورۇق بوۋىسى — ماڭا تارتمامدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مانا مەن ئورۇق ئات — نامرات سۇلتان ئۆۋەيسكە خۇشاللىق بىلەن قىز ئۇزىتىمەن.

— بىر قارارغا كېلىپ بوپسىز - دە؟

— ئورۇق - توغقانلارمۇ ماقۇل بولۇشتى، سەنلا بىر نېمە دېسەڭ ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ، قېنى سەنمۇ بىر نېمە دە، ماقۇل دەمسەن - يوق، يېزىنى شەھەردىن، دېھقاننى كادىردىن، مەنسەپداردىن پەس كۆرەمسەن - يا؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىم، مەن قاچان سىز بىلەن باشقىچە قاراشتا بولغان؟ ئوقۇتقۇچىلىقىمدىن مەزگىلسىز كەچتىم. تەشكىلنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ، مائاشىمنى ئۆستۈرۈپ ئۆتۈشۈم تامامەن مۇمكىن ئىدىغۇ، بىرىنچىدىن مۇنداق قىلىشنى توغرا تاپمىدىم، يەنە بىر جەھەتتىن سىزنى ئاسرىدىم. بىراق سۇلتان ئۆۋەيس بەكمۇ

www.uyghurkitap.com

نامرات يېزا. «ئەل تويمغۇچە ئەر تويماس»، بالا ھەرەج تارتىپ قالامدىكىن دەپ...

— ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىدا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم زور، سۇلتان ئۆۋەيىسنى كۆڭۈل قويۇپ تۇتالمىدىم، ئاممىغا ئىشىنىشىڭ كېرەك، سۇلتان ئۆۋەيىس جەزمەن قەد كۆتۈرىدۇ.

ئۇلار ئاخىرى بىرلىككە كېلىشتى. ئىككى كۈندىن كېيىن كەچ تەرەپتە سۇلتان ئۆۋەيىسكە ئېلىپ بارىدىغان تاشيولدا پۈتكۈل ئابرال ئېتەكىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ناخشا ساداسى ياڭرىدى. ئەلچى ۋە ناخشىچى ئەخمەت ئۆمەر ھاكىمنىڭ ماقۇل جاۋابىنى ئېلىپ، خۇشاللىقىدا ناخشا ئېيتىپ سۇلتان ئۆۋەيىسكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

* * *

ھاسان سۇلتان ئۆۋەيىسكە غەمخورلۇق روھىدا مۇئامىلە قىلاتتى. چولىسى تەگسىلا ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي سۇلتان ئۆۋەيىسكە كېلىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلاتتى ياكى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئەقىل ـ چارە، تەدبىر كۆرسىتەتتى. سۇلتان ئۆۋەيىسنىڭ ئېگىلىك قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشتە، غولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاشلىنىپ ياز بويى قاغجىراپ ياتقان يانتۇلۇقلاردا قەد كۆتۈرگەن ئورمان، مېۋىلىك باغلاردا، يار ـ يۆلەك پۈلىنى تېرىك مالغا ئايلاندۇرۇش ۋە تېز راۋاجلانغان مەھەللە ئىچى چارۋىچىلىقىدا ھاساننىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، پىكىر ـ مەسلىھەتى ۋە تۆھپىسى ئۆزۈكنىڭ كۆزىدەك جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ.

سۇلتان ئۆۋەيىسلىكلەر يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى بىلەن تارماق بانكا قۇرۇلۇشىدا مەبلەغدىن قىينالدى، قۇرۇلۇشنى باشلاپ قويۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي بېلىدىن كەتتى. بىرەر چارە تېپىلمىسا قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈشى بىر ياقتا تۇرسۇن چىشىنىڭ كاۋىكىغا يىغىپ توپلىغان ئاشۇ كىچىككىنە پۇلمۇ شامالغا ئۇچۇپ كېتەتتى. يېزا باشلىقى خەيرۇللام سامانىدەك سارغىيىپ ھال ئېيتىپ بارمىغان يەر قالمىدى. بارغانلا يېرىدە تامغا ئۇسۇپ لېۋىنى چىشلەپ قۇرۇق قايتىپ كېلەتتى. باشقا يېزا ـ مەيدانلار يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا كۆپ ئالدىدا ئىدى. سۇلتان ئۆۋەيىستە بولسا پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت ئىشخانىسى تورماق كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغانلار چۈشىدىغان مېھمانخانا، ئاشخانا ھەتتا تۈزۈكرەك ماگىزىن، ساتىراشخانا دېگەنگە ئوخشاش نېمىلەرنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ياق، سۇلتان ئۆۋەيىسمۇ قۇرۇلۇش قىلىشى كېرەك. ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمىسا ئۇنى قانداقمۇ بىر يېزا دەپ ئاتىغىلى بولسۇن!

ھاسان ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ، ئالاقىدار ساھەلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سۇلتان ئۆۋەيىسكە يەرلىك مالىيىدىن يىگىرمە مىڭ يۈەن ئاجرىتىشنى بېكىتتى ۋە بۇنى دەل جايىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئېلىپ چۈش مەزگىلىدە سۇلتان ئۆۋەيىسكە كەلدى.

خەيرۇللام ھاكىمنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن پومزەكتەك قاڭقىپ كەتتى، ئۇ مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپ قويۇپ ئۇياق ـ بۇياقتا يۈگۈرىدى، كادىرلارغا خەۋەر قىلدى،

مېھمانلار ساراي ئۆيىنىڭ تۆرىدە، قېلىن كۆرپىنىڭ ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. بىر پەستە دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىن بىرىنىڭ بىر قوينى يېتىلەپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالغان ھاسان ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى، ئۇ يەردە بولسا بىر دېھقان يىگىت يېڭىنى شىمايلاپ يوغان بىر قوينى يىقىتىپ پۇتىنى باغلاۋاتاتتى. خەيرۇللام ئاللىنېمىلەرنى دەپ قوينىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى.

— خەيرۇللام بۇ نېمە ئىش، بىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەي نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — ھاسانىنىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.

— قورساق ئاچىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ھەمىشە قۇرۇق ئىچىز قايتامسىلەر؟

— بىز قوي يېگىلى، ئۆزىمىز تەستە قىلغان پۇلغا ئويناپ كۈلگىلى كەلمىدۇق، بۇنداق قىلغىلى تۇرساڭلار نامراتچىلىقتىن قاچان قۇتۇلىسىلەر، قوينىڭ پۇتىنى يېشىۋېتىڭ، ئايالىڭىز ئەتكەن چايغا قانداق؟

— بىزنىڭ ئايال چايخۇر، ئىككى كۈنلا شاما چايىنىمىسا ئاغرىۋاتىمەن دەپ بېشىنى چېكىلەپ ئورۇن تۇتۇپ ياتىدىغانلاردىن.

— ناھايىتى ياخشى، بىزگە بىر چىنىدىن ئەتكەن چاي بەرسەڭلار بولدى. بارىدىغان باشقا يېرىمىز بار، ئۆزىمىز مۇسەھرانىڭ قۇم چۆگۈنىنى، مەنگەن چوغدا ئۆرلىتىپ ئەتكەن قايماقلىق چايلىرىنى سېغىندۇق.

ھاسان دېگىنىنى قىلدى. بۇ ئىش ئۇزۇن ئۆتمەي خەيرۇللامنىڭ ھويلىسىدىن كوچىغا، مەسچىتكە، جامائەت سورۇنلىرىغا يېيىلدى.

جامائەت مەسچىتنى تولدۇرۇپ بامدات نامىزى ئوقۇۋاتاتتى. نامازدىن كېيىن دېھقان سۇلتان جامائەتكە ناھىيە ھاكىمى ھاسان بىلەن قۇدىلاشقانلىقىنى، ئۇنىڭ قىزىنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى، توي كۈنى ئارىلىقىنى يىراق كۆرمەي يۇرت چوڭلىرىنىڭ ناھىيىگە بېرىپ تويغا قاتنىشىپ بېرىشىنى ئېيتتى. ھاسانىنىڭ ئۆزىنى ئاددىي خەلققە بېغىشلىغان پەزىلىتى سۇلتان ئۆۋەيىس ئۈچۈن سىر بولمىسىمۇ، كۆپچىلىك يەنە بۇ ئىشتىن تەسىرلىنىپ تاغ سۈيىدەك دولقۇنلىنىشتى.

— ناھىيىنىڭ ئامبىلىنىڭ ئالدىغا قورقماي قانداقمۇ ئەلچى ئەۋەتتىڭ ھوي پۇرۇم چوقاي، — دېدى مەسچىتتىن يېنىپ سۇلتاننى ئوراپ كېتىۋاتقان توپنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ.

— ئېسىل چېغى، كىبىر كۆرسەتمىدى.

— مۇھىتى سۇلتان ئۆۋەيىسلىك يىگىت نوچى، — لوقما سالدى بىرەيلەن، — ھاكىمنىڭ قىزىنى قولغا كەلتۈرۈۋاپتۇ.

— تاغ سۈيى ئىچىپ چوڭ بولغان يىگىتتە، يۇرتىكى بېجىرىم، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنسە ۋالىينىڭ قىزىغىمۇ قوش سالىدۇ جومۇ بىزنىڭ سۇلتان ئۆۋەيىسلىكلەر.

كالاچىنى پۇتىنىڭ سوكىغا ئۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان، مازارنىڭ شېيىخىغا ئوخشاش توپا چىراي، دۇمچەك بۇ ئادەمنىڭ چاقچىقى كۆپچىلىكنى قاتتىق كۈلدۈردى.

www.uyghurkitap.com

تويى كۈنى سۇلتان ئۆۋەيسىلىكلەردىن بىرنەچچەيلەن تاھىيگە باردى، ھاسان ھاكىم دېھقان سۇلتان بىلەن بىللە مېھمان ئۇزاتتى، ھاسان بۈگۈن توي قىلدۇراتقانلىقىغا قارىماي ئاددىي كىيىنگەن ئىدى. ئۇ كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، كالستۇك تاقاشنى نېمە ئۈچۈندۇر ئادەت قىلالمىدى، زوُرۇرىيەتتىن كىيگەن چاغلاردا تېنى قوروُنۇپ، گويا ھەممىسى سىنچىلاپ قاراۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ئالماشتۇرۇشقا ئالدىرايتتى. قاچانلا قارىسا ئۈستىدە ئاددىي تۇجۇركا، بېشىدا شەپكە بولۇپ، ئۇ، رەھبەردىي كادىرغا قارىغاندا رەتلىك كىيىنىپ، تېتىك يۈرۈشنى ئادەت قىلغان دېھقانغا ئوخشايتتى. شۇڭا دېھقان سۇلتان ئەمەلدار قۇدىسى بىلەن تونجى قېتىم بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئۆزىنى ئەركىن تۇتتى.

ئەرلەر ئۇزاپ بولدى. نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن دېھقان سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ ھاساننىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئىككى قولنى كۆكسىدە جۈپلەپ تۇتۇپ:

— «دىدار غايىب ـ نىكاھ غايىب» دېگەن مانا مۇشۇ ھاسان ئەپەندى، ھاكىمغا قۇدا بولۇش خىيالىمدا يوق ئىش ئىدى. ئەمدى ئىشنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغاي، — دېدى.

— ئەنمۇ باللارنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى، ئۆيىنىڭ ئۆي بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— سىلى دېگەن يۇرت ئاتىسى، باردى ـ كەلدى قىلىشىدىغان يەرلىرى كۆپ، ئەتە بىز تەرەپتىكى چىللاقىقا تولۇق بېرىشىپ بېرەلا، يۇرت ئىشىكى كەڭ، بۈگۈن كەم قالغان يەرلەرنى تولۇقلاپ كېتەرمىز.

شۇ ئارىدا يېزا باشلىقى خەيرۇللام ھاكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مېھمانلارنى قورقماي تولۇق ئاپىرىۋېرىڭ، كەمبەغەللىنىڭ كۆڭلى توق، سۇلتان ئۆۋەيىس ئالدىڭىزغا چىقالايدۇ، — دېدى.

* * *

ئىككى تەرىپىنى تاغ قورشاپ تۇرغانلىقتىن سۇلتان ئۆۋەيىستە بالدۇر كەچ كىرەتتى. قىز كۆچۈرگەن ماشىنىلار كەچ سائەت سەككىزلەردە سۇلتان ئۆۋەيىسنىڭ غەربىي-جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئېگىز دۆڭ — قىزىل ئۆتەلنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. ماشىنىنىڭ ئۆتكۈر چىراغ نۇرى غولىنىڭ ئىچىدىكى مەھەللىنى، قاراڭغۇلۇقنى پىچاقتەك كېسىپ ئۆتۈپ قارشى تەرەپتىكى تاغ قاپتىلىنى يورۇتتى. قاپتال ئاستىدا گويا توي تەنتەنىسىگە جور بولۇپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى چىراغ نۇرىدا ئالماستەك يالتىرىدى. سۇلتان ئۆۋەيىسلىكلەر قەدىمدىن داۋام قىلىپ كەلگەن ئادەت بويىچە قىز ئۆتىدىغان يولنىڭ بىر، ئىككى يېرىگە گۈلخان ياقتى. قىقاس ـ چوقان، ئۇشقىيتىشلار دەريادەك گۈرۈلدەپ قىزنىڭ يىغىسىنى بېسىپ كەتتى. ھەممىسىنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، ھەرىكىتى ۋە گەپ ـ سۆزىدىن توي شادلىقى تاشقىنلاپ تۇراتتى. توي ئېشى تارتىلىپ بولغاندىن

كېيىن ھاسان كەلگەن ھەمراھلىرى بىلەن قايتىشقا تەرەددۇت قىلىشىۋىدى، ئۇنى بىرى چاقىرىپ قالدى.

— نېمانچە ئالدىراش، گەپ بار، توختاڭ ھاسانكا.

ھاسان كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەلچى ئەخمەت ئۆمەرنى تونۇدى.

— ھە ئەخمەت، نېمە بولدى، ھاسىراپ كېتىپسىزغۇ؟

— ناھىيىدىن كەلگەنلەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت بوغالتىرىنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، ساھىبخانىنىڭ يەنە ئازراق كۆڭلى بار ئوخشايدۇ.

— يەنە نېمە گەپ ھەممەيلەن ئۇزاپ بولۇپ، يۇرت بىلەن خوشلىشىپ چىقتۇقغۇ؟

— بۇ ھېساب ئەمەسكەن، ئايرىم كۈتكۈدەك، — دېدى ئەلچى ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىنى شەرھلەپ، — تەييارلىقى كاتتا، بىر - ئىككى ئۆيگە يۆتكىلىپ ئولتۇرىدىغانىنىڭ كېپىنى قىلىشىدۇ، چارۋىچىلىق كادىرى قازىنىغا ئوت يېقىپ قويۇپتۇ. بىر دولۇققا ماقۇل دەڭا ھاسانكا، سادىر پالۋاننىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن، تويىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرايلى.

ھاساننىڭ خىيالىدىن يەنە ئالىلقانداق ئىشلار ئۆتتى، ئۇ، تويىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇپ كېتىشىدىن، نامراتلىقتا سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان ھالەتتە تۇرغان سۇلتان ئۆۋەيسىتە يامان تەسىر پەيدا قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيتتى. ئەلچىدىن ئىشلارنىڭ باشتا كېلىشكەندەك بولغان - بولمىغانلىقىنى، دېھقان سۇلتانغا بېشىم بولغان - بولمىغانلىقىنى، ئاتئايلىخانغا، يول سارىخانغا دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارنىڭ بولغان - بولمىغانلىقىنى سورىدى. مۇشۇ ئىشلاردىن بىرەرى بولغان بولسا ئۆزىگە ۋەكالەتەن تۈزىتىشىنى، كۆڭۈل سوراپ قويۇشنى ئېيتتى.

— قايتا مېھمان بولۇشنى كۆڭلىمىز كۆتۈرمەيدۇ، — دېدى ئۇ ئەسلى گەپكە قايتىپ كېلىپ، — توي قائىدىسىدە بۇ ئارتۇقچە ئىش، ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىپ قويۇڭ، بىز ھېلىمۇ ئاز ئاۋارە قىلمىدۇق ئەخمەت.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ھاسان ناھىيىدىن كەلگەنلەرنى قايتىشقا ئالدىراتتى، تازا خاتىرجەم بولالمىدىمۇ ھەممىسىنى ئالدىغا سېلىپ ئۆزى ئارقىدىن ماڭدى. بوغالتىرنىڭ ئۆيىدىكى داستىخان سېلىقلىق پېتى، چارۋا كادىرىنىڭ ئۆيىدىكى قازان قايناقلىق پېتى قالدى.

بۇ ئىش ھەش - پەش دېگۈچە توي سورۇنىغا يەتتى. پۈتۈن مەھەللىگە يېيىلدى، خەلق تەسىرلەندى، ھاكىمنىڭ ئۆتكەن ئىشلىرىنى، يېزا باشلىقىنىڭ پىچاقىنى كېلىدىغا ئاپىرىپ بولغان قويىنى يەشتۈرۈپ قويدۇرۇۋەتكەنلىكىنى قوشۇپ ھېكايە قىلىشتى. ئۇنىڭ ياخشى پەزىلىتى سۇلتان ئۆۋەيسىنىڭ ئۇنۇمسىز تۇپىسىغا باھار يامغۇرىدەك سىڭىپ قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

ئەخمەت ئىمىن

# سەن مېنىڭ چۈشۈم

(نەسر)

گۈلزارىڭدا ھەممە چېچەكلەر ئېچىلىپتۇ، لېكىن مەن ئارزۇ قىلغان لەيلىلا يوق؛ ئاسمىنىڭدا ھەممە يۇلتۇزلار پارلايدۇ، لېكىن مەن تەلپۈنگەن چولپانلا يوق!

سەن ھەممە نەرسىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمىدىڭ؟ سەن ئۈچۈن ئېگىز ئاسمانمۇ، چوڭقۇر ئوكيانمۇ ئارا تام قوشنامىنىڭ ئۆيىدەكلا يېقىن ئىدىغۇ؟ سەن خالىساڭ چۆلنى گۈلىستان كۆرسىتىسەن، خالىساڭ ئېگىز چوققىلارنى ئويمانلىققا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيسەن. خالىساڭ ئادەمنى مەخلۇق، مەخلۇقنى ئادەم قىلىۋېتەلەيسەن. پۈتۈن تەبىئىيلىكلەرمۇ، پۈتۈن غەيرىلىك ۋە غەلىتىلىكلەرمۇ ساڭا مۇجەسسەم قىلىنغان. سەن ھەم پۈتۈن يوقلۇقنى بار قىلغۇچى، ھەم پۈتۈن بارلىقنى يوق قىلغۇچى. سەن زامانىڭمۇ، ماكانىڭمۇ چەكلىمىسگە ئۇچرىمايسەن.

سەن شۇ قەدەر قۇدرەتلىك، شۇ قەدەر ئەركىن!

نېمىشقا شۇ قۇدرىتىڭنىڭ شاراپىتىنى، شۇ ئەركىڭنىڭ كارامىتىنى ماڭىمۇ كۆرسەتمەيسەن؟

نېمىشقا سېنىڭ گۈلزارىڭدا مېنىڭ گۈلۈم يوق؟

نېمىشقا سېنىڭ ئاسمىنىڭدا ئايىم يوق؟ نېمىشقا؟ نېمىشقا؟

مەن پات - پات چۈشلىرىمگە مۇشۇنداق خىتاپ قىلىمەن. لېكىن چۈشلىرىم مېنىڭ ئارزۇيىمغا باقمايدۇ. ئادەم ئارزۇ قىلغىنىنى چۈشىدە كۆرەلمەمدىغاندۇ؟ بۇ مېنىڭ ئۇنى دائىم ئويغۇمدا كۆرۈپ يۈرگىنىم ئۈچۈنمىدۇ، يا؟ توۋا...

توۋا، مەن ئۇنى قانداق ياخشى كۆرۈپ قالدىم. راست، ئۇ ناھايىتى ياخشى. لېكىن ئۇنى ياخشى دېيىش بىلەن ياخشى كۆرۈش ئارىلىقىدىكى پەرق ناھايىتىمۇ زور ئىكەنغۇ. مەن ئۇنى ياخشى دېگەن چاغلىرىمدا ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەركىن مۇئامىلە قىلاتتىم، كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراۋېرەتتىم، خالىغان سۆزلىرىمنى دەيتتىم، ھەتتا قوللىرىنىمۇ تۇتاتتىم. ئەمدىچۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىسام، خۇددى چاقناپ تۇرغان كۈنگە قاراپ سالغاندەك كۆزلىرىمنى تېز ئېلىپ قاچىمەن. ئويلىغانلىرىمنى دەي دېسەم، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى يېڭى تىلى چىققان بالىدەك دۇدۇقلايمەن؛ قوللىرىغا قولۇم تېگىپ كەتسىمۇ خۇددى توك ئۆتكەندەك ھۇجەيرە - ھۇجەيرىلىرىمدىن جۇغۇلدايمەن. توۋا، بۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ كارامىتىمىدۇ؟

قايسى كۈنى بازاردا كېتىۋاتاتتىم. ئەتراپ ماشىنىلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىدىن قۇلاق گاس بولۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. تۇيۇقسىز چاقىرغان يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ مەن ئۈچۈن تۈمەنمىڭ ئاۋازنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان، ھەرقانداق توسقۇننى بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغان ئاۋاز ئىدى. دەرھال ئۇنىڭ تەرىپىگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. يولنىڭ نېرىقى چېتىدە، مەندىن ئون-يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا ئۇ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق قارىشىم بىلەنلا ماڭا پۈتۈن ئەتراپ — ئادەملەرمۇ، ماشىنا، ۋېلىسىپىتە ھارۋىلارمۇ بىراقلا قېتىپ قالغاندەك، بۇ يەردە ھاياتنى كۆرۈنۈشتە شۇ، پەقەت شۇلا تۇرۇۋاتقاندەك بىلىندى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، ماڭا كىم ۋە نېمىلەر سوقۇلۇۋاتىدۇ، ئۇرۇلۇۋاتىدۇ، بىلمەيمەن. شۇ تاپتا مېنىڭ نەزەرىمدە پەقەت شۇ، شۇلا مەۋجۇت. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشىم بىلەن ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «قۇلىقىڭىز ئاجايىپ ئىتتىككىنا، بوشلا چاقىرىۋىدىم، دەررۇ ئاڭلىدىڭىز» دېدى. مەن كۈلدۈم، جاۋاب قايتۇرمىدىم، لېكىن يۈرىكىمدە بىر جاۋاب نىدا قىلدى: «سادايىڭنى قۇلىقىم ئەمەس، يۈرىكىم ئاڭلىدى، يۈرىكىم!». شۇنداق، سەن بىرسىنى ياخشى كۆرسەڭ، يۈرىكىڭ بەكمۇ سەزگۈرلىشىپ كېتىدىكەن. شۇ تاپتا مەن خېلى بىر يەرلەردىن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭسام بارمايدىغان يەرگىمۇ بارغۇم كېلىدۇ. ئۇ بولمىسا بېرىشقا تېگىشلىك يەرلەرگىمۇ كۆڭلۈم تارتمايدۇ. گويا مەن كۆزگە كۆرۈنمەس بىر يىپقا باغلىنىپ قالغان، قاياققا مېڭىپ، قەيەردە تۇرۇشۇمنى ئاشۇ يىپ تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. ئۇنى كۆرمەي قالغان چاغلىرىم ئۇ ماڭىدىغان يوللارغا قارايمەن، ماشىنىلىق كېلىۋاتامدىكىن دەپ ماشىنىلارغا قارايمەن، ھارۋىدا كېتىۋاتامدىكىن دەپ ھارۋىلارغا قارايمەن، ۋېلىسىپىتلىك كېتىۋاتامدىكىن دەپ ۋېلىسىپىتلەرگىمۇ قارايمەن. خۇددى يولدىكى ھەممە نەرسە ئۇنى ئېلىپ كېلىدىغاندەك، ئۇنىڭ ئۇچۇرىنى يەتكۈزىدىغاندەك ھەممە نېمىگە قارايمەن.

بىر كۈنى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا خىيالغا چۆمۈپ تۇرۇپ قاپتىمەن. بىرى: «ئەجەب تۇرۇپ كەتتىڭغۇ، ئاداش؟» دەپ قالدى. قارىسام قوشنام. «ئۆزۈمچە تۇرۇپ قاپتىمەنغۇ تاڭ» دېدىم. لېكىن بۇ جاۋابىم يالغان ئىدى. بۇ مېنىڭ ئۆزۈمچە، ئۆز ئىختىيارىمچە تۇرۇپ قالغىنىم ئەمەس. ئاجايىپ سېزىملىرى بىلەن گاھىدا سېنى پەردەك ئۇچۇرۇۋېتەلەيدىغان سۆيگۈ سەۋداسى بەزىدە سېنى تۇرغان جايىڭدا ھەيكەلدەك قاتۇرۇپمۇ قويىدىكەن. مۇشۇنداق چاغلاردا سەن ئۆزۈڭنىڭ سۆيگۈنىڭ سەمەرىسى ھەم ئۆز نۆۋىتىدە سۆيگۈنىڭ قولى ئىكەنلىكىڭگە تەن بېرىدىكەنسەن. مەن قول دېگەن سۆزنى بەكمۇ يامان كۆرەتتىم. ئۆزۈمنى ئالاھىدە يۇقىرى چاغلىمىساممۇ، لېكىن ھېچكىمدىن تۆۋەن قويغۇم كەلمەيتتى. ئەمدىچۇ، ئەمدى نېمە بولدۇم؟ مەن ئاجايىپ بىر سېزىمنىڭ قولى. ئۇ ئىدارە قىلىدۇ، مەن بويسۇنىمەن. ئۇ يۈرىكىمنى تاتلىق غىدىقلايدۇ، مەن يايرايمەن. ئۇ يەنە يۈرىكىمنى ئازابلايدۇ، مەن قاقشايمەن. ئۇ سېزىم مېنى تەلپۈندۈرىدۇ، تەلمۈرتىدۇ، زارىقتۇرىدۇ، مەن تەلپۈنۈپ ئۆتىمەن، تەلمۈرۈپ ئۆتىمەن، زارىقىپ ئۆتىمەن. مەن گويا سۇسىز قالغان بېلىق، لېكىن ئالدىدىلا تۇرغان مۇھەببەت ئوكيانىغا يېتەلمەيمەن؛ مەن گويا قانىتى يېتىلگەن قۇش، لېكىن ئۈستۈمدىكى سۆيگۈ ئاسمانىغا ئۇچالمايمەن؛ مەن گويا يۈرىكىدە تۈمەنمىڭ كۈي بولۇقلاپ تۇرغان كۈيچى قۇش، لېكىن سايراي دېسەم ئاۋازىمنى چىقىرالمايمەن...

تووا، مەن زادى نېمە بولدۇم؟ قېنى مەندىكى جۇرئەت ۋە دادىللىق؟ مەن زادى نېمىشقا ئۇنىڭغا يۈرىكىمدىكىنى ئىزھار قىلالمايمەن؟ نېمىشقا؟ نېمىشقا؟

ئاھ، چۈشلىرىم، چۈشلىرىم.

ماڭا شەپقەت قىل!

گۈلىستانىڭدىن مەنمۇ ئۆز گۈلىستانىمنى كۆرەي. ئاسمىنىڭدىن ئارزۇ قىلغان ئايىمنى كۆرەي.

مېنى بۇلبۇل سۈرىتىگە كىرگۈز، ئاشۇ لەيلىمنىڭ شېخىغا قونۇپ مۇڭزارىمنى تۆكەي.

مېنى كۈمۈش بۇلۇت تۇسىگە كىرگۈز، ئاشۇ ئايىمنى قۇچاقلاپ لېۋىگە سۆيەي.

مەن قانچە نىدا قىلساممۇ چۈشۈمدە يار ۋىسالىغا يېتەلمىدىم. ئوڭۇمدا يېتىشىم ئۈچۈن ماڭا ناھايىتى زور غەيرەت ۋە جۈرئەت كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ نەرسىلەر مەندە تېخى يېتىلمىدى. لېكىن سۆيگۈ ئىلاھى قۇدرەتلىك ئىكەن. مەن ئاخىر ئۆزۈم كۈتكەن نەرسىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بايقىدىم. سۆيگۈ ئىلاھى ماڭا سالغان كوينى ئاخىر ئۇنىڭغىمۇ سالدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئوچقۇن چاقنىدى، مېنىڭ چوچۇلە بولغان يۈرىكىم چاراسلاپ ياندى.

ئۇ ئىلتىجا بىلەن تىكىلدى، تىزلىرىم ئىختىيارسىز روكوغا پۈكۈلدى.

ئۇ ئاغزىنى ئۆمەللىدى، مەنمۇ ئۆمەللىدىم، لېكىن ئىككىمىزلا گەپ قىلالمىدۇق. ئۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. مەن دەررۇ يەرگە قارىۋالدىم. لېكىن بۇ چاغدا مېنىڭ يۈرىكىممۇ قار ـ يامغۇر يىغلاپ بولغانىدى ئاھ، يۈرەكتە يىغلاشنىڭ دەردى يامان ئىكەن. ئۇ سېنى ئىچىڭدىن تۆكتىندىكەن، تۆكتىندىكەن!

چۈشلىرىم، چۈشلىرىم.

ماڭا شەپقەت قىل!

لەيلىمنىڭ ئالدىدا پۇخادىن چىققۇدەك يىغلىۋالاي، ئايىمنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى دەردتىن ئازاد قىلاي، مېنى ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتكۈز، ئۇنى باغرىمغا ئالاي ھەم باغرىغا قاناي.

چۈشلىرىم ماڭا شەپقەت قىلمىدى. ئېنىقكى بۇ تەقدىرنىڭ ئوڭۇمدا ماڭا قىلغان شاپائىتىنى ئاجىزلىق قىلىپ رەت قىلغىنىمنىڭ مۇكاپاتى ئىدى. مەن نېمىشقا ھېلىغىچە لەيلىمنى سېغىنىمەن، ئايىمنى سېغىنىمەن؟ نېمىشقا؟

ئاھ، چۈشلىرىم، چۈشلىرىم!

ماڭا لەيلىمنى كۆرسەت. ماڭا ئايىمنى كۆرسەت!

مەن ئۇنىڭغا يۈرىكىمدىكىنى ئېيتاي! پۇشايمىنىمنى ئېيتاي!

چۈشلىرىم يەنىلا مېنىڭ يېلىنىشلىرىمغا قۇلاق سالمىدى. چۈنكى ئۇ ھەقلىق ئىدى.

مەن ھازىر نېمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن، ئالدىمغا ماڭىمەن، كەينىمگە يانىمەن، ئۆيگە كىرىمەن، كوچىغا چىقىمەن. مەن ئۇنى ئىزدەيمەن، ئۇنى ئىزدەيمەن!

ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتتى. بىر كۈنى تاغقا چىقتىم. بۇ شەھەردىكىلەر سەيلە قىلىش ئۈچۈن چىقىدىغان تاغ ئىدى. يېنىمدا ئىككى بالام بار، بىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن پىچاقنىڭ بىسىدەك تىك يار تەرىپىگە، يەنە ئەڭ ئېگىز چوققىغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ چوققىغا ئادەملەر كەمدىن كەم چىقاتتى. چۈنكى بۇ يەردىن

پەسكە قارىسا ئادەمنىڭ پۈت ـ قولى تۈرماق يۈرىكىمۇ سىرقىرايتتى. مەن باللىرىمنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتۇم. چوققىغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇ يەرنىڭ نەق گىرۋىكىدە بىرىنىڭ ئولتۇرغانلىقى دىققىتىمنى تارتتى. ئەجەب خەتەرلىك يەردە ئولتۇرۇۋاپتۇ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. مەن ئۇ يەردىن كۆزۈمنى ئۈزمەي كېلىۋاتىمەن. بارا ـ بارا ئۇنىڭ ھاۋا رەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان ئايال ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. يېنىدا ــ ئوغلى بولسا كېرەك، سەككىز ـ توققۇز ياشلاردىكى بىر بالىمۇ ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ، غەرب تەرەپ كەچكى شەپەققە چۆمگەنىدى. گۈگۈم پەردىسىگە تېخى تولۇق ئورىنىپ ئۈلگۈرمىگەن ئاسماننىڭ قارامتۇل كۆكۈچ رەڭگى ئالدىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆڭلەكنىڭ ئوچۇق ھاۋا رەڭلىكى تولىمۇ پاكىز ۋە نەپىس كۆرۈنەتتى. بۇلۇتسىز ئاسمانغا ھەۋەس بىلەن تولا قارايدىغانلىقىمدىنمۇ ياكى ئۇ رەڭ ماڭا كىمنىدۇر بىرىنى ئەسلىتىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ھاۋا رەڭ كۆزۈمگە بەكمۇ يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. مەن ئاجايىپ بىر ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرىمەن. تۇيۇقسىز ئۇ بېشىنى سەل يانغا بۇرىۋىدى، يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ... ئۇ... مەن ئۇنى كۆردۈم. ئۇ چۈشۈمدىمۇ، ئويغۇمدىمۇ دىدارىنى ماڭا كۆرسەتمىگەن، لېكىن روھىمنى باشتىن ـ ئاياغ غالىبلارچە ئىستېلا قىلىپ ياتقان ھېلىقى لەيلىم ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ مەن ئىزدىگەن، مەن تەلپۈنگەن مېنىڭ ھېلىقى ئايىم ئەمەسمىدى. نېمىشقا مەن ئۇنى ئىچىرقىغان باغرىمغا باسمايمەن؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا پۇشايمانلىق كۆز ياشلىرىمنى تۆكمەيمەن؟ نېمىشقا ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىمايمەن؟...

مەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بالىغا قارىدىم. بالىمۇ ناھايىتى ئويچان ۋە غەمكىن كۆرۈنەتتى. قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

مەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا چوئوغلۇم بىلىكىمدىن تارتىپ: «دادا، ئۇخلاپ قالدىڭمۇ، نېمە؟» دېدى. مەن بالامغا قاراپ كۈلدۈم. بۇ ناھايىتى ئاچچىق كۈلكە ئىدى. راست، ــ دېدىم ئىچىمدە، ــ مەن ئۇخلاۋاتىمەن، بالام. مەن چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئۇنى كۆردۈم. لېكىن ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىكەن، خۇددى ماڭا ئوخشاشلا. سەن تېخى مېنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويغاق دەپ يۈرەمسەن؟ مەن بۇ يورۇق ئالەمدە ئۇخلاپ ئۆتۈۋاتقان بەندە. مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىم چۈش، ئۇ مېنىڭ ھاياتىم، مېنىڭ چۈشۈم!

مەن باللىرىمنىڭ تارتىشى بىلەن كەينىمچە كېتىۋاتىمەن. ئۇ يەنىلا يۈكسەك چوققىدا لالىدەك شەپەقنىڭ قۇچىقىدا تاۋلىنىپ ئولتۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن يىراقلاشقانسېرى ئۆزۈمنى تولىمۇ تۆۋەن ھېس قىلدىم. لېكىن بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ چۈشۈم ئاياغلاشمىدى. مەن ھېلىھەم پات ـ پات چۈش كۆرىمەن. چۈشلىرىمدە نىدا قىلىمەن:

ئاھ، لەيلىم ــ قەلب گۈلزارىمنىڭ تۇزىماس گۈلى!
ئاھ، ئايىم ــ ھېسسىيات ئاسمىنىمنىڭ نۇرلۇق ساھىبى!
مەن سېنى ئۇنتۇلمايمەن!
سەن مېنىڭ ھاياتىم!
سەن مېنىڭ چۈشۈم!

مەسئۇل مۇھەررىر: كامىل تۇرسۇن

ئابدۇراخمان قاھار

# ھايات سىرى

(روماندىن پارچە)

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ھايات سىرى» ناملىق يېڭى رومانى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرگە بېرىلدى. پات ئارىدا جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا كىتابخانلارغا روماندىن پارچە سۇندۇق.

مۇھەررىردىن

## 43

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كېچىلىرىنىڭ بىرى. ھاۋالىق ياز كېچىسىنىڭ گۈزەللىكى ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ، گۈزەل ئارزۇلارنى ئويغىتىدۇ، شېرىن تۇيغۇلارنى قوزغايدۇ، ئۆمۈرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

نازۇك ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەن ئەكرەم چىراغمۇ ياقماي شىپاڭدا ئولتۇرىدۇ. يېنىك ئۇرۇۋاتقان شامال نە - نەلەردە ئېچىلغان گۈللەرنى، ۋايىغا يېتىپ پىشقان ئالمىلارنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئالتۇن كىرپىكلىك يۇلتۇزلار نازىغىپ جىمىرلايدۇ، كۆز قىسىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ. قەيەرلەردىندۇر ئارىلاپ - ئارىلاپ سايراۋاتقان بۆدۈنىلەرنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى كېلىدۇ... نېمىدېگەن چىرايلىق يىللىق كېچە بۇ - ھە! گۈزەل ئارزۇلۇق، نازۇك ھېس - تۇيغۇلۇق ئادەملەرلا مۇنداق كېچىلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن لەززەت ئالالايدۇ.

شۇنداق كېچىلەردە كىم يارىنى - سۆيگۈنىنى ئويلىمايدۇ، ئادەم گۈزەللىكتىن بەھرى ئالسا، يارىغا قىسىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يېتىپ، مەيۈسلىنىپمۇ قالىدۇ.

ئەكرەم قولىغا دۇتارنى ئالدى. ئۇ قەلبىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ناخشا بىلەن ئىپادە قىلىشقا باشلىدى:

مەن بېرىپ قاچان كۆرەرمەن
مېھرىبان يار يۈزىنى.
ياغلىقىمغا تۇگۈۋالاي
باغدا باسقان ئىزىنى.

* *

ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلسەم،
ئۆيىمدىن تونۇغان يارىم.
دەرد ـ ئەلەم كەلسە باشلارغا،
تەڭ تارتىمىز دېگەن يارىم.

..............................

گۈلبوستان قاتتىقراق ۋارقىرىسا ئاڭلانغۇدەك يەردە تۇرۇپتۇ. لېكىن ئادەمنىڭ ھېسسىياتى قوزغالغان چاغدا ئەنە شۇنداق غەمكىنلىكتە چۆكۈپمۇ قالىدۇ. ئۇ ئەمدىكى تۇرمۇشىدا ئۇرغۇن دەردۇ ـ بالالارغا، قارشىلىق ـ توسالغۇلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. گۈلبوستان مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يەتتۇق، دېگەن بىلەن ئاخىرقى مۇراد ـ مەقسەت تېخى ھاسىل بولغىنى يوق. ئۇلار ئاشكارا يۈرەلمەيدۇ، ئوينىيالمايدۇ، مۇھەببەتلىك گەپلەرنى دېيىش، كۆڭۈل كۈيلىرىنى ئىزھار قىلىشلار، ئىسسىق نەپەسلەرنى يۇتۇشلار... كۆپىنچە تۈن قوينىدا بولىدۇ.

مانا بۇلارنى ئويلىماي بولامدۇ، نېمىشقا ئادەملەر دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ؟ كۆڭۈل ـ كۈيىنى، يا شادلىقىنى، يا قايغۇسىنى، يا ئارزۇ ـ ئارمىنىنى، يا ئاھۇ ـ زارىنى ئىپادە قىلىدۇ. چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئادەملەردە مۇنداق ھېسسىيات بولمىغان بولسا، بۇ دۇنيا پادا ـ پادا بولۇپ يۈرگەن ھايۋانلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان بولار ئىدى.

كېچە گۈزەللىكىنىڭ پەيزىدىن قوزغالغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىپ، دۇتار چېلىۋاتقان ئەكرەمنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىزلا توك قىلىپ چالما چۈشتى. ئۇ دۇتار چېلىشنى توختىتىپ ئەتراپقا تىكىلىپ قارىدى، تىڭشىدى، ھېچقانداق تاۋۇش ئاڭلانمىدى. يەنە دۇتار چالدى. چالما يەنە چۈشتى. بۇ قېتىم ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا بويىنىنى سوزۇپ قارىدى. شىپاڭدىن چۈشتى. باغ ئىچى، تۆت ئەتراپ جىمجىت بولسىمۇ، ئەمما كىمنىڭدۇر چالما ئېتىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. چالمىنىڭ بوش چۈشكىنىگە قارىغاندا، يېقىنلا يەردىن ئېتىلغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. گۈلبوستانمىكىن دەي دېسە، ئۇ زادىلا مۇنداق قىلمايتتى. يىراقتىنلا سۆزلەپ كېلەتتى، ئەمىسە كىمدۇ؟ ئۇ شىپاڭنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتكەندە ئۇۋۇچىنىڭ ئالدىدىن تۇيۇقسىز پۇررىدە كۆتۈرۈلگەن كەكلىكتەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان قىزنىڭ تونۇش كۈلكە ساداسى ياڭراپ كەتتى.

— ئەجەب چۆچۈتتىڭىز، سىزمىدىڭىز؟

— كىم دەپ ئويلىۋىدىڭىز؟
— گۈلبوستان ئاتلىق قىزمىكىن دېۋىدىم.
— مېنى دەپ ئويلىغان بولسىڭىز نېمىشقا چۆچۈپ كەتتىڭىز؟
— سىز بولغان بولسىڭىز ھوشىڭىزدىن كېتەتتىڭىز.

گۈلبوستان ئەكرەمنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئىككىسى پەلەمپەيلەرنى تەڭ بېسىپ، مۈرىدىشىپ شىپاڭغا چىقتى.

— پەيزىڭىز بىلەن چېلىۋېتىپتىكەنسىز، مۆكۈپ تۇرۇپ تازا ئاڭلاي دېۋىدىم. بىراق ئويناشقۇم كېلىپ قالدى.

— مەنمۇ ئوينىشىدىغان ئادەمنى سېغىنىپ تۇراتتىم.

— ئاشكارا ئوينىشىدىغانغا بىر يىل قالدى، — دېدى قىز ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، — شۇ كۈنلەرگە يەتكەندە، بىز باشقىچە كۈنلەرگە قەدەم قويىمىز.

— بىراق ئۇ ئاسان ئىش ئەمەس، سىز كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئارزۇ كۆڭۈللۈك نەرسە، ئەمما بۇ يولدا كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، تېخى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق ئاقىۋەتلەرگە قېلىشىمىز مۇمكىن. ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟

— ھە، ھەممىنى ئويلاپ قويغان، ئەمما ھەرقانداق توسالغۇ، بېسىملارغا باش ئەگمەيمەن.

— سىزمۇ، مەنمۇ، ئاپامۇ تىرىپىرەن بولۇپ چېچىلىپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن.

— شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما يەنە يىغىلىۋالالايمىز. مەن تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان قىز ئەمەس، گىمنازىيە مۇئەللىملىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، دېگىننى قىلالايدىغان قىزمەن!

ئەكرەم شۈككىدە بولۇپ قالدى، ھەممە گەپ ئېيتىلىپ بولدى. ئۇ، گۈلبوستان بىلەن ئۆمۈرلۈك بولۇش ئۈمىدىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلالمايتتى. ئەمما ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرگەنلىكىنى، قىزنىڭمۇ ئۆزىنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دۇنياغا كېلىپ ئېرىشكەن بايلىقىم، ئۆمرۈمدىكى خۇشلىقىم، بەختىم، دەپ بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالىنى ئويلىمايمۇ تۇرالمايتتى. ئۇ، ئوغۇل بالىمەن، بەختسىز بولۇپ قالسام مەيلى، كۆتۈرەلەيمەن، ماڭا بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييار تۇرغان مۇنۇ قىز بەختسىز بولۇپ قالسا، قانداقمۇ چىدىغۇلۇق دەپ قايغۇراتتى.

— لامپىنى يېقىپ قويايمۇ، بىرى كىرىپ قالسا... — دېدى ئەكرەم تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

— ياق، ھەممىسى ئۇخلاپ كەتتى، — دېدى قىز ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — قاراڭ، ئەكرەم، دۇنيادا ئاجايىپ ئىرادىلىك، قورقۇمسىز ئادەملەر بولىدىكەن. يېقىندىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن كىتابلارنى ئوقۇش مەنئىي قىلىنغان بولسىمۇ، يوشۇرۇنچە «ئانا» * رومانىنى ئوقۇپ چىقتىم. ماڭا قالتىس تەسىر قىلدى، ئاڭلامسىز سۆزلەپ بېرەي؟

* ماكسىم گوركىنىڭ «ئانا» رومانى.

— سۆزلەڭ ئاڭلاي.

گۈلبوستان ئۇنى زوق بىلەن سۆزلەشكە كىرىشتى.

گۈلچېھرەم خېنىم يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى قىزى گۈلبوستاننىڭ كېلىچېكىنى، تەقدىرىنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يۈرۈش - تۇرۇشى، ئۆزىنى تۇتۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. بۇرۇن ئۆيدە ئانچە ئولتۇرالماي، دوستلىرىنىڭكىگە، كىنو، تىياتىرلارغا كۆپ كېتىدىغان قىز نېمىشقىدۇر ھازىر ئۇ ئىشلاردىن قالدى. ھازىر ئۆزىنى ياسايدىغان، كۈندە كىيىم يۆتكەيدىغان، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئەينەكنىڭ ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولۇۋالدى. بۇرۇن چاقچاقلىشىپ سۆزلەپ تېنىم تاپمايتتى، ھازىر جىمغۇر، كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان، كۆپ خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىدىن قىزىق ۋە ھەيران قالارلىق يېرى، ئەكرەمنى كۆرسە ئوڭايسىزلىنىدىغان، ھەرىكەتلىرى قولاشمايدىغان، گەپلىرى غالىڭ - غۇرۇڭ چىقىدىغان، ئەمما ئۇنى كۆپ ئەگىشىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئۇ يۇلتۇزخاننىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قاراپمۇ قويمايتتى، ھازىر يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغان، ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىدىغان بولدى. تېخى رېھىم بوۋاي بىلەن پات - پاتلا سۆزلىشىدىغان، مۇڭدىشىدىغان، ئۇنى ئۇنداق ياخشى، مۇنداق ياخشى بوۋاي، كەمبەغەللەر ئەجەب ياخشىغۇ، توغرا، ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ، دەپ يۈرىدىغان بولدى. بۇرۇن بۇنداق ئىشلار نەدە كۆرۈلگەن!

ئانا بالىنىڭ غېمىدە، ئوغۇل بولسىغۇ بىر نۆۋرى، قىزنىڭ غېمى، تەقدىرى ئانىنى كۆپ ئويلاندۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالاتتى. يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ ئۆزگىچە روھىي ھالەتلەرنىڭ سەۋەبىنى بىرقانچە قېتىم سۈرۈشتۈرۈپ باققۇسى كەلگەن، بىراق بىر يولى كېلىپ قالار، دەپ ئۇكۇشلۇق پەيتنى كۈتۈپ يۈرگەنىدى. شۇنداق ئوكۇشلۇق پەيت قاچان كېلىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ بۇرۇنراق سۈرۈشتۈرۈپ باققانىنىڭ زىيىنى يوق، ئەلۋەتتە.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، دۇتار چېلىپ ئولتۇرغان خېنىم مۇشۇلارنى ئويلىدى - دە، دۇتارنى قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى. قىزىنىڭ خانىسىگە ئاستا كىردى. گۈلبوستان تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ شولىسىغا مەستلىكى كەلگەندەك تويماي قاراپ تۇراتتى. ئاپىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ، كەينىگە بۇرۇلدى، گۈلچېھرە خېنىم بىر جۈپ قىزىلگۈل غۇنچىسى چېكىلگەن ياستۇق تىكلەپ قويۇلغان سىم كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ:

— ئۆزۈڭنى قەۋەتلا ياساپ - تۈزەپ يۈرۈيدىغان بوپ كەتتىڭغۇ، قىزىم، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— ئۆزۈمنى تۈزەپ يۈرۈيدىغان ۋاقتىم بولغاندۇ، ئاپا، — قىز شۇنداق دېدى - دە، ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلىدى، ئەركىلەپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. ئاپىسىنىڭكىدەك ئاق، سۈزۈك يۈزىدە خاتىرجەملىك، كۆتۈرەڭگۈلۈك، خۇش خۇيلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۆزۈڭنى تۈزەپ يېزىۋېدىغان ۋاقتىڭ خېلى بۇرۇنلا باشلانغاندەك قىلىدىغۇ، قىزىم؟

گۈلبوستان قىزىرىپ كەتتى ۋە ئاپىسىنىڭ مەڭزىگە - مەڭزىنى يېقىپ سورىدى:

— ئاپا نېمىشقا مېنى ئۆزۈڭدەك چىرايلىق تۇغمىغان بولغىيدىڭ؟

— چىرايىغا قىزىقما، قىزىم، چىرايلىق ئادەمنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ ھەم ئۇنداق ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپلىك بولىدۇ.

— ئەمىسە سېنىڭ ھاياتىڭمۇ خەۋپلىكمۇ؟

— ئەگەر مەن داداڭدەك ئابرويلۇق ئادەمنىڭ ئايالى بولمىغان بولسام، بۇ چاقىمچە قانچە - قانچە خورلۇقلارنى، ئازابلارنى تارتقان، قارا كۆڭۈل ئەمەلدارلارنىڭ، ئاچكۆز بايۋەچچىلەرنىڭ زورلۇقىغا ئۇچرىغان بولار ئىدىم.

شۇ سۆز بىلەن گۈلبوستان بېشىنى تۆۋەن سالدى - دە، خىيالغا كەتتى... ئاپىسىنىڭ ئاشۇ جاۋابى ئۇنىڭدا نۇرغۇن سوئاللارنى پەيدا قىلدى: ئاپاممۇ زورلۇققا ئۇچراپ، دادامغا مەجبۇرىي تەگكەنمىكىنە، دەپ ئويلىدى. بىراق دادىسىنىڭ خۇي - پەيلى، مىجەزىدىن ئۇنداق ئىشنى قىياس قىلالمىدى. ئۇزۇندىن بېرى سوراشقا پېتىنالماي يۈرگەن سوئالنى ئاخىر سورىدى:

— ئاپا، دادامغۇ ياخشى ئادەم، ئەمما سەن نېمىشقا ئۆزۈڭدەك ياش بىرىگە تەگمىگەن؟

— داداڭ مېنى كۆيۈپ قېلىپ ئالغان.

— سەن مەيلى دېگەنمۇ؟

— مەن مەيلىمسىز تەگكەن.

— مەيلىمسىز؟

— ھەئە.

— بۇ قانداق گەپ، كۆيۈپ قالسىلا ئالالامدۇ؟ يا سەنمۇ زورلۇققا ئۇچرىغانمۇ؟

— زورلۇققىمۇ ئۇچرىمىغان، بىراق ئەر كىشى قىلمەن دېگىنىنى قىلالايدۇ. بولۇپمۇ بايلار شۇنداق.

— بۇ ناتايىن، ئاپا. مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالغانلار كۆپ. ئۇلار مېنى ھەرگىز ئالالمايدۇ.

— سەن كەمبەغەلنىڭ قىزى بولغان بولساڭ ئالالايتتى.

گۈلبوستان ئويلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ يادىغا ئوقۇغان كىتابلىرى، كۆرگەن تىياتىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سۆزلىرى كەلدى - دە، ئاپىسىغا قايىل بولۇپ:

— راست ئاپا، دۇنيادا ھەممە ئېغىرچىلىق، ئازاب - خورلۇق كەمبەغەللەرنىڭلا بېشىغا كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن، ساڭا دېمىگەن بىلەن بەزى كېچىلىرى يىغلاپمۇ چىقىمەن، — دېدى.

— سۆزلىرىڭدىن ئايلىناي قىزىم، كەمبەغەللەرگە مېھرى - شەپقەتلىك بولۇش ئادەملەرنىڭ ياخشى پەزىلىتى، ئېسىل ئەخلاقى. ئۇلار ھېچقانداق ئادەم ئەسكىسى

ئەمەس. لاتا ئەسكىسى.

گۈلبوستان ئاپىسىنىڭ ئانىلىق مېھرى چاقنىغان كۆزلىرىنىڭ غەمكىن، مەيۈس تۇسكە كىرگەنلىكىنى بايقىدى ـ دە، تېخى يېشىلمىگەن بايىقى سوئالىنى تەكرارلىماقچى بولدى.

ــ دادام سېنى...

ــ بولدى قىزىم، ــ گۈلبوستاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال چۈشەنگەن گۈلچېھرە خېنىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، ــ ئۇ ئىشلارنى سورىما، مەيلىم بولمىسىمۇ، داداڭغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن تەگكەن، مۇشۇنىلا بىلسەڭ بولدى، ــ خېنىم قىزىنىڭ ئاۋدۇنباي ھاجىمغا قانداق قىلىپ تېگىپ قالغانلىقىنى سۆزلەشنى خالىمىدى، ــ سەن ئاۋدۇنباي ھاجىمغا قانداق قىلىپ تېگىپ قالغانلىقىنى سۆزلەشنى خالىمىدى، ــ سەن چوڭ بولدۇڭ، ئوقۇشۇڭمۇ ئاز قالدى قىزىم، بەربىر تۇرمۇشلۇق بولىسەن، ياخشى پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، ئۆزۈڭ ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغان بىرىنى تاللىشىڭ كېرەك. بۇ تازا چوڭقۇر ئويلايدىغان ئىش. ھەممە تەرىپى قاملىشىپ كەلسىمۇ، كۆڭلۈڭ تارتمىسا ھەرگىز بولمايدۇ، قىزىم.

ــ كىمنى تاللاشنى بىلمەيۋاتىمەن، ئاپا.

ــ مۇشۇ گېپىڭ راستمۇ؟

گۈلبوستان كۈلۈمسىرەپ، قىزىرىپ يەرگە قارىدى.

ــ ساۋاقدىشىڭ شەۋكەتنى ياخشى كۆرمەمسەن؟

ــ شاللاقراق بولسىمۇ، يامان بالا ئەمەس، بىراق ياخشى كۆرەلمىدىم-تاڭ... ياخشى كۆرەي دەپ ئۆزۈمنى شۇنچە زورلىساممۇ، كۆڭلۈم باشقا بىرىگە كېتىپ قالىدىغاندەكلا قىلىدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم كەچكى سەيلىلەرگە چىققىنىڭغۇ؟

ــ ئۇ ئۆزۈمنى زورلاپ باققىنىم.

ــ ئەمىسە سەن ھازىرغىچە شۇنداقمۇ؟... راست گەپنى قىل، مەن سېنىڭ ئۆز ئاناڭ. سېنىڭ ئەبەدىي بەختلىك بولۇشىڭنى تىلەيمەن، تۇرمۇشىڭنى، تەقدىرىڭنى ئويلايمەن، سەن مېنىڭ بىردىنبىر قىزىمسەن.

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئاپا...

ــ ياخشىغۇ، قېنى ئېيتىپ باققىنە، كۆڭلۈڭ كېتىپ قالىدىغان باشقا بىرى كىمكەن؟

شۇ تاپتا گۈلبوستاندىن كۆرە گۈلچېھرە خېنىمنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. قوللىرى تىترىدى...

ــ سەن بەربىر بىلىسەن، ئاپا. ئۇ كۆڭلۈمنىمۇ تارتىپ بولدى.

ــ كىم ئۇ؟

ــ كىم بولسا مەيلىمۇ؟

ــ مەيلى.

ــ كەمبەغەل بولسىچۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەيلى.

— ئۆزىمىزنىڭ مالىيى بولسىچۇ؟

گۈلچېھرە خېنىم چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سېزىپ يۈرگىنى، قىياسى توغرا چىقىۋاندى. خېنىمنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھاللا نۇرغۇن ئىشلار چىگىشلىنىپ كەلدى. بىرىنچى بولۇپ ئېرى، ئاندىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، تولۇنئاي خېنىم، ئۇرۇق - تۇغقانلار، گۈلبوستاننىڭ ساۋاقداشلىرى كەلدى. خېنىمنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى قورقۇنچلۇق ھالەتكە ئۆتۈپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك قىسىنالدى... روھىي پاراكەندىچىلىك يۈزىگە تېپىپ چىقىپ، كىرپىكلىرى ئەلەملىك پىلدىرلىدى. يارىشىملىق زىناقلىرى قايغۇلۇق تۈسكە كىردى، پەرىشان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. خانا ئىچى ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكۈپ كەتكەنىدى. گۈلبوستان يەر تېگىدىن ئاپىسىغا ئاستا قارىدى - دە، بېشىنى غەزەپلەنگەن ئادەمدەك ئىتتىك كۆتۈردى:

— كۆڭلۈڭ تارتمىغان ئادەم ھەرگىز بولمايدۇ، دەۋاتاتتىڭ، — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ، — كۆڭلۈم تارتقان ئادەمنى دېسەم، ئۇنۇڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ، قانداقكەن، لاتائەسكىسمىكەن، ئاپا؟

— ئۇنداق ئەمەس، قىزىم. ئەمما... ئەمما ئويلىشىدىغان خېلى ئىشلار بار، بەلكى سەن چوڭقۇرراق ئويلىمىغانسەن...

— ئويلىدىم، ھەممىدىن بۇرۇن كۆڭلۈمنى ئويلىدىم، مەيلىمنى ئويلىدىم، بۇ ئىشتا ئەڭ ئەۋزىلى شۇ ئەمەسمۇ!

— مېنىڭ مۇنداق دېگىنىم، ئەكرەم ساڭا لايىق ئەمەستى، دېگىنىم ئەمەس...

— ئۇنداق بولسا، قالغان تەرىپىنى ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئاپا؟

— سەن ئويلىرىڭنى چۈشەنمەيۋاتىسەن، مۇنداق دېگىنىم، سەن گىمنازىيىنە ئوقۇغۇچىسى، ئۇقۇمۇشلۇق قىز، ئەر كىشى دېگەن ئايالدىن ھەر جەھەتتە ئۈستۈن بولۇشى كېرەك! ئۇنداق بولمىسا، سەن مىڭ كۆيۈپ - پىشىپ تەگكىنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا ئەرنى ياراتمايدىغان، ھۆرمەتلىمەيدىغان قىلىقلار پەيدا بولىدۇ - دە، ئوتتۇرىدىكى سۆيگۈ، ئائىلىۋى مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سوۋۇش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ تەرەپلىرىنى چوڭقۇرراق ئويلىدىڭمۇ؟ مەن سېنىڭ خالىغىنىڭغىغۇ قوشۇلىمەن.

— سەن بىلمەيسەن، ئاپا، ئەكرەم مەندىن ئۆتكۈر، ئەقىللىق، ئائىلە، مۇھەببەت، ھايات ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ قارىشى مەندىن ئۈستۈن. ئۇ سۆزلىسە ئاغزىغا قاراپ قالىمەن، مۇلاھىزىلىرىگە ھەيران قالىمەن. بىز باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىمۇ، ئۇ مەندىن ئۈستۈن تۇراتتى.

— ئوبدان ئويلاڭ قىزىم، ياخشى كۆرۈپ قېلىش، تېگىش، سوۋۇپ قېلىش، ئايرىلىش بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. بۇ ھېچقانداق ئەرلەرنىڭ ئەيىبى سانالمايدۇ، لېكىن قىزلارنىڭ پېشانىسىدە ئۆچمەس داغ بولۇپ قالىدۇ.

— سەن ئەنسىرەپ كەتمە، ئاپا. بىزنىڭ ئارىمىزدا «سوۋۇپ قېلىش»، «ئايرىلىش» دېگەنلەر ھەرگىز بولمايدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، سەن ئەنسىرىگەن نەرسىلەر بىزدە يوق.

ــ ئىش شۇنچىلىك بولسا، مەن ئەنسىرىمەيمەن، بىراق سىلەرنىڭ بۇ ئىشلارغا مەندىن باشقا ھەممىسى قارشى چىقىدۇ. داداڭ ياخشى ئادەم بولغىنى بىلەن «ھەر نەرسە ئۆز خىلى بىلەن» دېگەندە چىڭ تۇرىدىغان ئادەم. ئېغى جامالدىن ئاكاڭ نېمىلەرنى قىلارىكىن؟

گۈلچېھرە خېنىمنىڭ چىرايى ئاجايىپ ئۆزگىرىپ، كۆزىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپ، پارقىراپ قالغانىدى، يۈزى تاتىرىپ، سۆزۈك لەۋلىرى تىترەۋاتاتتى.

ــ مەيلى قانداق توسالغۇ، نارازىلىق بولسىمۇ، مەن بەربىر ئەكرەم بىلەن ئۆيلۈك بولىمەن، ئاپا. ئۇ چاغدا ئۇ، باغقا قارايدىغان باغۋەن بولمايدۇ، كېمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولىدۇ، ــ دېدى گۈلبوستان قەتئىيلىك بىلەن ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ ھازىر كىمنازىيىدە ئوقۇۋاتقانلار ئىچىدە ئۆيلەنگەن، بىر ئىككى بالىلىق بولغانلارمۇ بار. سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئوقۇشۇمنى تۈگەتسەم، مەن سىلەرگە يۆلىنىپ ھايات كەچۈرمەيمەن، مۇستەقىل ھايات كەچۈرىمەن. سىلەر مېنى چوڭ قىلدىڭلار، ئوقۇتتۇڭلار، ئاتا ـ ئانىلىق قەرزىڭلار تۈگىدى. بىكارغا نان يېيىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەكرەم ئىككىمىز ئاددىي تۇرمۇش ئۆتكۈزىمىز.

گۈلچېھرە خېنىم قىزىنىڭ قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقان سۆزىدىن بىر ياقتىن ئەنسىرىسە، بىر ياقتىن خۇشال بولدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا ماڭدى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، كەينىگە قايرىلىپ:

ــ بوپتۇ قىزىم، ھەممىدىن ئەۋزەلى سۆيگەن تۇرمۇش، ئەمما ئالدىڭدا نۇرغۇن دەرد ـ بالالار بار، مۇشۇ ئىرادەڭ بولسا، ئۇنىمۇ يېڭىپ كېتىسەن، ــ دېدى ـ دە، قىزىنىڭ خانىسىدىن چىقىپ كەتتى.



گۈلبوستان ھەم تېڭىرقاش ھەم خۇشاللىق ئىلكىدە باغقا چاپتى. ئەكرەم ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالغان مەخمەل گۈللەرنى ئوراپ باغلاۋاتاتتى.

ــ قاراڭ ئەكرەم، خۇشاللىق، ــ قىز ھاسىرايتتى، ــ ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئاپامغا ئېيتتىم...

ــ يامان قىپسىز، ــ ئەكرەم ئوڭايسىزلىنىپ قىزاردى، چىگە تۇتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى.

ــ نېمىنسى يامان؟

ــ ئەمدى ماڭا تەس بولىدۇ، كېيىنرەك دېسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟

ــ ئاپام ئۆزىمۇ سەل ـ پەل سېزىپ قاپتىكەن، بەربىر ئۇقىدىغۇ، دېگەن ئوي بىلەن دەۋەتتىم.

www.uyghurkitap.com

— نېمە دېدى؟

— ئەكرەم ياخشى بالا، بوپتۇ، ھەممىدىن ئەۋزىلى كۆڭلۈڭگە ياقىسىنى دېدى.

— ئاپىڭىزنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، بىراق ئەمدى يۈزىگە قانداق قارارمەن؟

— نېمانچە ئەيمىنەتتىڭىز، بېشىڭىزنى تىك كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرىڭ، نومۇس قىلىدىغان ئىشىمىدى بۇ!

— دېمەككە ئاسان، قىلماق تەس ئىش بۇ.

— غۇرۇرىڭىزنى يوقىتىپ يۈرمەڭ يەنە.

ئەكرەم گۈلبوستاننىڭ قەتئىيلىك يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرىگە، جەددىي تۇس ئالغان يۈزىگە قارىدى. ئۇنىڭدا قورقۇش، ئەنسىزلىك، نومۇسلىنىشتىن بىرەر ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. غۇرۇر، قەتئىيلىك، خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئەمما ھەر ئىككىلىسى كۆپ ئۇچرىشىش، بىللە بولۇشتىن ئېھتىيات قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىشتى.

گۈلچېھرە خېنىمنى قىزىنىڭ باسقان يولى، كىرگەن كوچىسى قىيناشقا باشلىدى. ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ، پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرغىنىچە، چوڭقۇر، ئازابلىق خىياللارغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. ئۇ قىزىنىڭ ئەكرەمنى تاللاپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىغا، ئۆمۈرلۈك بىللە بولۇشقا بەل باغلىغانلىقىغا قارشى ئەمەس، ئۇ كىمنىڭ بالىسى، قانداق ھالەتتىكى يىگىت بولمىسۇن، كۆڭۈل سۆيگەن، ياخشى كۆرگەنلا بولسا، ئۇ تۇرمۇش شادلىقىنىڭ، خاتىرجەملىكىنىڭ، ئاۋاتلىقىنىڭ كېپىلى، دەپ قارايتتى. ئۇنى ئازابلاۋاتقىنى مۇنۇ ئىشلار: ئاۋدۇنباي ھاجىم قىزىنى ھەرقانچە ياخشى كۆرگەن بىلەن ئۇنىڭ باسقان قەدىمىنى خوپ كۆرمەيدۇ، ئەكرەم ئىككىسىنىڭ بىر ياستۇققا باش قويۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. تېخى ئەكرەمنى، يۇلتۇزخاننى قورۇدىن قوغلىۋېتىشى، گۈلبوستاننى ئوقۇشتىن توختىتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ بۇ ئىش مېنىڭ ئابرويۇمنى يەرگە ئۇردى، دەپ قارايدۇ. كامالىدىنچۇ؟ ئۇمۇ قارشى چىقىدۇ، دادىسىنى ياقلايدۇ، ئەمما ئۇنى گەپكە كىرگۈزۈش مۇمكىن. ھەممىدىن يامىنى جامالىدىن. چۈنكى ئۇ كەمبەغەللەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ، سىڭلىسىنىڭ ئەكرەمنى ياخشى كۆرۈشىنى بىزنىڭ شۆھرەتلىك نامىمىزنى ھاقارەتلەش، بۇلغاش، دەپ قارايدۇ، ھەتتا پىچاق كۆتۈرۈشتىن يانمايدۇ. تولۇنئاي خېنىمنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ، كوچىغا چىقىپ سۆز - چۆچەك تېرىيدۇ، ئارزۇلۇق، ئەتىۋارلىق قىزىڭ ھەممىڭنى رەسۋا قىلدى، باشلىرىڭنى كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتى، خوي بولدى، ئەجەب ياخشى بولدى، دەپ دۈمباق چالىدۇ. تەنىلىك، مەسخىرىلىك گەپلەرنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ، تېخى بەدناملارنى توقۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن... ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بۇنىڭغا ئۆزى خالىغاندەك بوپتۇ ئەمەسمۇ، دەيدىغانلىرىمۇ، ئېچىنىدىغانلىرىمۇ، چاۋاك چالىدىغانلىرىمۇ چىقىدۇ. دوست - ساۋاقداشلىرىچۇ؟ قىز بالىنىڭ ھەقىقىي دوستى بولمايدۇ، ئەڭ ئەسكى، يىرگىنىشلىك گەپلەرنى دوستۇم دەپ يۈرگەن قىزلار چىقىرىدۇ: ئۇلار گۈلبوستان ئۆزىدەك بايلارنىڭ نى - نى

بالىلىرىغا ئۇلىمىغان، ئۇنىڭ ئەكرەمگە تېگىشىدە بىر سىر بار، دېگەندەك ئۆسەكلەرنى
تېرىيدۇ، تۇرمۇشتا نېمىلەر بولمايدۇ: بىر قىز ئائىلىسىدىن ئاجراپ، باشقا يەردە
بىرەر ـ ئىككى ئاي تۇرۇپ كەلسە، تۇغۇپ كەلدى تايىنلىق، دەيدىغانلارمۇ، باي قىزى
كەمبەغەلگە تەگسە، ئاۋۋال ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويغان ـ دە، دەپ ھۆكۈم چىقىرىۋېتىـ
دىغانلارمۇ بولىدىغۇ... «بىچارە قىزىم، ـــ دەپ ئويلىدى خېنىم، ـــ نۇرغۇن دەردۇ ـ بالا-
لارغا، سۆز ـ چۆچەك، بەتناملارغا قالىدىغان بولدى. ئىچى كۆچلۈك ئەركىن ئۆسكەن
قىز ئىدى، ئۆزىنى يوقىتىپ قويارمۇ؟ مۇشۇنداق ئىشلارغا قانداقمۇ بەرداشلىق
بېرەر؟... لېكىن مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلمەن، دېگىنىنى قىلىدۇ، گىمنازىيە ئۇنى
باشقىچە قىز قىلىپ تەربىيىلەپتۇ، ئۇ بۇ قورۇنىڭ قىزىدەك ئەمەس، يېڭى دەۋرنىڭ
قىزى بولۇپ يېتىلىپتۇ.»

44

ئاۋدۇنباي ھاجىم ئەسلى ئىچكىرىكى قورۇغا كىرمەكچى ئەمەس ئىدى. ئۇ يايـ
لاقتىن قايتىپ كىرىپ، سودا دۇكانلىرىنىڭ تىجارىتىنى ئۇقماقچى بولۇپ، بازار
ئارىلىغان: دۇكانلىرىدا رۇس ماللىرىدىن سىرت قەشقەردىن چىقىدىغان ماتا، چەكمەن،
سەرگەز، شاتاۋارلارنىڭمۇ ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن ئەرۋاھى ئۆچۈپ، ئىچىدە
شېڭ شىسەينى مىڭبىرنى تىللىدى. قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان تاي ـ تاي
ماللار قېنى؟ مۇز داۋان ئارقىلىق نەچچە يۈز ئېشەكلەرگە ئارتىپ ئەكىلىندىغان، ئۈرۈم
چى ئارقىلىق ماشىنىلاردا گۈركىرەپ توشۇلۇپ تۇرىدىغان ماللار نەگە كەتتى؟ ئاۋات
بازار، رەستىلەر چۆلدەرەپ قالغان، نۇرغۇن دۇكانلار ئېتىلگەن. كىشىلەرنىڭ چىرا-
يىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدۇ، ھەممە يەرنى مەيۈسلۈك قاپلىغان، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە
ئەنسىز بېقىشىدۇ، يەر تېگىدىن قارىشىدۇ.

ئۇ كەيپى ئۇچقان ھالدا، چۈشتىن قايرىلغاندا بازاردىن قايتىپ، ئوتتۇرا قورۇغا
كىردى. باي ئەتىگەن ئېيتىپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن، يۇلتۇزخان ئۇنىڭغا ئاتاپ نېمە
تاماق ئېتىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، گۈلچېھرە خېنىمنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە ئوخشىتىپ
لەڭمەن ئەتكەنىدى. باي لەڭمەن يېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، چوڭ خوتۇنى تولۇنئاي
خېنىمنىڭ خىزمەتچىسى نۇربۇۋىنىڭ پېتىر مانتا ئېتىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، ئىچكىرىكى
قورۇغا كىردى.

تولۇنئاي خېنىم بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئوچۇق چىراي، ئەدەب بىلەن چىقىپ،
تەنە، كىنايە گەپلەرسىز ئۇنى ئۆيگە باشلىدى ۋە ئالدىغا بىر تاۋاق مانتا قويدى.

باي مانتىنى تولۇنئاي خېنىمنىڭ زورلىشى ئارقىسىدا ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يەپ
بولۇپ، يايلاقتىن يېڭى كەلتۈرۈلگەن قىمىزدىن ئىچىپ ئولتۇردى. تولۇنئاي خېنىم
ئۇنىڭ كەينىگە ئىككى ماموق تەكىينى قويۇپ بەردى.

ـــ سىلىنى بازارغا كەتتى، دېيىشىدى. بازارنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكەن؟ ـــ دەپ
سورىدى ئۇ.

www.uyghurkitap.com

— ياخشى ئەمەس، سودا - تىجارەت سېۋغا چىلىشىپتۇ، قەيەردىن چىقىشىنى قىياس قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى باي كۆزلىرىنى چەمچىقلىتىپ، — ئەمدى قېرىدۇق، تولۇن، قېرىدۇق...

— ئەدە قېرىيدىلا ھاجىم، تېخى كۆڭۈللىرى ياش يىگىتلەرنىڭكىدەك چاپچىپ تۇرسا...

— تەنە كېپىكنى قوي، راست قېرىدۇق... گۈلبوستان ئوقۇشنى توگەتسە، ئۇنى تالالىق قىلىۋەتسەم، باللارنىڭ ئالدىدىكى ئاتىلىق قەرزىم توگەيدۇ.

— ئۇ ئەركە تايتاقنىڭ لايىقى بارمۇ؟ — دېدى تولۇنئاي خېنىم مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈمسىرەپ.

— خۇدا پېشانىسىگە يازغىنى باردۇر.

— يېزىپمۇ بولغاندۇ ...

— بەلكىم، ئەمما بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەستە.

— سىلىگە مەلۇم بولمىسا، ماڭا مەلۇم.

— ھە؟!

— شۇنداق، خۇدا پېشانىسىگە ئاللىقاچان يېزىپ بوپتۇ، باشقىلار ئوقۇپمۇ بوپتۇ.

— شۇنداقمۇ، مەن نېمىشقا ئوقمىدىم؟

— سىلى ئوقمايدىغان ئىش تولا.

— كىمكەن ئۇ؟ — قېمىزنىڭ كەيپىدە ئويقۇ بېسىپ ئولتۇرغان ئاۋدۇنباي ھاجىم سەگەكلىشىپ بېشىنى كۆتۈردى.

— بولدى ئېيتماي، سىلىنى خاپا قىلىپ نېمە قىلاي، كېيىن ئوقۇپ قالارلا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، مەن ئوقمىسام بولامدۇ؟

— ئەمىسە ئېيتاي، ئەكرەم!

— ئەكرەم؟ ... — ئاۋدۇنباي ھاجىمنىڭ بىر قېشى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قوي كۆزىگە چىددىيلىك يۈگۈردى، — قايسى ئەكرەم؟

— قايسى ئەكرەم بولاتتى، بېغىمىزغا قارايدىغان باغۋەن — مالاي ئەكرەم بولمامدۇ.

— نېمە دەۋاتىدىغانسەن، جۆيلۈۋاتمايدىغانسەن؟ — باي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى، كۆزلىرى يېنىپ، قىرقىما ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

— مېنىڭ راست گېپىممۇ سىلىگە يالغان، نۇر بۇۋىدىن سوراپ باقسىلا، كۆرگەن ئادەم ئاشۇ.

— نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق بۇ، نېمىدېگەن قۇتراش، ئۆز بېشىمچىلىق بۇ! ... مەن ئۇنى ئەقىللىق دەپ يۈرسەم ئەقلىنى قارغا چوقۇلاپ كېتىپتۇ ئۇنىڭ؟ — ئاۋدۇنباي ھاجىم خاپا بولۇپ تۇرالماي قالدى.

— ئانىسىدىن باشلىق ئىش ئۇ، ھە دېسە ئۇنىڭ دۇتار چېلىشىنى ماختاپ، ناخشىسىغا خۇشتار بولۇپ، قىزىنى ئىنقىلاپ بەرگەن - دە، — دېدى تولۇنئاي كۆچەپ، — بىر يىل بولغان ئىش ئۇ، نېمە ئىشلار ئۆتتى كىم بىلىدۇ تېخى ...

— ئاغزىڭنى يۇم!

خېنىمنىڭ ئۇقۇقانلىقىغا بىر يىل بولغانلىقى راست، بىراق بىرەر يامان ئاقىۋەتنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ھازىرغىچە ھېچكىمگە تىنمىغان، ئۇنداق ئاقىۋەت سېزىلمىگەندىن كېيىن، بايىغا مانا ھازىر ئېيتىۋاتىدۇ.

— تووۋا، ئاپىسىنىڭ سىلىگە تېخىچە ئېيتمىغىنىنى... ئىككىسىنىڭ تىلى بىردە، شۇنگا ئېيتمىغان.

— سەن نېمىشقا ئېيتمىدىڭ، بىلىپ تۇرۇپ.

— مەن ئېيتقاندۇ دەپتىمەن، — دېدى تولۇنئاي خېنىم غەم تارتماي ئەسنەپ كېرىلىپ، — قىز بالا بويىغا يەتسە، كېيىنەك بولىدۇ، ئىزا - نومۇسنى قايرىپ قويىدۇ، سەتمۇ - چىرايلىقمۇ، بايمۇ - مالايمۇ، ئۇدۇل كەلگەن گۈلگە قونۇۋېرىدۇ.

يۈزى تاتىرىپ، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ كەتكەن ئاۋدۇنىياي ھاجىم بىردەمدىلا ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمنىڭ تۇسىگە كىرىپ قالدى. بېشى پىرقىراۋاتقاندەك، تام - تورۇسلار ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك بولدى - دە، ئورنىغا كېلىپ ئاستا ئولتۇرۇۋالدى. پېشانىسىدىن چىققان سوغۇق تەرنى ئالدىدىكى داستىخان ئۈستىدە لۆڭگە تۇرسىمۇ، ئالقىنى بىلەن ئېرتتى ۋە پېشانىسىنى ئالقىنىغا تىرەپ، جىمىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ، مۇنۇنىڭ سۆزلىرى راستمىدۇ ياكى ياساپ چىقىۋاتامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاۋاتاتتى. تولۇنئاي خېنىم كەيپى كۆتۈرۈلگەن ھالدا، ئېرىنىڭ يۈرىكىگە ئوقيادەك تېگىۋاتقا سۆزلىرىنى ھەدەپ داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

— ئۇ شەپشەك قۇترىدىمۇ، بولدى. يۈزلىرىنى يەرگە ئۇرغىنى - ئۇرغان. ئوغۇل بالا قۇترىسا، ئۆيلەپ قويسا، قويدەك ياۋاشلاپ كېتىدۇ. قىز بالا قۇترىسا، خۇدا ساقلىسۇن. ئادەمنى رەسۋا قىلىپ قورساقنى پومپىيىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچىسى بولسۇن، باغدىن چىقماسلىقىدىن گۇمان قىلىپ يۈرەتتىم، راست چىقتى.

ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا دېيەلمەيدىغان سۆزلىرىنى خاتىرجەم ھالدا يۈرەكلىك بىلەن دېمەكتە ئىدى. باي گۈلبوستاننى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىكى، تولۇنئاي خېنىم قاچانكى ئۇنىڭ بىرەر نۇقسانى توغرىسىدا سۆز باشلاپ قالسا، ئۇنىڭ كېپىنىنىڭ شېخىسىغا ئۇرۇۋېتەتتى. شۇ تاپتا باي ئۇنداق قىلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى.

باي ئاخىرى نۇربۇۋىنى چاقىرىپ كىرىپ ئۇنىڭدىن نېمە كۆرگەنلىكىنى سورىدى. نۇربۇۋى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تىرنىقىنى تاتىلاپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، گۈلبوستان بىلەن ئەكرەمنىڭ باغدا بازاقسان ئالمىنىڭ ئاستىدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ تولۇنئاي خېنىمنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بېرىشى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرگەنلىرىنىمۇ ئېيتتى.

بىر ھازاغىچە جىمىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن باي ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلىغان، قەدەملىرىنى ئاستا ئالاتتى. ئۇ، تولۇنئاي خېنىمنىڭ ئۇلار قېچىپ كەتمەيدۇ، خۇدايىمنىڭ ئەتىمۇ كۈنى بار، دېگىنىگە جاۋابمۇ بەرمەي، پېشايۋاننىڭ پەلەمپەيلىرىنى ئالدىرىماي بېسىپ، تۆۋەنگە چۈشتى ۋە يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك مېڭىپ،

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا قورۇغا كىردى.

يۇلتۇزخان قازان باشلىرىنى سۈۋاۋاتاتتى. باينى كۆرۈپ ئۇ تەرەپكە ئۆرۈلگەن بولسىمۇ، باي ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، ئۇدۇل ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

گۈلچېھرە خېنىم كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. باي ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى. خېنىم ئۇنىڭ چوڭقۇر تىنىغانلىقىدىن ئېرىنىڭ ئۇ ئۆيدىن ئۆزگىرىپ چىققانلىقىنى، يۈزلىرىنىڭ تاتىرىپ، كۆزلىرىنىڭ پىلدىرلاپ قالغانلىقىنى سەزدى-دە، نېمە گەپ ئاڭلاپ چىققاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ كۆزىنى يەنە كىتابقا تىككەن بولسىمۇ، ئەمما نېمىشقىدۇر بىر خىل ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى.

باي سولتۇيۇپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا ئاستا گەپ ئاچتى:

— ئۆمسەلا گەپلەرنى ئاڭلايمەن...

گۈلچېھرە خېنىم ئۈنچىقمىدى، كىتابتىن بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ ئاسانلىقچە گەپ قىلمايدىغانلىقى بايغا ئايان ئىدى.

— مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى باي ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — بەلكى سىزمۇ ئاڭلىغانسىز، بىلەرسىز؟

— ھە، نېمە گەپ ئاڭلىدىلا؟

— گۈلبوستان دېگەن چوشقىنى ئەكرەم بىلەن ئاشىق-مەشۇق بولۇشۇپ، باغدا ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ، دەيدا. سىز بۇ رەسۋاچىلىقلارنى ئۇقمامسىز؟

گۈلچېھرە خېنىم شۇ چاغدىلا كىتابتىن كۆزىنى ئالدى. بىراق يەنە ئۈنچىقمىدى.

— بىر يىل بوپتۇ، ماڭا مۇشۇ چاققىچە دېمەپسىزا؟

— بىر يىل بولغىنىنى مەنمۇ بىلمىدىم.

— قاچان بىلدىڭىز؟

— بىر نەچچە كۈن بولدى، ئۆزى دېدى.

— ئۆزى دېگەن بولسا ... ھىم ... مەن تېخى ئىشىنەلمەي يۈرۈپتىمەن، راست ئىكەن-دە.

— راست.

باي شۈككىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قىزىنىڭ بۇلتۇر يايلاقتا شۇنچە زورلىسىمۇ چىقىشقا ئۇنىمىغانلىقى، ھە دېسىلا باغقا يۈگۈرەيدىغانلىقى، باغدىن چىقمايدىغانلىقى، ئەكرەمگە كىتاب بېرىدىغانلىقى، قىشىچە شەھەردىكى نوغاي، رۇسلارنى دوراپ چانا سەيلىسى قىلىپ چىققانلىقى لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى مانا ئەمدى يېشىلگەنىدى.

ئۇ گۇناھنىڭ بىر تەرىپىنى ئۆزىگە ھەم گۈلچېھرە خېنىمغا قويۇپ، ئېغىر ئۆكۈنۈش ۋە پۇشايماندا قالغانىدى. ئۇ مەن نېمىشقا شۇ ئىشلارغا يول قويدۇم؟ نېمىشقا مەيلىگە قويۇپ، دېگىنىنى قىلىپ بەردىم؟ ئەقىللىق قىزىم، دەپ نېمىشقا ماختاۋەرگەندىمەن؟ قىز بالا دېگەن ئانىسىغا يېقىن، ئۇ ئاشۇ ئىشلىرىنى سەزمىگەنمىدۇ؟ مەيلىگە مۇشۇنچىلىككىچە قويۇۋەتكەن بارمۇ؟ بىر يىلدىن بېرى بىلمىگەن، سەزمىگەن قانداق ئانا بۇ؟

دېگەنلەرنى ئويلىدى.

بايىنىڭ بىردىن غەزىپى ئۆرلىدى:

— ئۇنىڭغا ئادەم تېپىلماپتىمۇ مالايىنى تاپمىسا... بۇ باشنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرگۈلۈك، قېنى سىز ئېيتىپ بېقىڭا، بۇ ئىشنى قانداق ئاخىرلاشتۇرىمىز؟

— قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى مەنمۇ بىلەلمىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ .... سىز تېخى قايسى كۈنى ئاگىلىغان بولسىڭىز، بوپتۇ، ياخشى بوپتۇ، دېگەنىمىدىڭىز؟

— ئۇ تۆت تامنىڭ ئىچىدە سولىنىپ ئولتۇرغان نادان قىز ئەمەس، بىلىملىك، كۆزى ئېچىلغان قىز...

— ئەمىسە ئېيتىڭا، ھازىر ئۇ پۇشايماندىمۇ، يا ئۇنىڭ پېشىگە چېلىك ئېسىلىۋاپتىمۇ؟

— پۇشايمان قىلغىنى يوق. ياخشىلىقچە بولسا ياخشىلىقچە، يامانلىقچە بولسا، يامانلىقچە ئۇنىڭ بىلەن بەرىبىر ئۆي - ئوچاقلىق بولىمەن، دەيدۇ.

— مۇنداقمۇ تېخى، — بايىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ، غەزەپ ئوچقۇنلىرى ياغقان كۆزلىرى بىلەن خېنىمغا تىكىلدى، — سىز دائىم ئەكرەم دېگەن شۇمنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلاتتىڭىز، كىچىككىنە بالىنى ھۆرمەتلەپ بېشىڭىزدا كۆتۈرگۈدەك قىلاتتىڭىز، مانا ئۇنىڭ خۇلاسىسى چىقتى، مېنىڭچە ئادەم يوقكەن دېدى - دە ئۇ.

— سىلى يامان كۆرەتتىلىمۇ، ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز يامان گېپىنى قىلمايتتىلىغۇ.

— ئۇنىڭ گۈلبوستاننىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالىدىغانلىقىنى، پوستىمىزغا سامان تىقىدىغىنىنى نەدىن بىلەي.

— مەنمۇ بىلمەيمەن - دە.

— سىز ئۇنىڭ چالغان دۇتارىنى، ئېيتقان ناخشىسىنى ماختاۋەرگەندىن كېيىن، بىزدىن ئەيمەنمەي، بوستانغا ئېسىلغان نەرسە ئۇ!

— مەن چالغان دۇتارنى، ئېيتقان ناخشىنى ماختىغان بولسام، ماختىغاندىمەن، گۈلبوستانغا ئېسىل دېگىنىم يوق، — گۈلچېھرە خېنىمنىڭمۇ غەزىپى كېلىپ كىتابىنى پاق قىلىپ ياپتى، — ناخشا - ساز دېگەن ئالتۇنغا، ئابرويىغا بەرگۈسىز ئېسىل نەرسە، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئەلۋەتتە ماختايدۇ، مەن ماختايمەن. بىر ئادەمنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى، باشقىلاردىن ئۆزگىچىلىكىنى ئەيىبلەشكە مېنىڭ ھەققىم يوق، باشقىلارنىڭمۇ ھەققى يوق! قىزلىرى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلسەممۇ شۇنىڭغا تېگىمەن دېسە ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟

— ئۇنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرىدىكەن؟

— ئۇنىمۇ ئۆزىدەك ياخشى ئادەم قاتارىدا كۆرگەندۇ، بەلكى ئېيتقان ناخشىسى، چالغان دۇتارىنىمۇ ياخشى كۆرگەندۇ، ئۆزىدىن سورىسىلا، مەن ئۇنى ياخشى كۆر، دەپ ئۆگىتىپ قويمىدىم، مەن قىزىمغا ھەرگىز پالانچىنى ياخشى كۆر، پۇستانچىنى ياخشى كۆرمە، دەيدىغانلاردىن ئەمەس، بۇ ئۇنداق دەيدىغانمۇ ئىش ئەمەس!

— ھەر نەرسە ئۆز خىلى بىلەن ئەمەسمۇ؟

— ئۇنى ئۆز خىلى كۆرۈۋاتسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ... مەنمۇ شەۋكەت دېگەندەك ساۋاقدىشىنى ماقۇل كۆرگەن، لېكىن گۈلبوستان كۆڭلۈمنى تارتمايدۇ، دەيدۇ. تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولامدۇ، بۇرۇنقىلار كۆڭلى تارتمىسىمۇ بوپتۇ، دېگەن بىلەن ھازىرقى كۆزى ئېچىلغان قىزلار ئۇ يولغا ماڭمايدۇ-دە. كۆڭلى تارتمىغان بىرسىگە تېگىپ بېرىدىغان ئۇ دۇكاندىكى مال ئەمەس!

ئاۋدۇنباي ھاجىمنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ كىچىك خوتۇنىنىڭ قانداق شەرتلەر بىلەن بۇ ئائىلىگە كەلگەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلىدۇ. يىگىرمە يىلغا يېقىن بىر ئۆيدە ئۆتكەن تۇرمۇشتا ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ قانداق بولۇپ كەلگەنلىكىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ خېنىمنىڭ ئۆزىگە تەگكۈزۈپ دېگەن گەپلىرىگە ئۈن چىقىرالماي ئولتۇرۇپ قالدى. بىراق قىزىنىڭ ھېچكىمنى مەنسىتمەي، ئۆز مالىيى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، بىللە ئۆتسەم دېگىنى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتكەنىدى.

گۈلچېھرە خېنىم قىزىنىڭ يۈرەك قاتلىرىدا باي باللىرى، گىمنازىست يىگىتلەر ئۈچۈن قىلچىلىكمۇ ئورۇن يوقلۇقىنى ئاللىقاچان ھېس قىلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئەكرەمگە بولغان مۇھەببىتى بايلىق شۆھرىتىدىن، ئابرويلۇق ئائىلىدىن، شەھەر بويىچە ئەڭ يۈزلۈك ئاتىدىن ئۈستۈن كېلىۋاتقانلىقىنى قايسى كۈنكى سۆھبەتتىن چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

— كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەمنىڭ ئەقلى كېسىلىدۇ، كۆزى كور بولىدۇ، نومۇسنى ئۇنتۇيدۇ، — دېدى باي ساقاللىرىنى تىترىتىپ، — ئۆزىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ، ئەسلى زاتىنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئابرويىنى تۆكىدۇ! ... كامالىدىن ئوغۇل بالا تۇرۇپ، ئۆزى دېگىنىدىن كېچىپ، مېنىڭ دېگىنىمگە ئۆيلەنگەن. بۇ قىز بالا تۇرۇقلۇق، بىزنىڭ كېپىمىزنى ئاڭلىمىدىكەن، ئوغۇل بالا بەختسىز بولۇپ قالسا ئۇنىڭ كارى چاغلىق، قىز بالا بەختسىز بولۇپ قالسا، پۈتۈن ئائىلە غەمدە قالىدۇ. ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، سۆزلىشىڭ.

— ئۇ مەيلىم تارتمىغان ئادەم بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولسام بەختسىز بولۇپ قالىمەن، دەيدۇ، — دېدى گۈلچېھرە خېنىم جاۋاب بېرىپ، — ئەكرەمدىن باشقىسىغا ھەرگىز بارمايدىكەن.

— ئەخمەق، تازا ئەخمەقكەن، مەن ئەقىللىق دەپ يۈرسەم، نېمىشقا چوڭقۇرراق ئويلىمايدۇ، خەلقى ئالەم نېمە دەيدۇ، بوستان پەس كۆڭۈلكەن، ئۆز مالىيىدىن يىرگەنمەي تېگىپتۇ، دەيدۇ. بەزىلەر بوستان بۇزۇلۇپ كېتىپتىكەن، ئاتا-ئانىسى ئۇنى يېپىپ، مالىيىغا زورلاپ تېگىپتۇ، دەيدۇ. ھەرخىل سۆز-چۆچەك، بەتناملارغا ئۇمۇ قالىدۇ، بىزمۇ قالىمىز... تېخى ئاكىلىرى ئاڭلىسا، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر... بېشىنى سىلىكىۋېتىپ ئويلاشسۇن ئۇ!

خېنىم ئۈنچىقمىدى.

ئۇ گۈلچېھرە خېنىمنىڭ گۈلبوستانغا چىقىش يېرىنى ئاغزىتىپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. بۇ ئىشتا ئۇ بىر تەرەپتىن ھەيران قالسا، بىر تەرەپتىن غەزەپلەندى.

— سىز ئوبدانراق سۆزلىشىڭ، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتىنى ئۈزمەي، يەنە غېرىب - سەنەم بولۇشىدىغان بولسا، تۇزىمىزلى يەپ، تۇزلۇقىمىزغا تۆكۈرگەن ئۇ شۇمنىمۇ، ئالىسىنىمۇ قوغلاپ چىقىرىمەن، ئاچچىقىم كەلسە ئۇنى سولىتىۋېتىمەن!

باي غەزەپ بىلەن شۇنداق دېدى - دە، ئۆيدىن پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى. گۈلچېھرە خېنىم: مەيلىم يوق تۇرمۇش ئازابىنى ئۆمۈر بويى تارتىپ ئۆتتۈم، ئەمدى قىزىمنىمۇ شۇنداق تۇرمۇشقا ئىتتىرمەكچىمىكەن... مەيلى كىم بولسۇن ئۆز سۆيگىنىگە يېتەمدۇ، دەپ ئويلىدى - دە، خاتىرجەم هالدا كىتابىنى ئاچتى، بىراق كاللىسىغا هېچنېمە چۈشمىدى

## 45

هايات ئېقىمى، مۇهەببەتنىڭ يالقۇنجىغان كۈچلۈك ئوتى ئاۋدۇنباي هاجىمنىڭ قانۇنىغا باقمايتتى، «هەر نېمە ئۆز خىلى بىلەن» دېگەن ئۆلچەم بىلەنمۇ كارى بولمايتتى. باي ئەكرەم بىلەن گۈلبوستاننىڭ مۇهەببىتىنى ئەيىبلەۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، ئۇنىڭدىن پەقەت يۈز مېتىرلا نېرىدىكى باغنىڭ ئايىغىدا ئەكرەم بىلەن گۈلبوستان بىللە ئىدى. قىز دادىسىنىڭ قانۇن - ئۆلچەملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەكرەمنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ: «دادام هامىنى ئاڭلايدۇ، تارشى چىقىدۇ، ئەمما ئايرىۋېتەلمەيدۇ» دەۋاتاتتى.

شۇ كۈنلا ئەكرەم ئاۋدۇنباي هاجىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، تويغۇدەك تىل ئاڭلىدى.

گۈلبوستان باغدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەكرەم تولۇنئاي خېنىمنىڭ خىزمەتچىسى نۇربۇۋىگە لىمۇن ئالما ئۈزۈپ بېرىۋاتاتتى.

ئاۋدۇنباي هاجىم باغقا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىشىگە نۇربۇۋى قولىدىكى ئالما سېلىنىۋاتقان قىزىل تالدا توقۇلغان چىرايلىق سېۋەتنى يەرگە قويدى، ئەكرەم ئېگىۋالغان شاخنى قويۇۋەتتى، ئىككىسى ئەدەب بىلەن سالام قىلىشتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ئەسسالام هاجىم ئاتا.

باي ئۇلارنىڭ سالىمىنى تۈزۈككىنە ئىلىك ئالماي، بېشىنى بىلىنەر بىلىنمەس لىڭشىتىپلا قويدى، ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىدىن خاپىلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ هېچقاچان سالامغا مۇنداق جاۋاب قىلغان ئەمەس، ئەكرەمنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ ئۇرۇپ كەتتى، پۈتۈن بەدىنىنى ۋەهىمە قاپلاپ، پۇت - قوللىرى تىترەشكە باشلىدى ۋە ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، كۆزلىرىنى نەلەرگىدۇ ئېلىپ قاچتى، نۇربۇۋى سېۋەتنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەكرەم تېخىمۇ ئوڭايسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۆزىگە قاپقىنى سېلىپ قاراپ تۇرغان باينىڭ ئالدىدىن يا نېرى كېتىشنى، يا تۇرۇۋېرىشنى بىلەلمەي قالدى. باي ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قانداق قىلىدىكىن دېگەندەك قادىلىپ تۇردى.

— نېمىشقا تىترەيسەن - هە! بىرەر ئەسكى ئىش ئۆتكۈزۈپ قويغانمىدىڭ؟

www.uyghurkitap.com

سوئالغا جاۋاب بېرىش كېرەك. نېمە دېيىش مۇمكىن؟ ... باشنى ساڭگىلىتىپ
تۇرۇۋەرگىلى بولمايدۇ ـ دە. ئۇ بىر نېمە دەي دېگۈچە باينىڭ ئىككىنچى سوئالى
ئاڭلاندى:
ــ ئۇنۇڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟
ــ ھېچ ئىش ئۆتكۈزمىگەن.
ــ ھىم... شۇنداقمۇ، ئۆزۈڭنى بىلەلمەي نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭنى مېنى
بىلمەيدۇ، دەمسەن؟
ئەكرەم ئۈنچىقمىدى.
ــ ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى ئۇنتۇپ، تېخى بىزنىڭ ئائىلىگە قول سوزغۇدەك دەرىجىگە
يەتتىڭما؟
ئەكرەم بۇ سۆزدىن خورلۇق ھېس قىلىپ، ئازابلاندى ـ دە، بېشىنى ئىتتىك
كۆتۈردى:
ــ ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىمنى ئۇنتۇمىدىم، ھاجىم ئاتا!
ئۇنىڭسىزمۇ ئاچچىقى ئۆرلەپ تۇرغان باينىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياندى:
ــ ئادەملىكىڭ توغرا، سېنى ھېچكىم ئادەم ئەمەس دېگىنى يوق. ئەمما سېنىڭمۇ
ئۆز چېكىڭ بار. چېكىڭنى تاپ، ئېگىز يەردىكى مېۋىگە قول سوزساڭ، يىقىلىپ قوي، قو-
لۇڭ سۇنىدۇ!
ئەكرەمنىڭ نەزىرىدە شۇ تاپتا ئاۋدۇنباي ھاجىم بۇرۇنقى ئاۋدۇنباي ھاجىمغا زا-
دىلا ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇ بۇرۇنلۇپلا ئۇنىڭ ئالدىدىن گۇس ـ گۇس دەسسەپ كەت-
مەكچى ئىدى، بىراق دادىسى ئۆلگەندە، باينىڭ خۇددى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئۆل-
گەندەك ماتەمدار بولۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭمۇ، ئاپىسىنىڭمۇ، باشقا
مالايلارنىڭمۇ دىلىنى رەنجىتمىگەنلىكىنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى ۋە غەزىپىنى يوشۇرۇپ
پەسكە قارىدى. ئەمما باينىڭ غەزىپى بارغانسېرى ئۆرلەۋاتاتتى، پۇت ـ قوللىرى، ساقال-
لىرىمۇ تىترەپ تۇراتتى.
ــ سەن شۇنچە يىل ياخشىلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ،ــ دېدى ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم
باسقانلىقىنىمۇ سەزمەي،ــ ۋاپانىڭ ئورنىغا جاپا قىلدىڭ، بىلەمسەن، كۆزۈمگە سانجىلغان
تىكەن، يۈرىكىمگە ئۇرۇلغان خەنجەر بولدۇڭ!... مېنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى قىلغىنىڭ
قېنى؟ بۇ ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەنلىك ئەمەسمۇ!؟
ئەكرەم يەنە ئۈنچىقمىدى، ئاچچىقىنى بېسىپ يەرگە قاراپ تۇردى. ئۇ نېمە دەيدۇ؟
شۇنداق، ئالدىلىرىدا خاتا ئىش قىلىپ قويۇپتىمەن، بۇ يولۇمدىن يانای دېيىشى كېرەك
مۇ؟ ياق. ئۇنداق دېيىشكە يۈرىكى، مۇھەببىتى يول قويمايدۇ. يالغاندىن بولسىمۇ
شۇنداق دەپ قويسىچۇ؟ ۋىجدانى يول قويمايدۇ. يۈزمۇ يۈز تاقابىل
تۇرسىچۇ؟ بۇ تېخى ئىنتايىن قىيىن، ئېغىر ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن،
ئەڭ ياخشىسى، غەزىپىنى يۇتۇپ، گەپ قىلماي تۇرۇش كېرەك.
بايمۇ ئۇنىڭ ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇشىدىن، ئۈمىدلەنگەندەك، بىرەر ئېغىز گەپ

قىلمىغانلىقىدىن پەيلىدىن يانمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ھوشۇڭنى تاپ، كىرگەن كوچاڭدىن، باسقان ئىزىڭدىن يان! ياخشىلىقچە ئېيتىپ قوياي، ئەگەر ھوشۇڭنى تاپمايدىغان بولساڭ، ئاقىۋىتىڭنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قوي! ئالدىنىڭمۇ ئاچچىقى بولىدۇ.

ئەكرەمنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى پىرقىراپ كەتتى. ئەمما باينىڭ رايىغا بېقىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

باي شۇنداق دېدى ـ دە، باغدىن تېز چىقىپ كەتتى.

ئەكرەم پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىققانلىقىنى باي چىقىپ كەتكەندىلا سەزدى. ئۇ تـۇپتـۇز كېتىۋاتقان ئۆمۈر يولىدا ماتا ئەمدى توسالغۇ، ئەگرى ـ توقايلىق، ئويمان ـ چوڭقۇرلۇقلارنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى. ئەمما ئۇ بۇ ئىش ھامان بولاتتى، بۇ يول ھامان بېسىلاتتى دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

گۈلچېھرە خېنىم قىزىنىڭ قانچىلىك ئازابلارغا قېلىشىدىن، ئەكرەم ھەم يۇلتۇزخاننىڭ نېمە قىسمەتلەرگە گىرىپتار بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى: «توۋا،— دەپ ئويلايتتى ئۇ،— بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ بىرلىرى كەمبەغەل، بىرلىرى باي بولىدىكەن، مۇشۇ بايلىق، كەمبەغەللىك سەۋەبىدىن بەزى ئادەملەر ئېغىر ئازابلارغا قېلىپ، يۈرەك ـ باغرىدا ساقايماس يارىلارنى پەيدا قىلىۋالىدىكەن، بەزىلىرى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي ئەبەدىلئەبەت سەۋدايى بولۇپ ئۆتىدىكەن ۋە بەزىلىرى مۇھەببىتى، ئارزۇ ـ ئارمىنى يولىدا ئەزىز جېنىنى قۇربان قىلىدىكەن، شۇلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ، بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىق».

ئۇنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان چىرايلىق كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى. قىزى ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ خىياللىرى ئاخىرلاشمىغانىدى. ئۇ كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئېلىپ، قىزىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە سەپسېلىپ قارىدى. قىزىدا مەيۈسلۈك، ئالاقىزادىلىك ياكى قورقۇشتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. بولمىسا خېنىم بايا ھويلىدا ئۇنىڭغا: «ھۇجراڭغا كىر، داداڭ ئىشىكلارنى ئۇقۇپ بوپتۇ» دېگەنىدى.

— مېنىڭ دېگىنىمدەك بولدى، قىزىم، داداڭ چالۋاقاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى،— دېدى خېنىم ئۇھ تارتىپ.

— دادامنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى مەن بۇرۇنلا قىياس قىلىپ بولغان، ئاپا، زادى نېمە دېدى؟

— قىزىم شۇنچە ئەقىللىق تۇرۇپ، نېمىشقا ئەقلى بىلەن ئىش قىلمايدۇ، دەۋاتىدۇ.

— مۇھەببەتكە ئەقىل كەتمەيدۇ! كېتىدۇ دېيىلسە، ئەكرەمنى ئەقىل كۆزۈم تاپقان.

— داداڭنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر قانۇنى بار، قىزىم. سېنىڭ ئەكرەمنى تېپىشىڭ ئۇنىڭ «ھەر كىم ئۆز خىلىنى تېپىشى كېرەك» دېگەن قانۇنىغا سىغمايدۇ.

— مېنىڭ قانۇنىمغا، مېنىڭ كۆڭلۈمگە سىغىدۇ!— دېدى گۈلبوستان قەتئىيلىك

بىلەن ۋە بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاپىسىغا خۇددى كىچىك بالىدەك ئېسىلدى. — ئاپا، جېنىم ئاپا، مەن قانداق قىلىمەن، مۇھەببەت — ياخشى كۆرۈپ قېلىش دېگەننى بىر قېلىپقا سېلىۋالغىلى، دادامنىڭ دېگىنىدەك ياسىۋالغىلى بولمايدىكەن، ئۇ ئاتا-ئانىنىڭ مەيلىگە باقمايدىكەن، ئېيتقىنا، دۇنيادا باي بولسا قوزغىلىپ، گاداي بولسا قوزغالمايدىغان مۇھەببەتمۇ بولامدۇ! مەن دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىمدىن، ئۆمرۈمدىن رازى. ئەگەر بىرى مەندىن: دۇنياغا كەلگىنىڭگە ھەممىدىن بۇرۇن نېمىدىن رازىسەن؟ دەپ سورىسا: ئەكرەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمدىن، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. ئېيتقىنا ئاپا، مەن مۇشۇنداق ئىشتىن كېچەمدىم، كېچەلەمدىمەن؟

گۈلچېھرە خېنىم قىزىنىڭ ئازابلىنىپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، تەگسىز خىياللارغا چۆكتى، ئۇ باينىڭ ھەر كىم ئۆز خىلى بىلەن، باي-بايغا، سۇ سايغا، دېگەن قانۇنى مۇھەببەت ئالدىدا پۇچەك بىر نەرسە، ئەكرەمدىن چىرايلىقراق باي باللىرى قىزىمغا خېرىدار، لېكىن قىزىم ئۇلاردىن بىزار، ئۇلاردىن سەترەك، گاداي ئەكرەمگە ئاشىق، بۇ ھال ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قانۇنىغا سىغمايدۇ، ئەمما قىزىمنىڭ كۆڭلىگە سىغىدۇ. كۆڭۈلگە سىغقان ئىش شۇنچىلىك قۇدرەتلىككى، ئۇنىڭ ئالدىدا سەن ئاتا-ئاناڭدىن، ئادەت بولۇپ كەلگەن، شاھىيانە تۇرمۇشتىكىلەرنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن قاراشلاردىن، ئىزا-نومۇس دەپ قارىلىپ كەلگەن بارلىق نەرسىلەردىن كېچەلەيسەن، بەلكى جېنىڭدىنمۇ كېچەلەيسەن دەپ ئويلىدى.

قىپقىزىل گۈلدەك ياسالغان، قىزغۇچ ھال رەڭ شولىلار نازغىنىپ ئويناۋاتقان ھۇجرا گۈلبوستانغا يىرگىنىشلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەسكىلىكلەر، ئادەم قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان ئىشلار مۇشۇنداق ئۆيلەردە ياشاۋاتقان ئادەملەردىن چىقىدىكەن-دە! بۇلارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق ئەمەستۇ، ئەمما دادامدەك ئادەملەر ئازمۇ؟ قىز ئەزەلدىن خىيالىغا كەلگەن سۆزنى ئېيتماي قالغان ئەمەس، مەيلى قانداق ئېغىر سۆز بولسىمۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا بولسىمۇ، ئېيتىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ بۇ خىل مىجەزى مەكتەپتىمۇ، ئۆيدىمۇ ھەممىگە ئايان.

— تووا، ئادەم ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالسا بولامدۇ، ئۆزى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ، باشقىلار ئۆتىدىغان چاغدا كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈۋەتسە، ئۇنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولىدۇ ئاپا، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى قىز. ئۇنىڭ كېسىلگەن چاچلىرى سىلكىنىپ-سىلكىنىپ، چىرايلىق كۆزلىرى يالت-يۇلت قىلىپ قەلبىدىكى غەزىپىنى ئىپادە قىلىپ تۇراتتى، — داداممۇ ئۆز ۋاقتىدا ياش بولغىدى. ئەمدى قېرىغاندا، ياشلىقىنى ئۇنتۇپ قالسا، ياشلىقنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان ئوتلىرىنى، ئىشق-ھەۋەسلىرىنى، ئارزۇ-ئارمان، تىلەك-خاھىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالسا، باللىرىنىڭ ئالدىدا جىنايەتكار بولمامدۇ؟ دادام سېنى كۆيۈپ قېلىپ ئاپتىكەنغۇ، شۇ چاغدا ئازابلانماپتىكەنمۇ؟ شۇ چاغدا بىرى ئاۋدۇنباي ھاجىم ئۆز خىللىرىنى تاپسىلا، دېسە، دادام نېمە دەر ئىدى؟ قەلەندەرنىڭ قىزى بولغان بولساڭ سېنى ئالماسمىدى. ياكى سىلەرنىڭ چويلىدا تۇرمايدىغان دايىلىقىڭلارغا كۆيۈپ قاپتىكەنمۇ؟ ئۆزى قايسى شەھەرگە بارسا، كەمبەغەللەرنىڭ قىزىنى ئېلىپ، ئابرويى

تۆكۈلمەيدىكەنلۇ، مەن گادايىنىڭ ئوغلىغا تەگسەم تۆكۈلەمدىكەن؟

گۈلچېھرە خېنىم قىزىنىڭ غەزەپلىنىپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ھاياجانلاندى ۋە كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى.

ـــ داداڭغا مۇنداق ئىشلار ئاسان ئوخشايدۇ،ـــ دېدى ئاق سۈزۈك مەڭزىگە بىر تامچە ياش تېمىپ چۈشكەن ئاپىسى، ـــ ئەكرەمنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتسىلا بولىدىغۇ، دەپ قارايدىكەن.

ـــ ئادەمنىڭ نازۇك ھېسسىياتىنى، مۇھەببىتىنى بوغماقچى، ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەم ياخشى ئادەممۇ؟ مەن دادامنى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئۇلارنى چۈشىنىدىغان، ئۇلارغا ئازار بەرمەيدىغان ياخشى ئادەم، دەپ قارايتتىم، ياق، ئۇ ئۇنداق ئادەم ئەمەسكەن، دادام بولسىمۇ، ئەۋلىيا بولسىمۇ، ھەق گەپنى ئېيتاي: ياخشى ئادەم ئەمەسكەن، ئەسكى ئادەمكەن!

گۈلبوستان كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەرگە باي قىز، گۈزەل خاتىرىلەرنى ئويلايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىگە لەززەت تاپالايدىغان قىز. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭۈللۈك ئەسلىمە، خاتىرىلىرىگە ئەلەم، ئازاب ئارىلىشىۋالدى. تېخى ئەكرەمنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، دەۋاتىدۇ. كۆڭۈللۈك ئەسلىمە، گۈزەل خاتىرىلەر ئەكرەم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن تۇغۇلغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇشقا، كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىشكە بولسۇن!

غەزەپ ـ نەپرەت گۈلبوستاننىڭ كۆز ياشلىرىنى توختىتىپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمىدى. كۆزى يېنىپ، كىرپىكلىرى قادىلىپ كەتكەنىدى.

ـــ ئەكرەمنى گاداي، تېگى پەس دەمدىكەن، دادامنىڭ قويۇۋاتقان ئىللىتى شۇدۇ؟

گۈلچېھرە خېنىم گەپ قىلماستىن بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ، قىزىنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى.


ـــ راست، ئەكرەم گاداي،ـــ دېدى ئۇ ئاۋازىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي،ـــ گادايلىق گۇناھمۇ، ئۆزىنى ئۇنى باي دەپ ئۇنى يارىتمايۋاتقانلارنىڭ ئۇنىڭدىن نېمىسى ئارتۇق؟ بايلىقى بىلەن ئۆزىنى بېزەپ يۈرگىنى ئارتۇق. ئەمما ئەكرەم ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن. ئەكرەم ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋىجدانى، تۇرمۇش چۈشەنچىسى، ئېسىل پەزىلەت، خىسلىتى بىلەن بۈيۈك ئادەم، بۈيۈك تاغ!

ئۆز ھۇجرىسىغا ماڭغان ئاۋدۇنباي ھاجىم ئىشىكنى تۈۋىگە كەلگەندە، گۈلبوستاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدى. گۈلبوستان ئۆي ئىچىدە ئۇيااقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. پۇتلىرى دىرىلدەپ تىترەپ كەتكەن باي ئۆزىنى باسالماي ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىرقىما ساقىلىدىن تارتىپ، ئۇچىسىدىكى مۇۋۇت پېرىجىسكىچە تىترەپ تۇراتتى. خېنىم ئۇنى مۇنداق ھالەتتە زادىلا كۆرمىگەنىدى.

ـــ ھە، نېمە دەپ چالۋاقايسەن، مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەنىدەك،ـــ دېدى ئۇ كىرگەن يېرىدىلا توختاپ،ـــ مەن سېنىڭ نېمىگىنى يەۋاتىمەن، بەختىڭنى

www.uyghurkitap.com

ئويلاۋاتىمەن، يامان كۆڭگە قالسۇن دەپتىمەنمۇ؟ قايسى ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختسىز بولۇشىنى خالايدۇ؟ ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ كەتكۈدەك سەن ئۇنىڭغا قانچىلىك باغلىنىپ قالغان؟



گۈلبوستان يىغلىۋەتتى. سىم كارىۋاتنىڭ ئۈستىدىكى ياستۇقتا يۈزىنى يېقىپ ئۆپكىدەپ كەتتى. باي گۈلچېھرە خېنىم بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشكەندە ئەگەر بۇ ئىشقا رازى بولساق، كىشىلەر ئۇنداق، يا مۇنداق بەدناملارنى چاپلىشى مۇمكىن دېگەنىدى. مانا ھازىر شۇنداق گەپنى باينىڭ ئۆزى قىلىۋاتاتتى. ئاسانلىقچە يىغلىمايدىغان قىزنىڭ كۆز يېشىمۇ بىكارغا تۆكۈلمەيۋاتاتتى.

گۈلچېھرە خېنىمنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلدى، لېكىن قىزىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ــ نېمىگە يىغلايسەن! ــ دېدى باي ۋارقىراپ، ــ ئاتاڭ ئۆلدىمۇيا، ئاناڭ ئۆلدىمۇ؟

ــ يىغلاش ئۆز ھوقۇقىم، ــ دېدى قىزىمۇ بېشىنى كۆتۈرمەي ۋارقىراپ، ــ سەن بۇنىمۇ مەندىن تارتىپ ئالماقچىمىدىڭ؟!

ــ ماڭا يېنىۋاتامسەن، ئەقىلسىز كاج.

ــ گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىنمۇ قايتما، دەپتىكەن...

ــ ھىم...

قىزىدىن شۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاۋدۇنباي ھاجىمنىڭ چىرايى كۆك بويىدەك كۆكىرىپ كەتتى.

ــ ئۇ چۇپرەندىگە سەن لايىقمىدىڭ ـ ھە!

باشقا ھەرقانداق كىشىنى تىللىسىمۇ قىز چىداپ تۇرار ئىدى، ئەكرەمنى تىللىشىغا چىداپ تۇرالمىدى:

— ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى بايلىق بىلەن ئۆلچەنمەيدىكەن، باي بولسا، ئالىيجاناب، كەمبەغەل بولسا، چۈپرەندە بولامدىكەن؟ بۇ ئۆلچەملىرىڭىزنى سۆزلەپ يۈرگۈچە دەرياغا ئاپىرىپ ئېقىتىۋەت!

— تىلىڭنى تارت! نانىنىڭ ئۇۋۇق ـ تەتۈرىنى بىلمەيدىغان دۆت!

ئۇ دادىسىنىڭ ئاھانىتىدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتسىمۇ، ئاشۇ ئازاب، تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياش ئىچىدىن قايناق مۇھەببىتىنىڭ ئۆزىگە ئالىيجاناب قۇدرەت، لەززەت بېغىشلاۋاتقىنىنى سەزمەكتە ئىدى.

— ساڭا قىلغان ئەجرە ـ ئەقىدىنى دەرياغا ئاپىرىپ ئېقىتىۋېتىش كېرەك... مەن ئادەم باقماپتىمەن، ئىت بېقىپتىمەن، يوقال كۆزۈمدىن!

— ئېسىلىۋالامدىكىن دەمسەن،— دېدى گۈلبوستان بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن دادىسىغا تىكىلىپ،— بۇ ئۆيدىن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزىمەن، ياتاقتا كېتىمەن، ياتاقتا يېتىۋاتقان ماڭا ئوخشاش قىزلارمۇ جىق،— ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى.

— ئاشۇ ئەكرەم دېگىنىڭنى سولتىۋەتمەيدىغان بولسام!

چىك ـ چىك دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بارغان گۈلبوستان كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— سولتىۋەتسەڭ سولتىۋەت. تۆرمە تاملىرى مۇھەببەتنى ھەرگىز توسۇۋالالمايدۇ!— دېدى ـ دە، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

كۆزلىرى ئىمىر ـ چىمىر قىلىپ، بېشى قايغان باي كەينىگە مۇدۇرۇپ، تامغا سىيرىلىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. گۈلچېھرە خېنىم كۆز يېشىنىمۇ ئېرىتماي، «ئەكرەمنى تۈرمىگە سولتىۋەتسەم، ئىككىسىنى ئايرىۋەتسەم، گۈلبوستان ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، دەپ خاتا ئويلاۋاتىدۇ بۇ، لېكىن مۇھەببەت جۇدالىقتىن، سېغىنىشتىن تېخىمۇ زور كۈچ ـ قۇۋۋەت ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئەمدى تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ، يالقۇنلايدۇ...» دەپ ئويلىدى.

گۈلبوستان شۇ پېتى ئۆز خانىسىغىمۇ يولىمىدى، باغقىمۇ كىرمىدى، تاشقىرىقى قورۇغا چىقتى ـ دە، يۇلتۇزخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى، ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىدى. ئۇ ئەكرەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە ياشاشنىڭ مەنىسىنى، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى چۈشەنگەن، تېتىغان ۋە شۇنىڭدىن باشلاپلا كۆز ئالدىدا بىر يېڭى، ئاجايىپ گۈزەل دۇنيا ئېچىلغانلىقىنى بايقىغان. ئەكرەم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تەئەللۇق ئىشلار ئۇنىڭ خاتىرىسىگە شۇنچىلىك چىڭ ئورناپ كەتكەن، ئۇنتۇپ كېتىشكە مۇمكىن بولمايدىغان، يۈرەككە خۇددى چىرايلىق نەقىشلەردەك چېكىلىپ كەتكەن ئىشلار ئىدى. «ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش جىنايەت،— دەپ ئويلىدى

گۈلبوستان،— ھەي دادا، سېنى ئۇنتۇپ كەتسەم كېتەمەنكى، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن. سەن مېنى چۈشەنگەن، ماڭا خەير - خاھلىق كۆرسەتكەن بولساڭ، شۇ چاغدا سېنى ئۇنتۇپ كەتسەم، بۇمۇ مەن ئۈچۈن جىنايەت بولار ئىدى.»

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئەكرەم رېھىم بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. بوۋاي سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئەكرەمگە بىر قارىدى - دە:

— بېشىڭغا قاتتىق كۈن چۈشتىمۇ ئەمدى؟— دېدى. ئەكرەمنىڭ مەيۈس كۆزلىرى پەسكە تىكىلدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئەكرەم كۆرۈنمىگەنىدى. ئۇنىڭ تاماققا كەلمىگەنلىكىنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈن ھەممىسىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، قانداقتۇر بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇ روھىي ھالەتلەردىن بوۋاي ئەكرەم بىلەن گۈلبوستاننىڭ خۇپىيانە ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ دېگەن پەرەزگە كەلگەن. ئەكرەمنىڭ بېشىنى ساڭگىلىتىپ كېتىشىمۇ ئۇنىڭ پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى.

— شۇنداق بوۋا، قاتتىق كۈن چۈشتى،— دېدى ئەكرەم خېلىدىن كېيىن،— ئېيتقىنىڭ كېلىۋاتىدۇ...

— بىلىمەن، ئېگىزگە ئېسىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق كۈن چۈشىدۇ،— دېدى بوۋاي تاماكىنى قاتتىق شوراپ. ئۇ بىردىنلا قايناپ كەتتى،— قانداق قىلغۇلۇق، ئېسىلماي دېسەڭ، كۆڭلۈڭ ئۇنىمسا... قىزىقكەن بۇ خەق، كۆڭۈل دېگەن ئاۋۇنىڭغا ئېتىل دېسە، ئېتىلىدىغان، ماۋۇنىڭغا ئېتىلما دېسە ئېتىلمايدىغان ساقچىنىڭ ئۆگەتكەن ماشكىسىمۇ!

— مەنغۇ مەيلى، رېھىم بوۋا، ئوغۇل بالىمەن، گۈلبوستانغا يامان بولدى دېگىنە، قەپەستىكى قۇشتەك بولۇپ قالدى، مېنى دەپ ئازابقا قېلىۋاتىدۇ.

ئەكرەم ئاۋدۇنباي ھاجىمنىڭ باغقا كىرىپ، ئۆزىگە بىرمۇنچە ئاھانەتلەرنى قىلغانلىقىنى، ئەگەر ھوشۇڭنى تېپىپ، بۇ يولدىن قايتمايدىغان بولساڭ، ئاقىۋىتىڭنىڭ نېمە بولۇشىنى ئويلىشىپ قوي دېگەنلىكىنى، بايا گۈلبوستان بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى، قىزنىڭ دادىسى بىلەن يۈزمۇ يۈز دېيىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ دادىسىغا يانغانلىقىنى، باي ئۇنى قانچىلىك قىيىن - قىستاق، سوئال - سوراققا تارتسىمۇ، ئۇ ئىرادەمدىن يانمايمەن، دەپ چىڭ تۇرغانلىقى، گۈلچېھرە خېنىمنىڭ قىزى تەرەپتە تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى.

— بۇ يولغا كىرگەن ئادەم ئازاب تارتىدۇ، ئېغىر قىسمەتلەرگە قالىدۇ، ئاشىقلىق

يولى— ئازاب يولى، ئەمما ئازاب ئاشىقلارنى تاۋلايدۇ... «جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن شۇ. سەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىسەن، ئۇ ساڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئادەمنى باغلاپ تۇرغان يىپ چىڭىيىدۇ. شۇنداق كۆڭۈل، شۇنداق ئىرادە بولمىسا، ئادەم دېگەن ئەسكى لاتىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالمامدۇ!

— مەنغۇ رېھىم بوۋا، بېشىمغا ھەرقانداق ئېغىر كۈن كەلسىمۇ، باسقان ئىزىمدىن قايتمايمەن. گۈلبوستانمۇ شۇنداق دەيدۇ. بىزنىڭ مۇشۇ ئىرادىمىز يەنە نۇرغۇنلىغان دەردۇ - بالالارنى كەلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ.

— تېخىمۇ ئېغىردنى كەلتۈرىدۇ. ھاجىم ھوشۇڭنى تاپ، دېگەنىدە، سەن نېمە دېدىڭ؟

— شۇك تۇردۇم.

— گۈلبوستان قىز نېمە دەپتۇ؟

— دادىسىغا يېنىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ھەر ئىككىڭلار ھاجىمنىڭ نىيىتىگە كۆنمىدىڭلار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇ شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالامدۇ؟ ئىككىڭلارنى ئايرىۋېتىشنىڭ چارىسىنى قىلماي خاتىرجەم بولالامدۇ؟

— ئەمدى مېنىمۇ، ئاپامنىمۇ بۇ قورۇدىن ھەيدەمدىكىن دەيمەن؟

— سېنى نېرى قىلىۋەتكەنگە ھاجىمنىڭ كۆڭلى تىنمايدۇ، نېمىشقا دېسەڭ، گۈلبوستان ئۆيدە ئولتۇرغان قىز ئەمەس، شۇڭا ئىككىڭلارنى بىر - بىرىڭلار بىلەن كۆرۈشەلمەسلىكىنىڭ چارىسىنى قىلىدۇ. بۇ قانداق چارە؟ بۇنى بىر ھاجىم بىلىدۇ، بىر خۇدا بىلىدۇ. ھاجىم باشقا بايلارغا ئوخشىمايدىغان ئادەم ئىدى، بىراق بالام، ئەمدى ئۇ ئۆز ئابرويۇمنى ساقلايمەن دەپ ئاۋۋالقى ھاجىمدىن باشقىچە ھاجىمغا ئۆزگىرىدۇ.

ئەكرەم ئۆزىنىمۇ، ئاپىسىنىمۇ ئويلىماي، يەنىلا گۈلبوستاننى ئويلاۋاتاتتى: ئۇ ئىنچىكە كۆچلۈك قىز، باشقا كەلگەن قىسمەتكە قارشىلىق قىلىدىغان، ئېتىلىپ تۇرىدىغان قىز... ئۇنى نېمىلەر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ؟ ئەكرەم شۇنىلا ئويلايتتى. ئەمما ئۆزىنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

— ھەر ھالدا بالام،— دېدى بوۋاي چوڭقۇر تىنىپ، ئەكرەمگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ،— ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى گۈلبوستان قىزنىڭ سەمىگە سېلىپ قوي، سەن ئوغۇل، قىز بالا دېگەن ھەسرەتكە چىدىمايدۇ.

ئەكرەم بىلەن رېھىم بوۋاي پاراڭلىشىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئاۋدۇنباي ھاجىم ئۆز ھۇجرىسىدا قىزىنىڭ ئاشىقى ئەكرەمنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىر - قىسمىتىنى بەلگىلەۋاتاتتى:

— مەن ئابرويۇمنىڭ تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆز ئۆمرۈمدە بىر ئەسكى ئىش قىلىدىغان بولدۇم؛ ئۇنداق ئويلاپ - مۇنداق ئويلاپ ئاخىرى ئەكرەمنى سولتىۋېتىش قارارىغا كەلدىم،— دېدى ئۇ ئۇدۇلدا ئولتۇرغان گۈلچېھرە خېنىمغا،— ئۇنى گۈلبوستاندىن

www.uyghurkitap.com

هەرقانچە نېرى قىلىۋەتسەممۇ، كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدۇ، ئۇ تاكى گۈلبوستان ياتىلىق بولغۇچە سولاقتا يېتىشى كېرەك.

گۈلچېھرە خېنىم غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى ۋە ئېرىگە تەئەججۇپلىنىپ قارىدى:

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ئاتايىن، بىلىپ تۇرۇپ، ئەسكى ئىش قىلىش كۆڭۈللىرىگە قانداق سىغدى؟

— مەن قارارىمدىن يانمايمەن، بىلمەي تۇرۇپ قىلغان قاراردىن يېنىش مۇمكىن، بىلىپ تۇرۇپ قىلغان قارارىدىن يېنىش مۇمكىن ئەمەس. مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە، خاھىشىڭىزغا ئۆمۈر بويى قارشى چىقمىغان، سىزمۇ مېنىڭ مۇشۇ بىر ئىشىمغا قارشى چىقماڭ، يۇلتۇزخان ھالال ئىشلىگەن، ئەمما مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن ئۇنىمۇ قورۇدىن قوغلايمەن.

— ئەمىسە بۇ قورۇدىن مېنىمۇ قوغلىسىلا، — گۈلچېھرە خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇمۇ ئۆمرىدە قىلمىغان بىر ئىشنى قىلدى. قولىدىكى كىتابنى غەزەپ بىلەن ئىشىككە ئاتتى، — ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەكچىمۇ؟ مەنمۇ بۇ قورۇدىن كېتىمەن، ھازىرلا كېتىمەن!... بۇ ئۆيمۇ ياكى ئادەملەرنى ناھەق جازالايدىغان مۇيتۇگزىمۇ!

ھاجىم ساقاللىرىنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تاراپ بىر ھازاغىچە ئويلىنىپ قالدى ۋە پەيلىدىن ياندى:

— بوپتۇ ئۇنىڭغا ماقۇل دەي، يۇلتۇزخانغا ئەكرەمنى نېمىشقا سولىتىۋەتكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ.

— ئۆزلىرى دېسلە، مەن ھەرگىز دېمەيمەن.

— يەنە بىر ئىش، گۈلبوستان ياتاققا كېتىمەن دەپ چالۋاقىدى، ئۇ ئەقىلسىز ياتاققا كەتسە، ئوخشاشلا مېنىڭ ئابرۇيۇمغا داغ چۈشۈرىدۇ، ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرۇڭ، گەپ قىلىڭ، قاتتىق گەپ قىلىڭ، ئەقىلسىزلىكى مەشەدىرەك تۇرۇپ تۇرسۇن.

گۈلچېھرە خېنىم ئۈنچىقمىدى.

ئاۋدۇنباي ھاجىم شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۆيدىن چىقتى. زالغا چىققاندا يۇلتۇزخان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىۋىدى، كۆزىنى دەرھال ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

**ئىمىن ئەخمىدى**

# گۈيلىن كۈيلىرى

## لىجياڭ دەرياسى

1

تاغ ئېگىزمۇ ياكى ئاسمان پەس؟
بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان پەۋەس.
چوققىلارنى سۆيگەن ئاق بۇلۇت
مانان ئارا ئالىدۇ نەپەس.
بامبۇكزاردا ئاياغ تىۋىشى
چاتقاللارنى ئەگىپ ئۆتۈش تەس.
چاچلىرىڭغا يامشايمۇ دەپ
بانان شېخى ئېگىلىدۇ پەس
بۇ مۇھەببەت ئەجەب مۇقەددەس.

2

سۈزۈك سۇلار كۆزۈڭ بەئەينى،
قارىچۇقىڭ جىمىرلىغان تاش.
كۆكسۈڭ كەبى يۇمشاق ئېدىرلار،
رومالىڭدۇر ئىككى يېشىل قاش.
يالغۇز ئۈزۈپ كەلگەن قومۇش سال،
قويدى خىيال قىرغىقىغا باش.
هاياجاندا جىلۋىلىك شەپەق،
تۆكتى چەكسىز چىمەنلەرگە ياش.

3

تىلسىم سۈپەت دالالار قوينى،
سۈرەت يەڭلىغ چۈشىدۇ كۆزگە.
شىلدىر ـ شىلدىر ئالتۇن ياپراقلار،
باهار ئىزدەپ كۈلىدۇ كۆزگە.
غايىبانە مەغرۇر چىرايىڭ،
ئۆلۈكنىمۇ ئۈندەيدۇ سۆزگە.
تۇيدۇرمايلا باغاشلىۋالدىڭ،
يارىڭ يوقمۇ مېنىڭدىن ئۆزگە؟

4

قەيەردىدۇر نەينىڭ ئاۋازى،
كىيىكلەرنى قىلىپ قويدى لال.
قىيا باققان بېلىقچى قىزلار
نىگاھىمنى ئەيلىدى مالال.
دولقۇنىڭغا بېشىمنى ئېگىپ،
قىرغاق ئۈچۈن بولۇپ قالاي تال.
ئىشەنچ قىلساڭ غۇبارسىز سۆيگۈ،
گۈزەللىكىڭ چېھرىڭگە خال.

5

كېتىپ قالسام كۆڭلۈم سېنىڭدە،
هەر تىنىقىڭ جىسمىمغە مىڭ جان.
تۇرغىن دېسەڭ باغرىڭدا ئويناپ،
مىسرالاردىن ياسايمەن خامان.
قىسقا ئۆمۈر چۈشۈمدەك تاتلىق،
ئۆتەلمەيمەن ئەمدى خىرامان.
داۋان ئېشىپ كەلگەن ئەقىدەم،
ئاستانەڭگە بولىدۇ مېھمان.

www.uygurkitap.com

6

شاۋقۇن سالماي ئاقسەن جىمجىت،
ھەر تامچاڭدا جەننەت مۇجەسسەم.
سېنى كۆرۈپ زەمزەم بولىدۇ
زەڭگەر كۆكتىن كەلگەن قەترە ھەم.
ھەممىمىز تەڭ يارالغان تۇرۇپ
سېنى باشقا بىلگەنمۇ ئىگەم؟
قىز ـ يىگىتنىڭ خىزىر مىكىن تاڭ،
قەلبىمدە ئوت، كۆزلىرىمدە نەم.

7

كۆپ نەرسەمنى ئېلىپلا ئالدىڭ،
بەرگىنىڭنى ساناپ چىقماق تەس.
كىندىك قېنىم قىسمەتلىرىدىن،
ئاتا قىلدىڭ يېڭى بىر ھەۋەس.
نومۇسىمنىڭ بەرگىمە شەبنەم،
زۇمرەت يوللار تۈكىگەن ئەمەس.
قانلىرىمدىن ئۇرغۇيدۇ قەسەم
ئۆرتەندىممۇ شۇنىڭ ئۆزى بەس!
بۇ مۇھەببەت ئەجەب مۇقەددەس...

## گۈيلەن، گۈيلەن!

1

گۈزەللىكنىڭ ئالەمدە يەككە،
شۇ ۋەج باقماي كەلدىم بۆلەككە.
بوسۇغاڭغا پۇتۇمنى قويسام،
ئوت كەتكەندەك بولدى يۈرەككە.
نە ئايرىلىش ھەتتا بىر زامان
سېغىنىشنى ئۇرنىدىڭ دەردكە.
بۈگۈن كۆرۈپ چىھرىڭنى جانان،
ھۆرمەت ئارا يانىدىم ئەدەبكە.
ھاياجاندا قەلەم سەۋدايى،
چاپىمەن دەپ كىرمەيدۇ گەپكە.
قارىغىنا، قانىمۇ، سىپاھىمۇ،
تېمىۋاتقان شاھانە بەتكە!
سەن جەننەتمۇ ۋە ياكى مەككە؟

2

تاغلىرىڭنى تەگرىتاغ دېسەم،
تەلەپ قىلدىڭ باشلىرىڭغا قار.
بىلمىدىڭمۇ بېغىڭدا بۇ دەم،
سەن سۆيۈنگەن قارنىڭ رەڭگى بار.
ئىككى پەسىل قەلبىمدە بىر ئوت،
بىر تۇپراقنىڭ ئىشقىدا يانار.
ئىككى زىننەت باغرىدا بىر يۇرت،
بىر يۈرەككە ئەبەد ئىپتىخار.
كۈمۈش لىباس دىلىنىڭ پاكلىقى،
يېشىللىقىڭ سۆيگۈ يېغۇبار.
يېشىل ساقلا بوستانلىرىڭنى،
بولۇۋەرسۇن كۆكسۈڭدە باھار.

3

بۇلۇق ئۆسكەن شىبەر قومۇشلۇق،
قوناقلىققا، قوناققا رەڭداش.
قىر ئارىلاپ كۆلۈشكەن قىزلار،
خىيالىمغا تاشلىۋەتتى تاش.
ياپراقلاردا ئۇخلايدۇ شەبنەم،
مەيىن شامال شاخلارغا مۇڭداش.
يىلتىز ئارا گۈپۈلدىگەن نەم،
ئارزۇيۇمنى قىلىپ قويدى پاش.
بايان قىلغىن، تاتلىقلىقىڭنى،
بەرگەن يەرمۇ ۋە ياكى قۇياش.
شوللىلارنى يامراتقان دىلدا
ئاي يۈزۈڭمۇ، سۆزلە قەلەمقاش؟

4

رەڭ تاغلىرى، «رەڭلەر دۆۋىسى»
ئۇۋۇمۇ سەن ھەمسەن ـ ھۆسنىگە.
گەر ياق دېسەڭ ئالەم ئىگىسى،
يان باسقانمۇ رەڭدار چىمەنگە.
تۇغ ـ ئەلەمنىڭ جەۋلانلىرى بار،

چۈشكەن كەبى يېڭى تالەر جەڭگە.
تارقىتامتىلىڭ پاكى بىر ئۈزۈك،
گۈزەللىكنى ھەر بىر قەدەمگە.
قانداق ئىش بۇ جەننەت گۈزەللىك،
يىغىلغىنى بىرلا بەدەنگە!
يۈرىكىمنى قوشۇپ قويساڭچۇ،
كۆكسۈڭدىكى قىپقىزىل رەڭگە؟

5

قۇچىقىڭدا «قومۇش نەيلىك غار»،
بوغۇم ـ بوغۇم خۇددى قومۇش نەي.
تاش ئارىلاپ ئۆسكەن بىر گىياھ،
تەمەنناسىز كۆزگە كۆرۈنمەي.
نەي ئاۋازى غارنىڭ ئاۋازى،
ئايرىماق تەس، چىقار ئۈزۈلمەي.
گويا يىلنىڭ قىشى ۋە يازى،
ئەتكەن كەبى ئەسىرنى ئەللەي.
پەرىشتەلەر تۇتقاندەك قەدەھ،
دىۋارلاردىن تۆكۈلىدۇ مەي.
بىر ئاھاڭغا كۆڭلىنى قوشۇپ،
كىم قالدۇرغان ئىچىپ تۈگەتمەي؟!

6

بولدى مېنىڭ مەڭگۈلۈك ئەركەم،
ئاسمىنىڭدا كۆلگەن تولۇن ئاي.
شەرەت قىلىپ يۈرگىلى نەكەم،
پەرىلەرنىڭ تۇتۇپ يېڭى جاي.
قوينۇڭ كەڭرى قۇچىقىڭ ئاندىن،
تۇرۇپ كەتتىم كىرە سالالماي.
چىللاپ كەلدىڭ، لېكىن بەرمىدىڭ،
مۇڭدىشىشقا بىرەر پاناھ جاي.
كەلمىگەندە ھېسلىرىم تەكشى
غۇرۇرىمنى سىنىدىڭ تالاي.
بىر گەپ قىلغىن، ۋاپاسى چەكسىز،
يارىڭ بولۇپ يېنىڭدا قالاي.

7

چەشمىلەرنىڭ ئۇيقۇسىز دائىم،
جىرىڭلايدۇ كۈمۈش قوڭغۇراق.
بوشلۇق بىلەن سۆزلىشەمدىكىن،
شىلدىر ـ شىلدىر قىلىدۇ ياپراق.
تىنىم تاپماس قۇشلار ئاۋازى،
لەۋدە مەڭگۈ، ئېغىزدا قۇلاق.
تەبىئەتنىڭ چېھرىدە ياشلىق،
غۇنچىلاردا ھەر تاڭ بىر پىراق.
تاغلار كېلىپ سۇنى سۆيىدۇ،
كىمدە سۆيگۈ، كىمدە ئىشتىياق.
ئىزدەپ كۆرسەڭ پىنھان ماكان يوق،
ھايات ئويغاق، مۇھەببەت ئويغاق.

1991 ـ يىل 11 ـ ئاي،
گۆيلىن

ئابدۇسالام توختى

# ئارزۇ چېچەكلىرى

## قار لەيلىسى

قار گۈلى، قار لەيلىسى ـ تاغلا گۈلى
ئېچىلىپتۇ قارىسام تاشنى يېرىپ،
بىپايان ئاق قار ۋە كۆك مۇز ئۈستىدە،
تۇرىدۇ مەردانە ئۇ كۆكرەك كېرىپ.
قەھرىتان، ئايازغا ھېچ قىلماي پىسەنت،
كۈلىدۇ قار ـ مۇز ئارا خەندان ئۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

قانچە سوغ بولسا ئۇ شۇنچە شادلىنار،
ھەم كۈلەر ئۇ شۇنچە ھۆسنىگە تولۇپ.
شۇنچە كۆركەم،
شۇنچە ئۈز قار لەيلىسى،
خۇددى ساپ ئالتۇن كەبى چاقناپ تۇرار.
زەپ نازاكەتلىك، گۈزەل، زەپمۇ ئېسىل،
ھەر گۈلى،
ھەر ياپرىقىدىن نۇر ئامار.
خۇددى باتۇر جەڭچىگە ئوخشايدۇ ئۇ،
بۇ ئانا يۇرتنى ھامان قوغدايدىغان،
بەك ئېسىل،
نۇرلىنىپ، كۈندەك كۈلۈپ چاقنايدىغان.
ۋۇجۇدى يالقۇن ئۇنىڭ ئۆچمەيدىغان.
ئاق لىباس كىيگەن ئېگىز تاغ ئۈستىدە،
ئېچىلىپ، ياشنار ھامان ئۇ كۆكىرىپ.
چىقسىمۇ بوران - شىۋىرغان گۈركىرەپ،
تۇرىدۇ
تاغلار ئارا باش كۆتۈرۈپ.
مىسلىسىز كۆركەم، ئېگىز بوغدا تېغى،
تىك تۇرار ھەيۋەت بىلەن باش كۆتۈرۈپ.
ئۆزگىچە ھۆسن بېغىشلاپ بوغدىغا،
تۇرىدۇ قار لەيلىسى لىۋەن كۈلۈپ.

ئالنيجانابتۇر خىسلىتى

## شام ھەققىدە غەزەل

ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن

نۇرىنى چاچماقتا ھەردەم خۇددى مەشئەلدەك بۇ شام،
يورۇتار ھەر ئۆينى، ھەر ئادەمنى ھېچ ئالماي ئارام.

بار ۋۇجۇدىنى ئازابلاپ، بېشىدا ئوت كۆيسىمۇ،
چەكسىمۇ مىڭبىر جاپالار، تىك تۇرار بېرىپ چىدام.

شام نۇرىدا يېتىلىپ چىققۇسى ئالىم بىھېساب،
پۈتكۈسى كۆپ خەمسە — داستان، ئالەمشۇمۇل ئالىي كالام.

باشقىلارغا نۇر بېرىپ، سۆ بولسىمۇ ئوتتا تېنى
نۇر چېچىشنى ئەڭ ئاداققى دەمگىچە قىلار داۋام.

شوخ يىگىت، جانانە قىزلار شام نۇرىدىن بەھىر ئېلىپ،
كۈلىدۇ يايراپ ھەمىشە نۇر ئىچىدە شاد - خۇرام.

ئەڭ ئېسىل پەزىلىتىدىن ئالەم نۇرىستان بولسىمۇ،
تىلىمەس ئۆزىگە قىلچە شان - شەرەپ، شۆھرەتۇ - نام.

نەقەدەر پارلاق، يورۇق شامنىڭ بۈيۈك پەزىلىتى،
بىلدۈرىمەن ئاشۇ شامغا چىن دىلىمدىن ئېھتىرام!

## قەشقەر ھەققىدە غەزەل

دىلىمدىن سېغىنىپ كەلدىم، سېنى ئەي جانىجان قەشقەر،
قۇچاق ئاچتىڭ يەنە قىزغىن قەدىردان ئانىجان قەشقەر.

گۈزەل باغرىڭغا كىم كەلسە، خۇشاللىقتا چۆمەر قەلبى،
قۇياشتەك چېھرى زەپ يىللىق، سۆيۈملۈك، مېھرىبان قەشقەر.

بەختىنىڭ گۈللىرى سەندە چېچەكلەپ مېۋە بېرىپتۇ،
ئىجادكار خەلقىمىز ھەر دەم ياشاركەن شادىمان، قەشقەر.

بېغىڭ گۈلشەن، مېۋەڭ شەربەت، بېغىشلار تەنگە زەپ لەززەت
سۆيۈندى كەڭرى قوينۇڭدا كۈلۈپ - يايراپ بۇ جان قەشقەر.

بازارىڭ زەپمۇ ئاۋاتكەن، خەلقىنىڭ كۆڭلىمۇ شادكەن،
تۈگەپتۇ سەندە ئۆتمۈشتە خەلق چەككەن پىغان، قەشقەر.

جاھانغا يۈزلىنىپ كۈرمىڭ مائارىپچى جەسۇر ئىنسان،
كېلىپ يۈكسەك جاسارەتكە ئېشىپتۇ تاغ - داۋان قەشقەر.

قىزىل دەريا سېلىپ شاۋقۇن گۈزەل بەختىڭنى كۈيلەيدۇ،
ئېچىلغاي تېخىمۇ بەختىڭ، چېچەكلەپ ھەر زامان، قەشقەر.

تاۋاپ قىلدىم بوۋام مەھمۇت، يۈسۈپنىڭ قەبرىگاھىنى،
غۇرۇر، پەخرىم گويا فونتان بولۇپ تاشتى شۇئان، قەشقەر.

ئۇلۇغ، ئالەمشۇمۇل ئۆلگە ياراتتى ئاشۇ ئەجدادلار،
ئۇلاردىن يادىكار قالدى ئەبەد ئۆلمەس دىۋان، قەشقەر.

بۆشۈكى، يۇرتىدۇرسەنكى قەدىمىي ئىلمۇ ئېرپانىنىڭ،
ئەزىز قوينۇڭدا ئۆسكەندۇر بىھېساب پەھلىۋان قەشقەر.

ئۆزەڭگە خاس ئوغۇلدۇرمەن، بوۋام ئەسلى * ئوپاللىقكەن.
ئىلى تارىخىدىن يۇ ئىش ماڭا بولدى ئايان، قەشقەر.

لەزەر سالسام، شۇ تاپتا سەن ئاجايىپ كاتتا بىر سۇمۇرغ،
گويا پەرۋاز قىلىپ ئۇچقان گۈزەل ئىقبال تامان، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېنىڭ ئىشقىڭ، سېنىڭ مېھرىڭ دىلىمدىن مەڭگۈ جاي ئالدى،
سېغىنغاندا كېلەر ئۇغلۇڭ، خەير خوش، بول ئامان، قەشقەر!

## يەكەن ھەققىدە غەزەل

سالام يەكەن، ئەسسالام يەكەن، سۆيۈملۈك گۈل دىيار، يەكەن،
ئەزىزانە قەدىمىي يۇرت، گۈزەل باغرى باھار، يەكەن.

سېنىڭ نۇرانە ھۆسنۈڭنى كۆرۈش بىر ئارزۇيۇم ئەردى،
شۇ ئارزۇغا يېتىشكە مەن ئىدىم بەك ئىنتىزار يەكەن.

مانا كۆردۈم جامالىڭنى، ماڭا كەڭرى قۇچاق ئاچتىڭ،
ئەجەب ىسسىق ئىكەن باغرىڭ، يۈزۈڭدىن نۇر تامار، يەكەن.

بۇ تۇپراق مىسلى ئالتۇنكەن، خەلقىنىڭ قەلبى يالقۇنكەن،
كۆيۈپ قالدىم جامالىڭغا، قەدىردان گۈلنىگار، يەكەن.

ماڭارىپ يولىدا ھەردەم تۇمەن مىڭلاپ چەۋەندازىڭ
ئېشىپ مۈشكۈل داۋانلاردىن بولۇپتۇ تۆھپىكار، يەكەن.

نەپىس ئۇسسۇل بىلەن قىزلار كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلدى،
سوراي سەندىن: ئۇلارنىڭ نە سېھىر ـ خىسلىتى بار، يەكەن.

ئامانىنىسا خېنىم قەبرىن زىيارەت قىلغىنىمدا مەن،
مۇقامى ياڭرىدى گويا ۋە ئۇ چالغان ساتار، يەكەن.

بولۇپ تومۇرلىرىڭدا قان، قوشۇپ ھەردەم جېنىمغا جان،
ئەزىم دەريا زەرەپشانىڭ ياساپ ئۆركەش ئاقار، يەكەن.

تۇمەن مىڭ ئىشچى ھەم دېھقان، تۆكۈپ تەر ـــ ئۇنچەيـۇ مـارجان،
قىلىپتۇ كەڭرى باغرىڭنى ئېسىل بىر لالىزار، يەكەن.

قۇياش نۇرىدا گۈللەپسەن، كۈلۈپ كۈنسېرى ئۆرلەپسەن،
شۇ تاپ نۇرانە گۈل باغرىڭ پۇرايدۇ خۇش ئىپار، يەكەن.

قۇياشتەك پارلىغىن، گۈللە، جاھان ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالغاي،
قانات قاق! ئۆرلىگىن كۆككە، ئەبەد بول بەختىيار يەكەن.

## ئاقسۇ ھەققىدە غەزەل

ئاقسۇ ئالتۇندەك دىياركەن، قوينى گۈلبوستان ئىكەن،
ئاقسۇلۇقلار ئاق كۆڭۈل ھەم خۇش مىجەز ئوبدانىكەن.

بىپايان كۆركەم زېمىننىڭ بايلىقى كۆپ، بىھېساب،
ئاشلىقى مول ئۈستىدە، ئاستى نېفىتلىك كان ئىكەن.

ئاقسۇ دەرياسىغا باقسام جۇش ئۇرار شاۋقۇن سېلىپ،
سۈپسۈزۈك زۇمرەت سۈيى ساپ ئۈنچەيۇ ـ مارجان ئىكەن.

چىن ھاياتلىق زەمزىمى بولغان ئەزىم دەريا سۈيى
كەڭ زېمىن تومۇرىدا ئاققان سۈزۈك، ساپ قان ئىكەن.

قاغجىراق چۆللەرنى گۈلشەن ۋادىغا ئايلاندۇرۇپ،
بىر يېڭى دۇنيا ياراتقان خەلقى بەك ئىشچان ئىكەن.

بۇندا كۆپ مەردانىلەر بولدى يېقىن دوستۇم مېنىڭ،
ئاق كۆڭۈل ئىنسان ئۇلارچۇن ئەڭ ئەزىز مېھمان ئىكەن.

بۇ ئېسىل گۆھەر زېمىننىڭ ئىگىسى ئەمگەكچى خەلق،
چىن قېرىنداشتەك ئىناق، بىر تەن ئىكەن، بىر جان ئىكەن.


ئىسلاھات يولىدا بۇندا بارچە مىللەت زەپ ئىناق،
بىر نىيەتتە ئۈيۈشۈپ ماڭغان ئۇلۇغ كارۋان ئىكەن.

ئاشۇ كارۋاننىڭ سۆيۈملۈك يۇرتىغا چىن سۆيگۈسى
جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئەزىم دەريا ئىكەن، توكيان ئىكەن.

بۇ زېمىن قالدۇردى دىلدا مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرە،
بۇ زېمىن زەپ مېھرى ئىسسىق بىر ئېسىل ماكان ئىكەن.

بەزىلەر دەيدۇ: نېچۈك قۇشتەك قانات قاقتى بۇ جاي؟
مەن دېدىم: ئاڭا قانات بەرگەن بۇ گۈل دەۋران ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۇلتان ھاشىم

# يېرىلغان يەر

(ھېكايە)

ئۈستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى يېشىل تۈپىلىكتىن ئۆتسىلا، مەھەللىدىكىلەر يېرىلغان يەر دەپ ئاتىشىدىغان — ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر، كەڭلىكى 50—60 مېتىر كېلىدىغان يارلىق باشلىنىدۇ. كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يارلىق ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەشتىن پەيدا بولغانىكەن. تېرەك بويى چوڭقۇرلۇقتىكى بۇ يارلىققا يار قىرىدىن تۇرۇپ قارىسىڭىز مەنزىرىسى ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. بويى تارتىپ كەتكەن سۇۋادان تېرەك، سۆگەتلەر يار بىلەن تەڭلىشىپ، ئۇنى خۇددى ئۈزۈم بارىڭىدەك يېپىپ تۇرىدۇ. يار باغرىدىكى ئۇچۇقچىلىقلاردا ئەمەن، چىغا، قوراي، كەندىرلەر ئالقاندەك يەرنى ئالا قويماي زىچ ئۆسۈپ كەتكەن، بۇلاقلاردىن قوشۇلۇپ بىردەم يېيىلىپ، بىردەم تارىيىپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزى قومۇش، ئېكىر، توزغاق ۋە يەنە ئاللىقانداق ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قويۇقلۇقىدىن كۆرۈنمەيدۇ. يارلىق كۈندۈزىمۇ غۇۋا قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىشىنى ئەيمەندۈرىدۇ. سانسىزلىغان ياۋا كەپتەر، قارغا، سېغىزخان، قۇشقاچلار بۇ يەرنىڭ خوجايىنلىرى، پەقەت شۇلارنىڭ تىنىمسىز چۇۋۇلداشلىرىلا يارلىقتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ جانلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

يېرىلغان يەر كېچىسى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ، كوھقاپتەك سۈرلۈك بىلىنىدۇ. ئادەتتە كېچىسى يارنىڭ تۈۋىگە بېرىشقا ھېچكىم پېتىنالمايدۇ. ئۇنداق بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىمۇ بار. كېچىسى يارلىق ئىچىدىن ھۇۋۇلدىغان، قاقاقلىغان، چىرقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. يېرىلغان يەر جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ماكانى دېگەن سۆزلەر شۇنىڭدىن تارقالغان. يېزىلىقلار ھەر يىلى يارلىقنىڭ بولۇق ئۆسۈپ كېتىدىغان ئوت-چۆپىنى، قومۇشلىرىنى ئورىۋالىدۇ، ئوتۇن-ياغاچلىرىنى يىغىۋالىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۈندۈزى بىرقانچە ئادەم بىرلىكتە قىلىدۇ. ھازىرغىچە مەھەللىدە بۇ سىرلىق

يارلىقنى كېچىسى سەيلە قىلغان بىرمۇ ئادەم بولمىدى.

* *

يازلىق تەتىلدە مەھەللىنىڭ بالىلىرى كۈندۈزى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشسە، ئاخشاملىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشلەپ ئېچىرقاپ كەتكەن ئات ـ ئۇلاغلارنى يېشىل تۆپىلىككە ئەكىلىپ بېقىشىدۇ.

كۈكۈم چۈشۈشى بىلەنلا يېشىل تۆپىلىكنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىكى ئىككى تۈپ قېرى سۆگەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلىدۇ، گۈلخانىنى 13 ـ 14 ياشلاردىكى ھەيدەر دېگەن بالا ياقىدۇ. گۈلخانىنىڭ يېقىلىشى بىلەنلا ھەيدەر بىلەن تەڭتۇش سەككىز ـ ئوندەك بالا ئۆيدە باقىۋاتقان ئات ـ ئېشەك بولسىلا مىنىپ، يېشىل تۆپىگە قاراپ چېپىشىدۇ. ئاندىن ئات ـ ئېشەكلىرىنى ئوتىقا قويۇۋېتىپ، گۈلخان ئەتراپىغا يىغىلىدۇ.

ناھىيە بازىرىدىن ئاتلىق ئادەم بىر كۈندە بارىدىغان بۇ يېزىدا بالىلار ئايدا بىر قېتىم كىنو كۆرەلەيدۇ، بۇ كۈن ئۇلار ئۈچۈن بايرام. ئۇلار مۇئەللىمدىن ئاڭلىغان، لېكىن ئۆزلىرى كۆرۈپ باقمىغان تېلېۋىزور ھەققىدە قىزىقىسىنىپ پاراڭلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارغا ئۆز يېزىسىدىكى ھەممە نەرسە ـــ ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ئىككى خورازنىڭ سوقۇشۇپ كېتىشىدەك ئىشلارمۇ قىزىق سۆھبەت ماۋزۇسى بولۇپ قالىدۇ.

ھەيدەر تۇرگۈن، ئەقىللىق بالا. ئۇ ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايدۇ، ئەمما ناھايىتى سەگەك ئولتۇرىدۇ. ئارىلاپ ئۇنىڭ «ھەي غېنى، ئېتىڭ ئۈزۈپ كېتىپ قالدى» ياكى «مۇستاپا، ئېشىكىڭنىڭ ئارغامچىسىنى ئۈزۈپ قويۇپ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر پاراڭ قىزىپ كەتسە، بالىلار ئەتراپىدا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىشىدۇ. مۇنداق چاغدا ھەيدەر ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، يىراقلاپ كەتكەن ئات ـ ئېشەكلەرنى ھەيدەپ كېلىپ يەنە بىلىندۇرمەي ئولتۇرۇۋالىدۇ. بالىلار ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق قورقۇمسىزلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.

گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرغاندا تۇيۇقسىز ئاڭلىنىپ قالىدىغان ھۇۋلاش، دەرەخ شاخلىرى سۇنغاندەك غىچىرلاش ياكى شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان بىرەر شەپە ئاڭلىنىپ قالغۇدەك بولسا، بالىلار قورقىنىدىن كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ جىم بولۇپ قېلىشىدۇ. مۇنداق چاغدا ھەيدەر:

ــ نېمىشقا قورقىسىلەر، قۇشلارمۇ، ھايۋانلارمۇ ئادەمگە ئوخشاش ئۈندەرەپ قالىدۇ، بۇ شۇلارنىڭ ئاۋازى، ــ دەپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بالىلار قورقۇپ تۇرسىمۇ ئۆزلىرىگە قىزىق بىلىنىدىغان جىن ـ ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ:

ــ زايىتكام ئۆزى يالغۇز كېتىۋاتسا، قارىياغاچقا بىر قىز مىنىپ ئولتارغانىكەن، ئۆزى ھەدەپ يىغلىغۇدەك. قىز زايىتكامنى كۆرۈپ «مېنى چۈشۈرۈپ قويۇڭ» دەپتۇ. زايىتكام ماقۇل دەپ قىزنىڭ پۇتىغا ئەمدىلا قول تەگكۈزگەنىكەن، يۈزىگە قاتتىق بىر نېمە ئۇرۇلغاندەك بولۇپ يىقىلىپ

هوشىدىن كېتىپتۇ. سەلەرمۇ كۆرگەنغۇ، زايىتسكامنىڭ ئاغزى - بۇرنىغا ئۇچۇق چىقىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ يۈردى...

— ئىسكىلاتچى قاسىمكام ناھىيىدىن بەك كەچ قايتىپتۇ. ئۇزى ئاتلىق ئىكەن. مەھەللىگە ئاز قالغاندا ئېتى يولدىن چىقىپ، مۇشۇ تۆپىلىك تەرەپكە قاراپ ماڭغۇدەك. ئىزگىنىنى ھەرقانچە تارتسىمۇ، ئات پوشقۇرۇپ زادىلا توختىمىغۇدەك. قاسىمكامغا بىرى كەينىڭگە قارا دېگەندەك قىلىپتۇ. قارىسا پوكۈزەك چوڭلۇقىدەك بىر يۇمىلاق ئوت ئەگىشىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئات قارا تەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قاسىمكام ئاتتىن چۈشەي دېسە چۈشەلمىگۇدەك، راسا سۈر بېسىپ تۇرغاندا يەنە شۇنداق كەچ قالغان ھارۋىلاردىن بىرى يېتىشىپ كېلىپ قاپتۇ.. كېيىن قاسىمكامنىڭ ئاغزى مايماق كېتىپ ئاران تۈزەلدىغۇ.

— بۇ يەردىن كۈندۈزىمۇ ماڭغىلى بولمايدۇ، جىن - ئالۋاستى دېگەن ئادەمگە ئۆچكە، ئىت، ئېشەك بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. ئۆتكەندە كۈپكۈندۈزدە ھۇشۇركامغا بىر توپ ئۆچكە كۆرۈنۈپ، تاسلا قاپتۇ يېرىلغان يەرگە باشلاپ كەتكىلى...

— يېرىلغان يەر — جىنلارنىڭ ئۇۋىسى...

— ئۇلار كۈندۈزدە يېشىل تۆپىلىكتە بولۇپ، كەچ بولغاندا يېرىلغان يەرگە قايتىپ كېتىشىدىكەن...

— شۇ يەردە يىغىلىپ تۇسۇل گويىنىشىدىكەن.

ھەيدەر مۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەيتتى.

— قويساڭلارچۇ، — دەيتتى ئۇ مەيىتقىدا كولۇپ قويۇپ، — بۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. يارلىققا مەنمۇ چۈشۈپ باققان، ئاخىرىغىچە بېرىپمۇ كەلگەن.

— كۈندۈزىمۇ، كېچىسى؟

— كۈندۈزى.

— كۈندۈزى بىزمۇ چۈشەلەيمىز.

— جىن - ئالۋاستى دېگەن كۈندۈزدە ئادەمگە ئاسانلىقچە چېقىلمايدىكەن، بەزى يامانراقلىرى تەگمىسە...

— سەلەرگە جىن - ئالۋاستى كۆرۈنگەنمۇ؟

باللار بىر - بىرىگە قارىشىپ قوياتتى، بەزىلىرىنىڭ چىرايى شۇ ھامان ئۆزگىرىپ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كېتەتتى، كىچىكرەكلىرى ئالۋاستى ھازىرلا كېلىپ كېكىردىكىدىن بوغۇۋالىدىغاندەك تۈگۈلۈشۈۋالاتتى.

ئەنە شۇنداق پاراڭ بولۇۋاتقان بىر كۈنى باللاردىن بىرى تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— ھەيدەر، سەن كېچىدە يېرىلغان يەرگە چۈشەلەمسەن؟

بۇ سوئال باللارنى بىردىنلا جىم قىلىۋەتتى. ئۇلارمۇ ھەيدەرنىڭ جىن - ئالۋاستىغا، يېرىلغان يەرنىڭ جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىدىن گۇمانلىناتتى. لېكىن ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرگەچكە، بۇنى ئېغىزىدىن چىقارمايتتى.

گۈلخان چاراسلايتتى، ئۇنىڭ قىزغۇچ شولىسى باللارنىڭ جىددىيلەشكەن، ئەمما قىزىقىش تېپىپ تۇرغان چىرايلىرىنى يورۇتاتتى، ھەممە ھەيدەرگە تىكىلگەنىدى.

— چۈشىمەم چۈشۈۋېرىمەن، — دېدى

ھەيدەر خۇددى قوغۇنلۇقتا باريدىغانـدەك بەخىرامان ھالەتـتە، ـ بۇنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى بار؟

ـ ھېچنېمە... شۇنـداقـلا سـوراپ قويـدۇم، سېنىڭ جىندىـن قورقمايدىغانلىـقىڭنى كۆرەي دەپ...

بالـلاردىـن بىر ـ ئىـكـكـىسى ئۇنىڭغا خاپا بولدى:

ـ شەمشـى، جان بـىلەن ئويـنـاشما، قاراڭغۇدا بۇلاق كۆزىگە چۈشـۈپ كـەتسە قانداق قىلىسەن؟

ـ كېچـىدە ھـويـلاڭغا چـىـقىشـتىن قورقسەن، كـىشـىنى يارغا چۈشـۈپ باق دەپ كەتكىنىڭنى قارا بۇنىڭ...

ئويلىمىغان يەردىن شەمشى ئىسملىك بالىنى ياقىلىغۇچـلارمۇ چـىقىـپ قـالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىگە بـۆلۈنـگەن باللار يارغا چۈشۈش ـ چـۈشمەسلىـك ئۈسـتـىدە تالىشىپ قـېلىشـتى، تالـىـشـىشنىڭ ئاخـىرى ھۆرپىيىشكەچە بېرىپ يەتتى.

ـ تالاشماڭـلار، ـ دېـدى ھـەيـدەر ئۇلارنـى تـىـنچلانـدۇرۇپ، ـ بۇ يەردە تالاشقۇدەك ئىشمۇ يوق. قـېـنى، شەمـشى، سەن بىر كۈننى بەلگىلە، مـەن شۇ كـۈنى يارغا چۈشەي.

بالىلار ھـەيـدەرنىڭ جاھـىـللىـقىنى بىلىشەتتى، ئەمدى ئۇنى يارلىققا چۈشمەسـلىكتىن ياندۇرغىلى بولمايتتى. ھـەيـدەر ـ نىڭ تەرەپدارلىرىمۇ ئەگـەر ھەيـدەر يارغا چۈشمىسە، ھەيدەرنىڭلا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭـمۇ مازاق قىلىنىشـقا ئۇچـرايـدىغانـلىـقىنى بىلىپ قېلىشقانىدى.

*

ھەيدەر يارغا چۈشۈپ كـەتتى. بالـلار ئۇنىڭغا ھېچ بولمىغاندا بىر بەك، ئېلىـ ۋېلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ قولىدا يارغا چۈشۈشنىڭ ئالدىـدا ياندۇرۇلـ غان پەنەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.

چـىـڭـىـغا چـىـقـقان بۇ ئويۇن ئەل ئايىغى بېسىققاندا باشـلانـغانـدى. بالـلار بۆگۈن يېشىل تۆپىلىككە گۈلخان يېقىشمـ دى، ئات ـ ئېشەكلىرىنىمۇ مىنىپ كېلىشمـ دى. گۈلخان يېقىلسا باشـقا بالـلار ياكـى يولدىن ئۆتكەنلەر كېلىپ قـېلىپ ئويـۇن بۇزۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. بالـلارنىڭ شەر ـ تىمۇ ئېغىر ئىدى، ئۆز ئىچىدىن كىمكى بۇ ئويۇنغا كەلمىسە، ياكى چوڭـلارغا ئېيتىـپ قويـسا، شۇنىڭ ئۆزى يارغا مـەجبـۇرىي چۈشۈرۈلەتـتى. بالـلار بۆگـۈن چـۈشـتىن كېيىن يارغا چۈشۈپ، ھەيـدەرنىڭ جىـلـ تىسىنى بىر دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويـ دى، ھەيدەر ئەنە شۇ جىلتىسىنى ئېلىـپ چىقىشى كېرەك ئىدى.

ئەتراپ شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدىكى، قولـدا تۇتۇپ تۇرغان نەرسىـنىمـۇ پـەرق قىلغىلى بولمايتتى. مـەھەلـلە تەرەپـتىن ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئىتلارنىڭ ھاۋ ـ شىغان ئاۋازىمۇجىمىپ قالغانىدى. قېرىشـ قاندەك گۈگۈم چۈشۈشى بىلەنلا چىـقىشقا باشلىغان يېنىك شامال كۆچىيىـپ، يارلىق ئىچىدىكى دەرەخلەر ئەنسىز شىلدىرلىـماقتا ئىدى. ئۇ يەردىن غىرىسلىغان، گۈرۈلدىگەن ۋە خۇددى ئادەمگە ئوخشاش قـاقاقـلاپ كۈلگەندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ھەيـدەر كـۆتـۈرۈۋالـغان پـەنەرنىڭ يـورۇقـى يارلىقـقا چوڭقـۇرلاشـقانـسېرى كىچىكلەشـكە، سۇسـلىنىشـقا باشـلـدى. كىچىككىنە بىر پارچـە يورۇقلـۇق قويـۇق دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىـن تۇرۇپ غـىـل ـ پال كـۆرۈنـۈپ، تۇرۇپ يـىـتىپ

www.uyghurkitap.com

كېتەتتى. مانا شۇ چاغدىلا باللار ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئويۇنغا تەۋەككۈل قىلىشقانلىقلىرىنى بىلىشىپ، قورقۇشقا باشلىدى. ئۇلار بىر-بىرىدىن يىراقلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن غۇژمەكلىشىۋالغان، بەزىلىرى بىر-بىرىنىڭ قولىدىن تۇتۇشۇۋالغانىدى. پەنەرنىڭ ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇقى ئالدى تەرەپكە قاراپ قوزغالدى. بۇنىڭدىن باللار ھەيدەرنىڭ يارنىڭ تۈۋىگە يېتىپ، جىلىتا ئېسىپ قويۇلغان ياقىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى بىلىشتى. ئۇلارمۇ يورۇقتىن كۆز ئۈزمەي، بىر-بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك قوزغىلىشتى.

شامال ھۇشقىيتاتتى، يار ئىچى ھۇۋۇلدايتتى، ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتەتتى. باللار قىلغان ئىشىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ، ھەر بىر تىرىقلىغان، شىتىرلىغان ئاۋازدىن يۈرەكلىرى ئويىشىپ ئۈن چىقماستىن مېڭىشاتتى. پەنەرنىڭ يورۇقى يىردىنلا كۆرۈنمەي قالدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا يارلىق ئىچىدىن چىرقىرىغان بىر ئاۋاز كەلدى. پۇت-قوللىرىغا تىترەك ئولاشقان باللار يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشىنى بىلمەي قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قېلىشتى.

— جىن تەگدى... — دېدى باللاردىن بىرى.

بۇ قورقۇنچلۇق سۆز باللارنىڭ بەدىنىنى تىكەنلەشتۈردى.

— ئەمدى بىزگە تېگىدۇ... — دېدى يەنە بىرى ئەندىكىپ.

قاچايلى دېگەن بىر ئوي ھەممەيلەننىڭ كاللىسىدىن بىرلا ۋاقىتتا چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار خۇددى غايىبتىن بىرى كوماندا بەرگەندەك تەڭلا قوزغىلىپ، قۇيۇندەك يۈگۈرۈشتى. بۇ يەرنىڭ ھەر بىر گىياھى، ئوي-چوڭقۇرى ئۇلارغا تونۇش ئىدى. ئۇلار ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى، ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىگە ئېلىپ بارىدىغان يولغا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلىشىپ، بىر-بىرلەپ توختاشتى. يۈرەكلىرى سېلىپ تۇرغان باللار يەنە يىغلىپ، بىر ھازاغىچە ئاغزى گەپكە كەلمەي ھاسىراپ تۇرۇشتى.

— بىز قاچتۇق... دوستىمىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتتۇق، — دېدى مۇستاپا دېگەن بالا يىغلامسىراپ، — ئەمدى ئاتا-ئانىمىزغا نېمە دەيمىز، بىچارە ھەيدەر نېمە بولۇپ كەتكەندۇ، — ئۇ بىردىنلا ئېتىلىپ بېرىپ شەمشىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، — ھەممىنى قىلغان سەن، يۈر، ئەمدى يارلىققا ئۆزۈڭ چۈشۈپ ھەيدەرنى تېپىپ چىق.

كارنىيى بوغۇلغان شەمشى مۇستاپانىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ تىترەيتتى، خىرقىراپ يالۋۇراتتى:

— مەن ئەمەس... مەن ئويىنىشىپ شۇنداق دەپ قويغان... ئۆزۈڭلارمۇ بار... ئۆلسەممۇ يارلىققا چۈشمەيمەن...

— سوقۇشمايلى، — دېدى غېنى ئىسىملىك بالا ئىككىسىنى ئاجرىتىپ، — شەمشىنى يارلىققا چۈشۈرگەننىڭ پايدىسى يوق، يەنە بىر چاتاق چىقىپ يۈرمىسۇن. بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ئاتا-ئانىلىرىمىزغا بۇ ئىشنى دېمىسەك بولمايدۇ.

باللار مەسلىھەتلىشىپ، شەمشى مەھەللىگە بېرىپ چوڭلارغا خەۋەر يەتكۈزىدىغان، ئاڭغىچە ياشقىلار يېرىلغان يەرگە بېرىپ تۇرۇشىدىغان بولۇشتى.

بالىلار يارلىقتا يېقىنلاشقانسېرى
قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
ئەمدى ئۇلاردا قورقۇش دېگەن نەرسە يوق
ئىدى. ھەيدەردىن ئايرىلىپ قېلىش ۋە
مۇندىن كېيىن بولىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر
ئۇلارنىڭ قايغۇسىنى كۆپەيتىپ، باشلىرىنى
چۈشۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلار سۆزلەشمەيتتى،
بىر - بىرىنىڭ رەڭگى- روھىنى كۆرەلمەيتتى.
ئۇلار ئەمدىلا يار بويىغا كېلىشىدە
«ھەي - ھەي ! سىلەر نەدە؟» دەپ چاقىر-
غان ئاۋازنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ قېلىشتى.
بۇ، ھەيدەرنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇلارنىڭ خى-
يالىدا ھەيدەر ئالىقاچان جىن - ئالۋاستىلار
تەرىپىدىن سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىلگەن ياكى
غىدىقلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى. بالىلار
قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ خىيالىدا
قاراڭغۇلۇقتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان بۇ
قارا گەۋدە ھەيدەر سۈرىتىگە كىرىۋالغان،
ھەيدەرنىڭ جېنىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلار-
نى ئالداپ تۇتۇشقا چىققان جىن - ئالۋاستى
بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.
— نېمىشقا جىم تۇرىسىلەر، شۇنچە
ۋارقىرىسام بىرىڭلارمۇ ھە دەپ قويمىدىڭلار-
غۇ. مانا، مەن جىلتامنى ئېلىپ چىقتىم،—
دېدى قارا گەۋدە ئۇلارغا يېقىنلىشىپ.
بالىلار جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمىدى.
مەھەللە تەرەپتىن چىپىپ كېلىۋاتقان ئات
تۇياقلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋا-
زى ئاڭلاندى. ئاتلىقلارنىڭ قوللىرىدىكى
يېنىقلىق پەنەرلەر ئۇياق - بۇياققا چايقىلىپ،
بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى.
—بۇ نېمە ئىش ؟—دېدى ھەيدەر ھەي-
ران بولۇپ.
ئاتلىقلار يېتىپ كېلىشتى، پانار يو-
رۇقىدا ئۇلارنىڭ چىرايى قايغۇلۇق ھەم
سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.
— قېنى، ھەيدەر قەيەردىن چۈشكەن،
باشلاڭلار! — دېدى بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن
چۈشكەن ئادەم ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بالىلار-
نىڭ بىرىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ.
بەش - ئالتىدەك پەنەر ئەتراپنى
يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى
كۆرۈشتى - تونۇشتى، ئاۋۋال تىللاشتى،
كايىشتى، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى جىمىلەش،
كۈلكە، خۇشاللىق ئىگىلىدى.
—سېنىڭ پەنەرىڭ قېنى؟— دەپ سورى-
دى مۇستاپا ھەيدەردىن.
— پۇتلىشىپ كېتىۋېدىم، قولۇمدىن
چىقىپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى.
— شۇنداق قاراڭغۇدىمۇ قورق-
مىدىڭمۇ؟
— نېمىدىن قورقىمەن. مەن سىلەرگ
جىن - ئالۋاستى دېگەن يوق نەرسە دېسە
ئۇنىمىغانتىڭلار، ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسىلەر.
مەھەللە چوڭلىرىدىن بىرى غۇدۇڭشىدى:
— بالا - قىلغان ئىشى چالا دېگەن
شۇ - دە، پۈتۈن مەھەللىنى ئەنسىزلىككە
سالدىڭلار - دە. نېمە قىلىۋەتسەڭ بولار
سىلەرنى...
— كايىما ئابدۇرېھىمكا، — دېدى يە-
نە بىرى، — بۇلار بالىلىق قىلىشقان بولسىمۇ،
ئەمما ناھايىتى چوڭ ئىش قىلىپتۇ. ئەلمى-
ساقتىن تارتىپ بۇ يارلىقتىن ھەممىمىز قور-
قۇپ كەلگەن. مانا قارا، ھەممىسى ئۆسەك
گەپلەر ئىكەن - دە.
شۇ ئىشتىن كېيىن يېزىلغان يەر توغرىسىدا
تارقىلىپ يۈرگەن قورقۇنچلۇق گەپ - سۆز-
لەرگە كىشىلەر ئىشەنمەيدىغان بولدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل



# چىقىمچى سىغىزخان



(باللار چۆچىكى)

ئەخمەتجان قۇربان

بۇرۇنقى زامانىدا تەڭرىتېغىنىڭ
ئېتىكىدىكى بىر گۈزەل ئورماندا سانسىز-
لىغان ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلار ناھايىتى
ئىجىل - ئىناق ياشايدىكەن. ئۇلار بىر-
بىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەشنى ئۆز-
لىرىنىڭ ئەڭگۈشتەرى قىلغان بولۇپ، كىم-
كى بۇ ئەڭگۈشتەرگە قارشى چىقسا، ئور-
مان ئەھلى ئۇنىڭغا ئورتاق زەربە بېرىدى-
كەن. شۇڭا بۇ ئورماندىكى ئۇچار قانات
ۋە ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشى شادلىق ۋە
باياشادلىق ئىچىدە ئۆتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر سىغىزخان
قاياقلاردىندۇر بۇ ئورمانلىققا كېلىپ قاپ-
تۇ. ئۇ ئورمانلىقتىكى شادلىق، ئىناقلىقنى
كۆرۈپ، ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ پۇچىلىنىپ
كېتىپتۇ. غەزەپلىنىپ شاختىن -
شاخقا قونۇپ، بۇ ئورماندىكىلەرنىڭ تۇر-
مۇشىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ مەق-
سىتى ئىناقلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان بى-
رەر يوچۇق تېپىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ
خاتىرجەم تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىش ئىكەن.
ئۇ شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرۈپ ئاخىرى
ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كەڭرى

مەيدانغا يىغىلغان كۆپ ھايۋاننى كۆرۈپ-
تۇ. مەيداننىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز-
رەك دۆڭگە چىقىۋالغان ئېيىق مەيداندىكى
ھايۋانلارغا ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەۋات-
قانىكەن:

— كۆپچىلىك بىردەم تىنچلىنايلى،
ھەممىڭلارغا مەلۇم، ئورمانلىقىمىزدا ئۇزۇن-
دىن بۇيان ئۆزئارا جېدەللىشىدىغان ۋە
قان تۆكۈلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ باق-
مىدى. بۈگۈنكى بۇ مەشرىپىمىز ئەنە شۇ
ئىناقلىقىمىزنىڭ شەرىپىگە ئاتالغان. كۆپچى-
لىكنىڭ خۇشال - خۇرام ئويۇنىشىنى، تەييار-
لىغان تۈرلۈك سەنئەت نومۇرلىرىنى ئەستا-
يىدىل ئورۇنداپ، مەشرىپىمىزگە شادلىق
ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان سىغىز-
خان بۈگۈن بۇ يەردە خېلى كۆپ تاماشا
بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يوپۇرماقلىرى قويۇق-
راق يەنە بىر دەرەخكە يۆتكىلىپ ئۆزىنى
پۇختىلاپ يوشۇرغاندىن كېيىن، يۈرىكىدە
لاۋۇلداۋاتقان ھەسەت ئوتىنى بېسىپ تو-
رۇپ، مەشرەپنى باشتىن - ئاياغ كۆرۈش
نىيىتىگە كەپتۇ. ئېيىق سۆزىنى داۋاملاش-
تۇرۇپتۇ:

ـــ مەن بۇگۇنكى مەشرەپكە رىياسەتـ
چىلىك قىلىـمەن. ھازىر مەشرەپـىمىزنىڭ
كۈنتەرتىـپى بويىچە ئۇمۇمـخور ــ «ياشـ
نايدۇ گۈزەل ئورمان» ئورۇندىلىدۇ.

مايمۇنلار جاراڭلىق ناغرىسىنى چېـ
لىشقا بۆرە، تۇلكە، مۇشۇك، ئېيىقلار ئۇـ
زۇن ـ قىسقىلىقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىـ
غان سۇنايلىرىنى چېلىشقا باشلاپـتۇ. بۇغا،
بۆكەن، جەرەن، توشقان، قىرغاۋۇل، غاز،
ئۆردەك قاتارلىق ھايۋانـلار رەت ـ رەتـتى
بىلەن تىزىلىپ ئۇمۇمخور ئېيتىشقا تەييارلىـ
نىپتۇ. ئېيىق ناھايىتى ئەپـچىللىك بىلەن
دىرىژورلۇق قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل
ئاۋازدا ئېيتقان ياڭراق ناخشىسى ئورمانـ
لىقتا ئەكس سادا پەيدا قىلىپتۇ. ئۇلار
ئورۇندىغان ئۇمۇمخورنىڭ تېكىستى مۇنداق
ئىدى:

بىزنىڭ ئورمان ھۆر ماكان
ئۇندا ئىناق ياشايمىز.
ئىناقلىقتىن، شادلىقتىن
بۇندا گۈلباغ ياسايمىز.

بۆرە بىلەن بۆكەننى
سىز بىر يەردە كۆرگەنمۇ؟
ئېيىق بىلەن قىرغاۋۇل
تۇغقان بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟

سىز كۆرمىگەن شۇ ئىشلار
بار بۇ بىزنىڭ ئورماندا.
ئىناقلىقتىن ياڭرايدۇ
شاد ناخشىمىز ھەر ياندا.

«ۋاي ئەخمەقلەر، سەنلەرنىڭ ئىناق
ياشىغىنىڭلارنى مەن بىر كۆرەي!» بۇ ناخـ
شىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالـمىغان سېغىزـ
خان ئۆزىچە ئاشۇنداق قايناپ كېتىپتۇ.

ئۇمۇمخور تۈگىگەندىن كېيىن ئېيىق:
ـــ مەشرەپىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كۈنتەرتىـ
پى بويىچە بۆرە، تۇلكە، پاقلان ئۈچەيلەن
بىر دراما ئورۇنـداپ بېرىـدۇ، ـــ دەپ
ئېلان قىلىپتۇ.

مەيدانغا باشتا پاقلان چۈشـۈپ ئەتـ
راپقا قاراپ ئەنسىز مەرەپـتۇ. شۇ چاغدا
مەيدانغا تۇلكە ھى ـ ھى ـ ھى دەپ ھىـ
جىيىپ چىقىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پاقـ
لان قورقىنىدىن ئەنسىز مەرىۋېتىپتۇ.

تۇلكە: (مۇغەمبەرلىك بىلەن) سالام
پاقلانجان، بۇ يەردە ئۆزىڭىز يالغۇز قايـ
سى ناخشىنى ئېيتىپ يۈرۈيسىز، ھى، ھى،
ھى...

پاقلان: (قورقۇپ تۇرۇپ) مەن ناخـ
شا ئېيتىۋاتقىنىم يوق، مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ
يىراققا كەتمەي مەھەللىدە ئويىنا دېگەن
سۆزىنى ئاڭلىماي، ئويۇننىڭ كەينىگە كىـ
رىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، ئەمدى ئېـ
زىقىپ قېلىپ ئۆيۈمنىڭ نەدىلىكىنى تاپالـ
ماي ۋاتىمەن.

تۇلكە: ھە مۇنداق دەڭ پاقـلانجان،
كىچىك بالا دېگەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىـ
دىن چىقماسلىقى كېرەك. بولمىسا ھەر
خىل پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ. بۇ ئورماندا
سىزدەك كىچىك بالىلارغا زىيانكەشلىك
قىلىدىغان بۇزۇقلارمۇ ناھايىتى كۆپ، ھېـ
لىمۇ ياخشى بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىماي
ماڭا يولۇقۇپ قاپسىز، بولمىسا قوشقارـ
ئاخۇن بىلەن قويىنساخانغا بىرمۇنچە ئاۋاـ
رىگەرچىلىك تېپىپ بېرەركەنسىز. مېنىڭ
سىلەر بىلەن يىراق بولسىمۇ تۇغقانچىلىقىم
بار. مەن سىلەرنىڭ ئۆيىگە نەچچە قېتىم

بارغان. سىز مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇرۇڭ (پاقلان مەيداننىڭ بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، مەيداندا بۆرە سۇرلۇك قىياپەتتە پەيدا بولۇپ، سوزۇپ-سوزۇپ ئىككىنى ھۇۋلايدۇ، شۇ چاغدا تۈلكە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ سالام قىلىدۇ.)

تۈلكە: خوش تەقسىر، سىلى بۇ يەردىكەنلا.

بۆرە: ھە تۈلكىجان، سەن قۇۋلۇق-شۇملۇقىڭ بىلەن مېنىمۇ ئالدايسەن دەپ خام-خىيال قىلما، ھېلىقى چاغدا سەن ماڭا نېمە دەپ ۋەدە بەرگەن. سېنى ماڭا پاقلان ئەكىلىپ بېرىدۇ دەپ ساقلاپ، ئېشكىم چۈشۈپ قالغىلى تاسلا قالدى. قېنى ئۇ سېنىڭ پاقلىنىڭ؟

تۈلكە: خاپا بولمىسىلا تەقسىر، ھەر قانداق ئىش دىگەننىڭ ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ. مەن ھازىر دەل شۇ ئىش بىلەن سىزنى ئىزدەپ ماڭغانىدىم. ناھايىتى سېمىز بىر پاقلان ئۆزلۈكىدىنلا ئۇچراپ قالدى. ئۇ چوقۇم سىزنىڭ رىسقىڭىز. مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئۇ پاقلاننى باشلاپ كېلەي (بۆرە مەيداننىڭ بىر تەرىپىگە چىقىپ كېتىدۇ. مەيداندا پاقلان پەيدا بولىدۇ. تۈلكە پاقلاننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ).

تۈلكە: ماڭە، قەدىرلىك قوزام، مەن سېنى ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قوياي (شۇ چاغدا تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بۆرە: تۈلكە چاپسان بول، ئۇۋچى كەلدى! دەپ ۋارقىرايدۇ. تۈلكە بەدەر قاچقىنىچە ھايۋانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ).

بۇلى ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ تۇرغان سېغىزخان خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەممە ئۆزىگە ئۆزى: ئەسلى سەنلەر ئەنە شۇنداق بىر-بىرىڭنى ئالداپ-باپلاپ ياشىساڭ بولاتتى دەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ.

— كۆپچىلىك تىڭچىلىنىڭلار، بۇزۇن بۆرە بىلەن تۈلكە ئەنە شۇنداق قۇۋلۇق-شۇملۇقلار بىلەن شۇغۇللانغان، شۇڭا بۇگۈنكى بۇ مەشرىپىمىزدە ئۇلارغا قانداق جازا بەرسەك بولار؟ — دەپتۇ ئېيىق.

ھايۋانلار بىردەم مۇزاكىرىلىشىۋالغاندىن كېيىن، «تۈلكە ئالدى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن، بۆرە قوينىڭ مەرىگىنىنى دوراپ بەرسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈلكە ناغرا-سۇناي بىلەن ئورۇندالغان شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگە ئالدى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ناھايىتى ھەيۋارلىق بىلەن ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. ئۇ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماي نەچچە قېتىم كەينىگە ئۈچۈپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشىگە سەۋەبچى بولۇپتۇ. ئۇ بۇ شوخ پەدىگە پۇتلىرىنى كەلتۈرەلمەي ئىنتايىن كۈلكىلىك قىياپەتكە كىرىپ قاپتۇ، ئەتراپتا كۆرۈپ ئولتۇرغانلار خۇشاللىقىدىن چۇقان سېلىشىپ كېتىپتۇ. تۈلكە ئۇسسۇلنى جاپا تارتىپ تۇرۇپ خېلى قاملاشتۇرۇپ ئوينىغاچقا، ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىپتۇ. ئەمدى نۆۋەت بۆرىگە كەپتۇ، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، گېلىنى قىرىدىۋېتىپ قوينى دوراپ مەرىمەكچى بولۇپتىكەن، ئاۋازى پەقەتلا قاملاشماي يەنىلا ناھايىتى ئۇزۇن سوزۇپ ھۇۋلىۋېتىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر: بولمىدى، بولمىدى، ئۇ قوينى دوراپ مەرىمەي ھۇۋلاۋاتىدۇ دېيىشىپ

www.uyghurkitap.com

ئارازىلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان
بۆرە قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي
بىر ھازا تۇرۇپ قاپتۇ ۋە بۆرى-
نىڭ ھۇۋلىشى بىلەن پاقىلانىڭ مەرىشى
ئارىلىشىپ كەتكەنگە ئوخشاش بىر غەيرىي
ئاۋازنى چىقىرىپتۇ. لېكىن ئەتراپتىكىلەر
ئۇنىڭ بۇ دورىشىدىن يەنىلا رازى بولماپ-
تۇ. شۇڭا ئېيىق ئۇنىڭغا باشقا بىر خىل جازا
بېرىشنى قارار قىلىپتۇ. «قېنى، بۆرىگە قانداق
جازا بەرسەك ئەڭ مۇۋاپىق بولار؟» دەپتۇ
ئېيىق ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ. مەشرەپ
ئەھلى بىردەم مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن
كېيىن: «بۆرە مەيداننى ئايلىنىپ چىقسۇن،
قوشقار ئۇنى قوغلىسۇن، ئەگەر قوشقار
بۆرىگە يېتىۋالسا، ئۇنى ئۈسسۇن، ۋاقتى
20 مىنۇت بولسۇن» دېگەن تەكلىپنى
ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۆرە مەيدانغا
چۈشۈپتۇ. ئېيىقنىڭ قوماندانلىق
قىلىشى بىلەن بۆرە قېچىشقا، قوشقار قوغ-
لاشقا باشلاپتۇ. بۆرە باشتا قوشقارنى ئانچە
چاپالمايدۇ دېگەندەك ئاستىراق چاپقانىكەن.
قوشقار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى بىرنى ئۈسۈپ-
تۇ، قوشقارنىڭ قاتتىق مۈڭگۈزىدىن بىق-
قىنلىرى راۋۇرۇس ئاغرىغان بۆرە مەيداننى
ئايلىنىپ جان-جەھلى بىلەن چېپىشقا باش-
لاپتۇ. بۆرە بىرنەچچە قېتىم پۇتلىشىپ
يىقىلىپ چۈشكەنىكەن. قوشقار ئۇنىڭغا مۈڭ-
گۈزىنىڭ تەمىنى يەنە بىرنەچچە قېتىم تېت-
تىتىپتۇ. بۆرە ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە
تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ چېپىشقا باشلاپتۇ.
ئاخىرى ۋاقىت توشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
بۆرە گۇناھىدىن كەچۈرۈم قىلىنىپتۇ.
ئۇلارنىڭ مەشرىپى مۇشۇ تەرىقىدە خېلى
ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىپ ئاخىرى ئاياغلىشىپتۇ.

بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان سېغىزخان ئۇلار-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچ-
چىشنىڭ يېڭى بىر پىلانىنى تېپىپ چىققان-
دەك مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئۇ دەسلەپ بۆرە
بىلەن ئېيىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت
سېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. شۇڭا ئۇ ئەڭ
ئاۋۋال ئېيىقنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئېيىق
ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ تاھايى-
تى مۇلايىملىق بىلەن ئېيىققا سالام قىلىپتۇ:
— ئەسسالام ئېيىق تاغا، مەن سىزنى
يوقلاپ كەلدىم.
— كەلگىن، بۇ ياققا ئۆت، — دەپتۇ ئې-
يىق سېغىزخانغا سىنچىلاپ قاراپ، — مەن
سېنى كۆرمەيتىكەنمەنغۇ؟ نەدىن كېلىشىڭ؟
— مەن مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدىكى
قۇشلار يۇرتىدىن كەلدىم. مەن بۇ يەرگە
دائىم كېلىپ تۇرىمەن، بۇ يەردە مېنىڭ
دوستلىرىممۇ خېلى كۆپ. بۈگۈن سىلەرنىڭ
شادلىق مەشرىپى ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭلارنى
ئاڭلاپ شۇنچە ئالدىراپ كەلسەممۇ
ئۈلگۈرەلمەپتىمەن. بايا بۆرە تاغامنى يوقلاپ
ئۆيىگە بارغانىدىم، ئۇ خاپا بولۇپ:
— ئېيىق-ئېيىق دەپ كۆزىگە قاراپ
قويساق، ئۇ ئېيىق دېگەن كالاڭپاي بەك
ھەددىدىن ئېشىپ كەتكىلى تۇردى. بۈگۈن
شۇنچە جىق ئادەمنىڭ ئالدىدا مېنى بىد-
كاردىن قوشقارغا ئۈستۈرۈپ يۈزۈمنى تۆك-
تى. مەن پۇرسەت تېپىپ ئەتتىمنى ئالىمەن،
دەپ كوتۇلداپلا كەتتى. مەشرەپتە راست
شۇنداق ئىش بولغانمىدى؟
— ھەي، ئۇ، مەشرەپنىڭ بىر ئويۇن تۈرى،
ئۇ كۆپچىلىكنىڭ رايى بويىچە ئورۇنلاش-
تۇرۇلغان. بۆرىنىڭ بۇ ئويۇن ئۈچۈن ئۇنى-
چىۋالا خاپا بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەت
ئويلىماپتىمەن. قاراڭلار ئۇنىڭ

چىدىماسلىقىنى، ئۇ ئۈچ ئالىمەن دېسە، مەن قاراپ تۇرامدىكەنمەن. قېنى تېخى كۆرىمىزغۇ، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ئېيىق.

ئېشىنىڭ خېلى ئۇڭدىن كېلىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن سېغىزخان:

— خوش ئېيىق تاغا، مەن قايتاي، — دېگىنىچە بۆرىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. سېغىزخان بۆرىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، بۆرە كارىۋىتىدا سوزۇلۇپ ياتقانىكەن. ئۇ بۆرىگە سالام قىلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا خۇددى ئېيىققا تونۇشتۇرغاندەك تونۇشتۇرۇپتۇ:

— هوي، ئېيىق تاغامنىڭ دېگەنلىرى راست ئوخشامدۇ؟ قوشقار ئۇسكەن يەرلىرىڭىز ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — بۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ.

— باشقا گەپقۇ قىلمىدى، — دەپ سۆز باشلاپتۇ سېغىزخان، — بايا ئۇنىڭكىگە بارسام، ئۆزىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ بۈگۈن مەشرەپنى باهانە قىلىپ بۆرە دېگەن ئەخمەقنى تازا جايلىدىم. بىر ئويۇننى ۋاستە قىلىپ ئۇنى قوشقارغا تېۋىتىپ بەردىم، قوشقار ئۇنى تازا ئۇستى. بۈگۈن ئۇنىڭ بىر قوۋۇرغىسى سۇنمىغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم دەز كەتتى، دەۋاتىدۇ.

— ئەسلى گەپ مۇنداق ئىكەندە، خەپ! — بۆرە غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېتىپتۇ.

سېغىزخان بۆرە بىلەن ئېيىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ بولغاندىن كېيىن، بۆكەن، قوي، مايمۇن، بۇغا، جەرەن، قىرغاۋۇل، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ يەنە گەپ تېرىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارغا:

— سىلەر هوشيار بولۇڭلار، ئېيىق بىلەن بۆرە سىلەر بىلەن يالغاندىن ئىناق ئۆتكەن بولۇۋېلىپ، سەمىرىشىڭلارنى كۈتمەكتە. مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ يوشۇرۇن سۆهبىتىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار تېخى سىلەرنى بۆلۈشەلمەي كۆنىدە دېگۈدەك يوشۇرۇن جاڭجاللىشىدىكەن.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئېيىق بۆرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ماڭغان بۆرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىگە قان تولغان هالدا بىر-بىرىگە ئېتىلىپتۇ.

بۆكەن قاتارلىق باشقا هايۋانلار بۆرە بىلەن ئېيىقنىڭ يامان نىيىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ يىغىلىپ نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن، ئۇلار تاغ قاپتىلىدا بۆرە بىلەن ئېيىقنىڭ تۇتۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چوقۇم ئۇلار بىزنى بۆلۈشەلمەي تۇتۇشۇپ قالغان گەپ دەپ قاراپ، دەرغەزەپكە كېلىپ قاتتىق چۇقان سېلىشىپتۇ. شۇ چاغدا سېغىزخاننىڭ بۈگۈن قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئاق قۇشقاچ ناهايىتى تېزلىك بىلەن چېقىمچى سېغىزخاننىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىۋېتىپتۇ. كۆپچىلىك ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشىنىپ يېتىپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيىق بىلەن بۆرىنى ئاجرىتىۋاپتۇ ھەمدە ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ. بۆرە بىلەن ئېيىق بىر-بىرىدىن ئەپۇ سورىشىپتۇ. بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان سېغىزخان مات بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ قۇيرۇقىنى تېكىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورمانلىقتىكى ھەرخىل هايۋانلار تېخىمۇ ئىجىل-ئىناق ياشاپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئۇلپەت جېلىل (ئوقۇغۇچى)

# شوخلۇقتىن نېمە چىقتى

(ھېكايە)

مەن بىر پۇتسىز مېيىپ بالا، مېنىڭ قانداقلارچە پۇتسىز بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلگىڭلار كېلىدىغاندۇ؟ مەن ئەسلى بەكمۇ شوخ، كەپسىز بالا ئىدىم. مېنىڭ بۇنداق شوخ بولۇپ قېلىشىم ئاتا-ئانامنىڭ مېنى يالغۇز ئوغۇل دەپ ئەركە باققانلىقىدىنمۇ ياكى تۇغۇلۇشىمدىلا مۇشۇنداق مىجەزىم بولغانلىقىدىنمۇ، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ بىردەممۇ جىم يۈرگۈم كەلمەيتتى. سىنىپ ئىچىدە ھېلى ئۇ ساۋاقدىشىمنىڭ شەپكىسىنى تارتىۋېلىپ ئاسمانغا ئاتسام، ھېلى بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ دەپتىرىنى ئېلىپ قېچىپ قاقشىتاتتىم. قىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ مېنى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. چۈنكى بىردەم بىرىنىڭ ياغلىقىنى ئېلىۋالسام، بىردەم بىرىسىنىڭ چېچىنى تارتىپ ئوينايتتىم ياكى دۈمبىسىگە ئەسكى قەغەز، لاتىلارنى تۇيدۇرماي ئېسىپ قوياتتىم. سىنىپىمىزدا يامان ئىشنىڭ ھەممىسى مەندىن چىقاتتى. مۇئەللىمنىڭ بەرگەن تەربىيىسى ئوڭ قۇلقىمدىن كىرىپ، سول قۇلىقىمدىن چىقىپ كېتەتتى.. ھەتتا مەكتەپتىن قايتقاندىمۇ كوچىدا جىم ماڭالمايتتىم. بىرەر ئەسكى جاۋۇر ياكى ئەسكى چۆگۈننى تېپىۋېلىپ، يول بويى ئۇنى تېپىپ دارىڭشىتىپ ماڭاتتىم ياكى بولمىسا كېتىۋاتقان ماشىنىغا ئېسىلىپ سىيرىلىپ ئوينايتتىم، شۇڭا ساۋاقداشلىرىم مېنى ئەيىبلەپ، «ھەي ئەركىن، سېنىڭ مۇشۇ شوخلۇقۇڭ ئاخىرى بېشىڭغا بىر بالا بولىدۇ، سەن مۇشۇنداقلا شوخلۇق قىلىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ دەردىنى بىر كۈنى تارتىسەن» دېيىشەتتى.

ئۇلارنىڭ دېگىنى راست ئىكەن. بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم، ئەتىگەندە يېغىشقا باشلىغان قار چۈشتىن كېيىن توختىغانىدى. چوڭ يولدىكى قار توختىماي ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چاقى ئاستىدا قېتىپ، ئەينەكتەك سىلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئىچىمدە «ۋاھ! مۇشۇنداق سىلىق يولدا تېيىلىپ ئوينىسا نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك بولاتتى-ھە» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ۋە شۇئان خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەيلا دېدى. شۇ چاغدا كوچا ئاپتوبۇسى گۈركىرەپ يېنىمغىلا كېلىپ قالدى. مەن سومكامنى دۈمبەمگە ئاستىم-دە، ئۆلە-تىرىلىشىمگە قارىماي يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىغا ئېسىلىپ تېيىلىشقا باشلىدىم. بۇ كۆڭۈللۈك «ئويۇن» دىن ئۆزۈمچە پەخىرلەندىم.

(ئاخىرى 111 - بەتتە)

مەمتىمىن بارى

# نۇرغا تەشنا ھاياتلىق

ئۆسمەكتىمىز خۇش چىراي

ئۆزەر كۆكتە تولۇن ئاي
سۈتتەك يورۇق ئايدىڭ تۈن.
يەرگە شۇنداق نۇر چاچار،
نۆۋەت بىلەن ئاي ۋە كۈن.

كۈن بىلەن ئاي ھەققىدە،
قىزغىن پاراڭ باشلاندى.
نۇر ھەققىدە بىر سوئال،
ئالدىمىزغا تاشلاندى.

قۇياش دېگەن ھەر دائىم،
بىزگە يورۇق بەرگۈچى.
جىمى جاندار جېنىغا،
ئوتتىن ئۇرۇق تەرگۈچى.

ئايمۇ ئاپئاق نۇر چېچىپ،
يورۇتىدۇ زۇلمەتنى.
كۈندۈز كەبى كېچىلەر،
ئەسلىتىدۇ ھېكمەتنى.

كۆپتۇر ئاينىڭ تۆھپىسى،
سەييارىلەر ئىچىدە.
ئۇ كۈندۈزدىن نۇر ئېلىپ،
ئۆتتۈنىدۇ كېچىسىگە.

نۇرغا تەشنا ھاياتلىق،
ئاڭا كېلىل كۈن ۋە ئاي.
ھەممىمىز ئۆز ئۆلارغا
ئۆسمەكتىمىز خۇش چىراي.

## ھىلال ئاي

ئاسماندىكى ھىلال ئاي
كەلگىن بىللە ئوينايمىز.
سەيلە قىلىپ باغچىنى،
ئېرىقلارنى بويلايمىز.

باغچە بەكمۇ چىرايلىق،
رەڭمۇ رەڭ گۈل ئېچىلغان.
زوق بېغىشلاپ يۈرەككە،
خۇش پۇراقلار چېچىلغان.

بۇلۇتلارغا مۆكۈنۈپ،
سەن كىم بىلەن ئوينايسەن.
ئۇيقۇڭ كەلسە ئاخشىمى
قەيەرلەردە ئۇخلايسەن؟

ئۆيۈڭ بارمۇ يا سېنىڭ
ئۇخلايدىغان ئاسماندا.
شۇنچە كۈتسەڭ چىقمايسەن،
بۇلۇت كېلىپ باسقاندا.

ئەمدى بىزنى ساقلاتماي،
چىق ئۆيۈڭدىن چاپسانراق.
خۇشتار بولساڭ سەن بىزگە
بىزمۇ ساڭا بەك ئامراق.

## ئېيت ناخشاڭنى توختاتماي

(بىر مېيىپ قىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن)

سەن ھەرگىز مەيۈسلەنمە،
مەجرۇھمەن، كېسەلمەن، دەپ.
ئارمىنىم باردۇر سېنى،
قاچانمۇ كۆرەرمەن، دەپ.

سەن ئېيتقان لېۋەن ناخشا
دىلنىڭ تارىنى چەكتى.
قىيامدەك شېرىن ئىلھام
جاننى مەھلىيا ئەتتى.

ئېكراندا سېنىڭ ئەكسىڭ
قەلبىمدە قېتىپ قالدى.
چېھرىڭنى كۆزۈپ ھەر كىم،
خىيالغا پېتىپ قالدى.

ناخشاڭنىڭ سادا، ئەۋجى
تىترەتتى نېفىتلىكنى.
كۆيلەپ قەھرىمانلارنى،
سۆكتۈڭ سەن رەزىللىكنى.

يەڭدىڭ سەن بولۇپ قەيسەر
تاغلاردەك مۇشەققەتنى.
بولساڭمۇ مېيىپ، بەردىڭ
بىھجىرىم مۇھەببەتنى.

ئەي قىز سەن مەيۈسلەنمە،
مەجرۇھمەن، كېسەلمەن، دەپ.
ئارمىنىم باردۇر سېنى،
قاچانمۇ كۆرەرمەن، دەپ.

توختاش بەكرى

## گۈل ۋە يوپۇرماق

(مەسەل)

كېلىپ باھار، ياز،
ئېچىلدى گۈللەر.
گۈللەر ھىدىدىن،
كۈلدى كۆڭۈللەر.
توپ ـ توپ كېپىنەك،
يېپىنىپ ئەتلەس.
گۈللەرنى كۆرۈپ،
قىلىشتى ھەۋەس.
ئىسكىرپىكىلار
چېلىپ ھەرىلەر،

گۈللەر ئۈستىدە،
قۇردى بەزمىلەر.
گۈللەرنى قىزلار،
قىستى قۇلاققا.
پۇرىدى، سۆيدى،
قاتتى قوشاققا.
بۇ ئىش بىر گۈلگە
پەيدا قىلدى ھال،
ئىسمىلىنى دېمەي،
پەيلىدۇر ئوسال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىبالىقنى
قىلدى ھېكايەت.
تەمەننا بىلەن
تۆكۈپ شىكايەت.
دېدى: مەن راستلا،
پۇراقلىق، ئېسىل.
ئالدىمدا بارچە،
گىياھلار خىجىل.
بولسىمۇ يېشىل،
يوپۇرماق شۇنچە.
كىم سۆيگەن ئۇنى؟
بولالماس غۇنچە...
دېمەك چاغلىقلا
ئۇنىڭ ئىززىتى،
ئىززەت بولمىسا،
نىمە قىممىتى؟

* *

تەبىئەت جىمجىت.
ئۆتمەيدىكەن ھېچ...
سامادا بەزەن
ئوينىتىپ قىلىچ.
بوران لەشكىرى
كۆتۈرۈپ غازات.
ھاۋادا، يەردە،
چاپتۇراركەن ئات...
بەزىلەر ئاگاھ
بەرسىمۇ بەرداش،
بەزىلەر ئاھ دەپ،
تۆكەركەن كۆز ياش...
ئاشۇ گۈل،
بۇ خىل
زور ئىمتىھانغا،
دۇچ كەلدى،
پاتتى
دەردۇ پىغانغا.
بويىنى بوراندا،
سۇندى قايرىلىپ.
يوپۇرماقلاردىن
قالدى ئايرىلىپ...
ھەر يانغا ئۇچۇپ،
يۈردى دۈگىلەپ.
داد - پەرياد سېلىپ،
يىغلاپ، ئۆمىلەپ.
رەڭگى، سولغىنى،
ئەسلا قالمىدى...
ھېچكىم ئېگىشىپ،
قولغا ئالمىدى...
قويۇن ئاپىرىپ،
تىقتى ئازگاللغا.
تەستە كەلدى گۈل،
مۇنداق زۇۋانغا:
— يېشىل يوپۇرماق —
ئېسىل يوپۇرماق!
سالغىنىدا بىر رەت
سۆزۈمگە قۇلاق!
مەنسىتمەپتىمەن
سەن قەدىردانىنى.
كەچۈرەرسەنمۇ
مەن دۆت - نادانىنى؟!
قۇياشنىڭ قىزىق
نۇرىغا چىداپ،
مېنى ئوزۇقتا
كەلگەنتىنىڭ قامداپ.
سۇ ئىچسەم قېنىپ
ئالقىنىم ئىدىڭ.
شامال - بوراندا،
قالقىنىم ئىدىڭ.
تاجىم دەپ بىلىپ،
ئالساڭ بېشىڭغا،
كۆرەلمەپتىمەن،
تېگىپ چىشىڭغا.

*

ھەيران قالغانسىز،
گۈلنىڭ ھالىغا.
نەزەر سالغانسىز
ئۇنىڭ زارىغا...

*

بىلگەنگە ئەينەك،
گۈلنىڭ كەچمىشى.
ھەزەر ئەيلىمەك،
ھەر كىمنىڭ ئىشى!

مۇھەممەت روزى

# ھىلال ئاي تەسىراتلىرى

## يوپۇرماق

يېشىل - يېشىل يوپۇرماق،
ئاراڭلارغا ئېلىڭلار.
تىلىڭلار شىلدىر - شىلدىر،
قىزغىن پاراڭ سېلىڭلار.

يېشىل - يېشىل يوپۇرماق،
يالتىراڭلار زۇمرەتتەك.
ئاراڭلاردا مەن كۈلەي،
خۇددى تىلسىم، ھېكمەتتەك.

يېشىل - يېشىل يوپۇرماق،
شىلدىر - شىلدىر تۆكۈلدى.
نېمىشقا تۆكۈلدىكىن،
كۆڭلۈم بەكمۇ ئۆكۈندى.

## تال چىۋىق

ئىنىم دائىم ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ.
چاپسا «ئېتى» كۈلەر ئۇ،
ئىچ - ئىچىدىن شادلىنىپ.

دوستلار ئارا ئۇ بەزەن،
چۈشەر قىزغىن بەيگىگە.
ئەڭ ئالدىدا چاپار ئۇ،
قالماس سەپنىڭ كەينىدە.

«تال چىۋىقكەن دېمەڭلار»
كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.
ئارزۇيۇم بار چولپاندەك،
چاقناپ نۇرغا تولىدۇ.

## چوغ ئەسلىدە قۇش ئىمىش

قۇچىقىڭدا ئەي ئانا،
ئاستا ئۇخلاپ قالىمەن.
نېمىشقىدۇر كېچىسى،
چوغنى چۈشەپ قالىمەن.

سوراپ باقسام بوۋامدىن،
چوغ ئەسلىدە قۇش ئىمىش.
ئۇ باللار ئېسىگە،
ئۇخلىغاندا چۈشەرمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئاق چوققا

ئەي ئاق چوققا، ئاق چوققا،
بېشىڭدىكى كۈمۈشمۇ؟
ياكى ئاپئاق ئەتىرگۈل،
رەڭگىدىكى بىر چۈشمۇ؟

ئارتىۋالغان بېشىڭغا،
لېچەكمۇ موماڭنىڭ.
ئوخشايدىكەن ئاقلىقىڭ،
ساقىلىغا بوۋاڭنىڭ.

## قارلىغاچ

ئەي قارلىغاچ، قارلىغاچ،
دوست بولامسەن مەن بىلەن.
ئۇچۇپ يىراق - يىراققا،
ئويناپ كۈلەي سەن بىلەن.

ھارغىنىڭدا مېھمان بوپ،
ئۆيىمىزدە ئال ئارام.
شۇنچە يىللىق، مۇلايىم،
كۈتۈۋالار جان ئانام.

مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ،
ئۇچۇپ كەتمە قارلىغاچ.
ئامراقلىقىم كېلىدۇ،
كۆڭلۈم سېنى خالىغاچ.

## بۇلۇت

بىر يىغلاڭغۇ بالىدەك،
ياش تۆكىسەن ھەمىشە.
داداڭ سېنى ئۇردىمۇ،
(نېمە بولدۇڭ ئەمىسە؟)

يىغلاش ساڭا، ئەي بۇلۇت،
يارىشامدۇ شۇنچە بەك؟
قارا ماڭا، چوڭ بولدۇم،
يىغلىمايمەن سېنىڭدەك.

## بوز تورغاي

ئەي بوز تورغاي، بوز تورغاي،
ئۇچۇپ كەلگىن يېزامغا.
سايراپ بەرگىن ئېتىزدا،
ئىشلەۋاتقان دادامغا.

ئەي بوز تورغاي، بوز تورغاي،
سەن سەھەرنىڭ ئەلچىسى.
ھەمراھ بولۇپ مەن ساڭا،
بولاي ئەمگەك كۈيچىسى.

ئەي بوز تورغاي سەھەرنىڭ،
يۇلتۇزىنى بەر ماڭا.
ئۇچاي مەنمۇ ئاسماندا،
قانىتىڭنى كەر ماڭا.

## گۈل تەرمەكتە بىر بالا

كىچىك ئېرىق قىرىدا،
ئويناپ يۈرەر بىر بالا.
تېرەر ماكاپ گۈلىنى،
بۇدرۇقىنە قولىدا.

گۈل تېرىيدۇ شۇ بالا،
بۇدرۇقىنە قولىدا.
ئورما ئورۇپ چارچىغان،
ئانىسى يار دىلىدا.

كىچىك ئېرىق قىرىدا،
گۈل تەرمەكتە شۇ بالا.
ئۇنىڭ سەبىي دىلىدا،
ئارزۇلىرى بەك تولا.

## ئانا، ئېيتاي بىر ناخشا

ئانا، ئانا ئاڭلىغىن،
ئېيتىپ بېرەي بىر ناخشا.
خۇشاللىقتا يۈرىكىم
ئويىنماقتا، سوقماقتا.

بۇ ناخشىنى جان ئانا
توقۇپ چىقتىم مەن ساڭا.
مېھرىڭدىن نەپەس ئالدىم
قەرزىم بار مەڭگۈ ئاڭا.

ئانا، ئانا سەن ئۇلۇغ
باغرىڭ گويا بىر قۇياش.
چاچلىرىمنى سىلايسەن
تاڭنىڭ نۇرىغا ئوخشاش.

جىنىم ئانا ئاڭلىغىن،
ناخشام بەكمۇ يېقىملىق.
سىنىڭ ئۈمىد - ئىستىكىڭ،
يۈرىكىمگە سىڭىشلىق.

زامانىمدىن پاكزات

# باللار شېئىرلىرى

## ئەللەي قورچىقىم

ئەللەي قورچىقىم ئەللەي،
كۆزۈمنىڭ مۇنچىقى ئەللەي.
گەپ ئاڭلىغىن، ئۇخلىغىن،
مەن ساڭا ئاق سۈت بېرەي.

ئەللەي قورچىقىم ئەللەي،
مەن چۈچەك ئېيتىپ بېرەي.
قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ،
چاقىرسام دېگىن لەببەي.

ئەللەي قورچىقىم ئەللەي،
سەن بۆشۈكتە ئۇخلىۋال.
چۈشۈڭدە سەن ئاناڭنى
راسا قېنىپ ئېمىۋال!

## مېيىپ قىز سۆزى

— بوغا - بۇغۇلاڭ
تېز - تېز يۈرگىلاڭ.
ئېلىپ بېرىڭ مېنى دەريا بويىغا
قومۇلۇقلارغا
ئورمانلارغا!
— بار نېمە ئىش ئورماندا؟
— كۆچەت تىكىمىز دەريا بويىغا،
— سۇلار قويىمىز چۆلنىڭ قوينىغا،
ئورماندا
يىغىۋېلىپ قۇشلارنى
ئۆگىتىمىز ئۇسسۇل - ناخشىلارنى.
— ھەي سىگىلچاق، سىگىلچاق،
ئارتىس - سازچى، كىم؟ قانداق؟
— ئۆردەك سۇنايچى،
تومۇر تۇمشۇق دۇمباقچى،
توتى ئېلانچى،
بۇلبۇل ئالار مىكروفون،
تورنا ماھىر ئۇسسۇلغا،
قارىغۇجا ھەزىلكەش؛
غازلار چۈشەر دېسكوغا،
تورغاي غەزەلكەش.
ھۆپۈپ گېرىمچىك
سېغىزخان دېكراتسىيە سىزار؟
قارغا لازىمەتلەرنى
سەھنىگە تىزار.
— ھوي، ھوي ...
— دەريا بويىقويۇق ئورمان بولسا
ئويۇن قويىمىز ئۇ يەرگە بېرىپ؛
ئويغۇسىنى بۇزۇۋېتىپ ناخشا بىلەن
قومۇلۇقلاردىن ئۆتىمىز كىيىنىپ!
بوغا - بۇغىلاڭ!
تېز - تېز يۈرگىلاڭ!



ئابدۇللا ساۋۇت

# ئۇششۇك ماڭغان كيچه

(پوۋېست)

«خوندا» ماركىلىق موتسىكلىت كەينىدە يەڭگىل، ئاقۇش چاڭ قالدۇرۇپ گاھ تېز ئىلگىرىلەيتتى، گاھ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ توختايتتى، مىنۇت ئۆتمەي يەنە قوزغىلىپ يولىنى داۋام قىلاتتى، ئۇنىڭدا ئولتۇرغىنى 24-25 ياشلاردىكى ئېگىز بوي، قەددى-قامىتى تولۇپ ۋايىغا يەتكەن چىرايلىق جۇۋان — ئانىقىز ئىدى.

ئۇنىڭ نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقانلىقى، نېمىگىدۇر رەنجىپ، مېڭىشتىن يالتىيىۋاتقانلىقى چىرايىدىكى جىددىيلىك، سولغۇنلۇق، ھەسرەت-پۇشايمان ئىپادىلىرىدىن مەلۇم. ئۆتكۈنچىلەر، بولۇپمۇ يول ياقىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ كېچىك بالىدەك قىلىقىغا قىزىقىسىنىپ، ھەيران بولۇپ قاراپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى، بۇنىڭدىن ئانىقىزنىڭ پەرۋايى پەلەك، ئۇ ئۆز خىيالى، ئۆز دەردى بىلەن، ئۇ ئالدىرايدۇ، جىددىيلىشىدۇ، ھايال ئۆتمەي سوغۇققان، ئويچان ھالەتكە قايتىدۇ، توختايدۇ، يەنە ماڭىدۇ.

ئاسمان بۇلۇتسىز، زۇمرەتتەك سۈزۈك. قۇياش ئۇپۇققا قاراپ يەسلىمەكتە، سەھرا ئاپتىپى سۈس، يېقىملىق كۈز ھاۋاسى تولىمۇ ياخشى، ئانىقىزنى نېمىدۇر بىر نەرسە ئۆزىگە تارتىدۇ، جەلپ قىلىدۇ، تەلمۈرتىدۇ، ئالدىرىتىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە موتسىكلىت سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ، يەنە نېمىدۇر بىر نەرسە

خەۋپسرتتمدۇ، بىزارقىلىندۇ، ئۇ شۇئان ئاستىلاپ قالىدۇ، توختايدۇ، ئالدى - كەينىگە قارايدۇ، ئالاقزادە بولىدۇ، خۇددى كەينىدىن بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ... لېكىن ئۇنىڭ كەينىدە ھېچكىم يوق، ئەيسا باي تاغقا ماڭغىلى خېلى بولدى.

يېقىندىن توي قىلغان قىزلارنىڭ ياكى بىرىنچى ئېرىگە كۆڭلى چۈشمەي قايتىدىن بەختىنى تاپقان جۇۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە دەسلەپكى بىرنەچچە ئاينى ناھايىتى كۆڭۈللۈك، شېرىن لەززەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. تويغا ئاتاپ بېزەلگەن ھۇجرا گويا پانىي ئالەمدىكى جەننەتكە ئوخشايدۇ، يېڭى، ئىسسىق ئورۇندا، مەستخۇشلۇقتا ئۆتكۈزگەن دەقىقىلەر خۇددى كۈتۈلمىگەن، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاجايىپ غايىۋى چۈشكىلا ئوخشايدۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى مۇھەببەت قانات بەرگەن كۆڭۈللەردە بۇ چۈشلەرنى تېخىمۇ ئۇزارتىش، ئۇزۇپ قويماسلىق ئىستىكى ئوتتەك يانىدۇ، گۈلخاندەك ئۇلغىيىدۇ، مۇھەببەت ئالىمىدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇرەككەپ سىرلار ئاشۇ چۈش تەسىرىدە يېشىلىپ قەلب ئەينىكىدە نامايان بولامدىكىن ... بىراق بۇ چۈشلەرنى ئېنىق ئەسلىيەلمەي گاراڭلاشقان كۆڭۈللەر بارا - بارا ھەممە نەرسىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ چۈنكى رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلارنىڭ يەلكىسىگە ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى مەجبۇرىي ئارتىپ قويغاندىن تاشقىرى يەنە مۇئەييەن مەسئۇلىيەت، بۇرچنىمۇ يۈكلەيدۇ، ئانىقىز ئۈچۈن بۇنداق سەرگۈزەشتىلەر ئۇنچىۋالا ئەھمىيەتلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ياشلىقى، بالاغەتكە يەتكەن قىرانلىق دەۋرى باشقا قىز - جۇۋانلارنىڭ تەقدىرى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمىدى. شۇڭا ئۇ ...

كەچكى قۇياش نۇرى ئېگىز، قويۇق، رەتلىك سۆۋادانلارنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئانىقىزنىڭ ئاپئاق يۈزىدە ئالا كۆلەڭگە پەيدا قىلاتتى، بۇ ئالا كۆلەڭگە ئانىقىزنىڭ ئەسلىدىكى سۈزۈك چىرايىدا جىلۋىلەنگەن نۇرانە گۈزەللىك بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ يارقىن پارقىرايتتى، كوچىدىكى ۋېلىسىپىتلىك، پىيادە كىشىلەر تېخى يېقىندىلا ناھىيە بازىرىدىن غايىب بولغان، بۈگۈن موتسىكلىت مىنىپ ئالاھىدە سۆلەت بىلەن بازارغا كىرگەن ئانىقىزغا قىزىقىش، ھەسەت، ھەيرانلىق بىلەن قاراشماقتا، ئانىقىز سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ تونۇش - بىلىشلەرگە باش ئېگەتتى، كونا ئۇلپەتلەر توختاپ ھىجىيىشاتتى، ئانىقىز جاۋابەن كۆز قىساتتى، قېشىنى ئۇچۇرۇپ قوياتتى. ئۇ «شياڭگاڭ كوچىسى» غا بۇرۇلۇپ، تونۇش ئاشخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— بەللى ... ئانىقىز، كەلسىلە، قايانىدىن كۈن چىقىپ قالدى؟ — ئاشخانا خوجايىنى ياغلىشاڭغۇ، سېمىز ئالقانلىرىنى پەشتامىسىغا سۈرتۈپ ئانىقىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھىجايدى، — كەلسىلە، ھە، مۇنۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرسىلا، كوچىمىزنىڭ گۈلى ئىدىلە. مانا ئەمدى بايغا تېگىپ تېخىمۇ گۈل ... نېمە يەيدىكى، كۆڭۈللىرى تارتقاننى دېسىلە.

— گۆشنىڭ مېيى يوق قارا يېرىدىن توغراپ بىر تەخسە قورۇما قىلسىلا، ئۇستام، — دېدى ئانىقىز ئولتۇرۇپ بولۇپ.

ئاشخانا خوجايىنى ئېگىز، كەڭ گەۋدىسىنى بۇراپ ئوچاق بېشىدا ساپلىقنى سىلكىپ - ئوينىتىپ سەي قورۇۋاتقان ياش يىگىتكە بۇيرۇق قىلدى.

ئاشخانىنىڭ كوچىغا قارىغان تەرىپى ئەينەكلىك، كەڭ دېرىزە ئىدى، ئەينەكتىن كوچىدىكى ھەممە نەرسە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئانىقىز كوچىغا زەن سالدى، قاتار كەتكەن دۇكان، ماگىزىن ... ئەنە 53 - نومۇرلۇق دۇكان. ئانىقىز قۇلۇپلاقلىق دۇكانغا قاراپ خىيالغا چۆمدى ...

جەنۇبتا سائەت 8 دىلا گۇگۇم چۈشۈپ تۈن باشلىنىدۇ، ئاۋغۇست كېچىلىرى كۈندۈزدىكىدەك دىمىق، ئىسسىق بولمايدۇ، پامىر تاغلىرىدىن سوققان مەيىن شاماللار كوچىلارغا، تۈتاش كەتكەن بوستانلىقلارغا، كۆسەن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان بۇ ناھىيىنىڭ كوچا بازارلىرىغا قىياق، شاپ، چاكاندىلارنىڭ چۈچۈرمەل، قاڭسىق ھىدىنى ئۈچۈرۈپ كېلىدۇ، قويۇق ئورمانلار، بۆك - باراقسان باغلار شامال تەسىرىدە بىردەبوش، بىردە چىڭ ئاۋاز چىقىرىپ شۇۋۇلداپ يېقىملىق، گۈزەل كۈي ھاسىل قىلىدۇ،بۇ كۈيلەر جىمجىت كېچىنىڭ بىپايان قۇچىقىنى نەغمە - ناۋاسى تۈگىمەيدىغان دائىمىي بەزمىگاھقا ئايلاندۇرىدۇ، كىشىلەر مۇنداق ئارامبەخش تۈننىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىدىن شېرىن - لەززەتلىك ئۇيقۇنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، چۈنكى كۈندۈزدىكى تىنجىق ئىسسىقتىن كېيىنكى ئېغىر ھارغىنلىق پەقەت ئۇيقۇ بىلەن تۈگەيدۇ، بىراق 53 - نومۇرلۇق دۇكاندا ھايات قايناي‌دۇ، تورۇسقا ئېسىلغان كۈنسمان چىراغنىڭ سۈتتەك ئاق نۇرىدا يەۋاتقان، چېكىۋاتقان، ئىچىۋاتقان بىر توپ ياشلارنىڭ چىرايلىرىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا كادىرلارمۇ، ئىشچىلارمۇ، سودىگەرلەرمۇ، ئانچە - مۇنچە ھوشۇق ئاتىدىغان «دەتتىكام» چىلەرمۇ بار، بۇلار مۇشۇ دۇكاننىڭ دائىمىي خېرىدارلىرى، مېھمانلىرى، بىرئاز ئىچىپ قىزىغاندىن كېيىن كەيپچىلىكتە پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىغان مەردلەر، ئانىقىزنىڭ ساددا، يېقىملىق، جەزىبىلىك كۈلكىلىرىگە مەھلىيا بولۇپ يۈرگەن ھەۋەسكارلار ...

ئەسلىدە بۇ كوچىنىڭ ئورنى يانتاق، ئوغرى تىكەنلەر قاپلاپ كەتكەن ئېگىز پەس دۆڭلۈك بولۇپ، بىر تەرىپى ناھىيىنىڭ چوڭ كوچىسىغا، ئىككىنچى تەرىپى ئىدارىنىڭ باغ ئېمىغا تۇتىشىپ تۇرغاچقا، خۇددى چىرايلىق كۆزگە چۈشكەن ئاقتەك شەھەرنىڭ ھۆسنىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ تۇراتتى، بۇندىن ئالتە - يەتتە يىل بۇرۇن ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ، ئويمان - دۆڭلەرنى تۈزلەپ، شەرقتىن - غەربكە قارىتىپ 20 مېتىر كەڭلىكتە يول ئالدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە رەتلىك قىلىپ پىششىق خىشتىن بىر يۈرۈش دۇكان سالدى ۋە بۇ ئۆيلەرنى تىجارەتچىلەرگە ئىجارىگە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر بىراقلا ئاۋاتلىشىپ «شياڭگاڭ كوچىسى» دەپ ئاتالدى، دېمىسىمۇ كوچىدىكى دۇكان، بوتكىلارنىڭ تەگدىن تولىسى گۇاڭجۇ، شياڭگاڭ، ياپونىيە، پاكىستان، ئەرەبىستاندىن كەلتۈرۈلگەن ماللار بىلەن لىق تولغانىدى، كۈندۈزلىرى كوچا ئوتتۇرىسىنمۇ غالتەكچى، يايمىچى، دوغچى، گازىرچى، ماتاڭچى ... لار ئىگىلىۋالغاچقا قىستا - قىستاڭچىلىق تۈگىمەيتتى...

— ئانىقىز! ئاشنى قىزىق ئەكېلىمىز - ھە، — ئاشخانا خوجايىنى خۇشامەت كۈلكىسى بىلەن كېلىپ بىر تەخسە گۆشلۈك قورۇمىنى شىرە ئۈستىگە قويدى.

— قىزدىق بەرسىلە.

ئانىقىز ئەتراپىدا تاماق يەۋاتقانلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى كۇس ـ كۇس پاراڭلىرىغا پەرۋا قىلماستىن تاماقنى يېيىشكە باشلىدى، لېكىن … بايىقى خىياللار ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى بوغقاندەك قىلاتتى، ئاشتىن بىرنەچچە چوكا ئېلىپلا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا ئاشۇ تاقاقلىق تۇرغان 53 ـ نومۇرلۇق دۇكاندا ئىدى … ئۇ چاغلاردا بۇ دۇكان ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاۋات ئىدى. ئېگىز بويلۇق، خۇش پىچىم، يۈزى سەل سوزۇقراق، ئاق سۈزۈك، بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىلەكتەك توم، قاپقارا چاچلىرى ئېقسىغىچە ساڭگىلىغان، قەلەمقاشلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل جۇۋان ئانىقىز ئاشۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى ئىدى.

… ئانىقىز مەخسۇت بىلەن توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى ۋە ئايرىم ئۆي تۇتتى، مەخسۇت ئىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، ھورۇن، ئويۇنچى يىگىت ئىدى، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ يولدىن چىقىپ، بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇ دۇكاننى ئىجارىگە ئالدى. دۇكانغا سەرەڭگە، سوپۇن، يىڭنىدىن تارتىپ شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شياڭگاڭنىڭ ھەر خىل رەختلىرىگىچە، قولچىراغ، ئېلېكترونلۇق سائەت، رادىئو ۋە باتارېيىسىدىن تارتىپ ئۇنئالغۇ، رادىئو، گازىر، پۇرچاق، تاماكا، ھاراقلارغىچە، ھەر خىل ماللار سېلىندى، مەخسۇت دۇكاننى ئاچتى، لېكىن سودا يۈرۈشمىدى. ئۇنىڭ كونا بازاردا گۈزەرنىڭ ئىتى، ناھىيە بازىرىدا دوقمۇش نوچىسى دېگەن نامى بار ئىدى، ھەمىشە كوچىدىن كەتمەيتتى. ياڭاق ئوينايتتى، توخۇ ـ ئىت تالاشتۇراتتى، قارتا ئاچاتتى، كوچىمۇ كوچا لاغايلاپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۇچرىغان قىز ـ چوكانلارغا ئېگىشەك تاشلايتى، دوقمۇشتىكى چوڭ ئاشخانا ئۇنىڭ يەنەبىر پائالىيەت سورۇنى ئىدى، بۇلۇڭدىكى تاماق شىرەسىنى ئىگىلىۋېلىپ، بىرەر يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدىغا قوياتتى ـ دە، تونۇش بىلىشلەردىن بىر ـ ئىككىسى كىرگەن ھامان كاپىدا ئېسىلىپ، يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ھاراق قىزىياتتى، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇلپەتلەر كۆپىيىپ شىرە ئۈستى كاللا ـ پاقالچاق، زاسۇي، گازىر ـ پۇرچاقلار بىلەن توشاتتى، بوتۇلكىلار سۇناتتى، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاشخاننى بىر ئالاتتى، مەخسۇت راسا يەپ ـ ئىچىپ، ئاخىرىدا بىرپەيت تېپىپ غىپپىدە قاچاتتى، تاماق، سەي، ھاراقنىڭ قالدى پۇلىنى ئۇلپەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياۋاش، پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگىگەن، شور پېشانىسىدىن بىرى تۆلەيتتى، ئۇبدان مەست بولۇۋالغان مەخسۇت كونا بازاردىكى گۈزەردە قارتا ئاچاتتى، قىمار ئوينايتتى. يانچۇقىدا ھېچنېمە قالمىغاندا سەمەت ناسىۋالنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، بۇ كونا قىمارۋازدىن پۇل ئۆتنە ئالاتتى، ئاشۇنداق كېلىپ يۈرۈپ ئۇ سەمەت ناسىۋالنىڭ ئۆيىدە ئانىقىزنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى، سەمەت ناسىۋال مەخسۇتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئېلىپ كەلگەن داستىخاننى قوبۇل قىلدى، قۇدىلاشتى، شۇنداق قىلىپ مەخسۇت چىرايلىق قىز — ئانىقىزنىڭ ئېرى بولۇپ قالدى. مەخسۇتنىڭ ئائىلىسى ھال ـ كۈنى ياخشى ئائىلىلەردىن ئىدى، ئاتا ـ ئانا يالغۇز ئوغلىنى ھېچنېمىدىن قىسمايتتى. مەخسۇت دۇكاننى ئاچقاندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقى ئادەتلىرىنى تاشلىمىدى، ئۇدۇللۇق سودا قىلغان پۇلغا ھاراق ئىچەتتى، نەشە چېكەتتى، بۇنىڭغا

ئاشخانىنىڭ كوچىغا قارىغان تەرىپى ئەينەكلىك، كەڭ دېرىزە ئىدى، ئەينەكتىن
كوچىدىكى ھەممە نەرسە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئانىقىز كوچىغا زەن سالدى، قاتار كەت-
كەن دۇكان، ماگىزىن ... ئەنە 53 - نومۇرلۇق دۇكان. ئانىقىز قۇلۇپلاقلىق دۇكانغا
قاراپ خىيالغا چۆمدى ...
جەنۇبتا سائەت 8 دىلا گۇگۇم چۈشۈپ تۈن باشلىنىدۇ، ئاۋغۇست كېچىلىرى كۈندۈز-
دىكىدەك دىمىق، ئىسسىق بولمايدۇ، پامىر تاغلىرىدىن سوققان مەيىن شاماللار كۆجۈم
پېزىلارغا، تۇتاش كەتكەن بوستانلىقلارغا، كۆسەن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان بۇ ناھى-
يىنىڭ كوچا بازارلىرىغا قىياق، شاپ، چاكاندىلارنىڭ چۇچۇمەل، قاڭسىق ھىدىنى
ئۇچۇرۇپ كېلىدۇ، قويۇق ئورمانلار، بۈك - باراقسان باغلار شامال تەسىرىدە بىردەبوش، بىر-
دە چىڭ ئاۋاز چىقىرىپ شۇۋۇلداپ يېتىملىق، گۈزەل كۈي ھاسىل قىلىدۇ،بۇ كۈيلەر جىمجىت
كېچىنىڭ بىپايان قۇچىقىنى نەغمە - ناۋاسى تۈگىمەيدىغان دائىمىي بەزمىگاھقا ئايلان-
دۇرىدۇ، كىشىلەر مۇنداق ئارامبەخش تۈننىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتىدىن شېرىن - لەززەت-
لىك ئۇيقۇنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، چۈنكى كۈندۈزدىكى تىنجىق ئىسسىقتىن كېيىنكى
ئېغىر ھارغىنلىق پەقەت ئۇيقۇ بىلەن تۈگەيدۇ، بىراق 53 - نومۇرلۇق دۇكاندا ھايات
قايناپدۇ، تورۇسقا ئېسىلغان كۈنسىمان چىراغنىڭ سۈتتەك ئاق نۇرىدا يەۋاتقان، چېي-
كىۋاتقان، ئىچىۋاتقان بىر توپ ياشلارنىڭ چىرايلىرىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر ناھا-
يىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا كادىرلارمۇ، ئىشچىلارمۇ، سودىگەرلەر-
مۇ، ئانچە - مۇنچە ھوشۇق ئاتىدىغان «دەتتىكام» چىلەرمۇ بار، بۇلار مۇشۇ دۇكاننىڭ
دائىمىي خېرىدارلىرى، مېھمانلىرى، بىرئاز ئىچىپ قىزىغاندىن كېيىن كەيپچىلىكتە
پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىغان مەردلەر، ئانىقىزنىڭ ساددا، يېقىملىق، جەزىبىلىك كۈلكە-
لىرىگە مەھلىيا بولۇپ يۈرگەن ھەۋەسكارلار ...
ئەسلىدە بۇ كوچىنىڭ ئورنى يانتاق، ئوغرى تىكەنلەر قاپلاپ كەتكەن ئېگىز
پەس دۆڭلۈك بولۇپ، بىر تەرىپى ناھىيىنىڭ چوڭ كوچىسىغا، ئىككىنچى تەرىپى ئىدارى-
نىڭ باغ تېمىغا تۇتىشىپ تۇراتتى، خۇددى چىرايلىق كۆزگە چۈشكەن ئاقتەك شەھەر-
نىڭ ھۆسنىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ تۇراتتى، بۇندىن ئالتە - يەتتە يىل بۇرۇن ھۆكۈمەت
پۇل ئاجرىتىپ، ئويمان - دۆڭلەرنى تۈزلەپ، شەرقتىن - غەربكە قارىتىپ 20 مېتىر
كەڭلىكتە يول ئالدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە رەتلىك قىلىپ پىششىق خىشتىن بىر
يۈرۈش دۇكان سالدى، ۋە بۇ ئۆيلەرنى تىجارەتچىلەرگە ئىجارىگە بەردى، شۇنىڭ
بىلەن بۇ يەر بىراقلا ئاۋاتلىشىپ «شياڭگاڭ كوچىسى» دەپ ئاتالدى، دېمىسىمۇ كو-
چىدىكى دۇكان، بوتكىلارنىڭ تەگدىن تولىسى گۇاڭجۇ، شياڭگاڭ، ياپونىيە، پاكىستان،
ئەرەبىستاندىن كەلتۈرۈلگەن ماللار بىلەن لىق تولغانىدى. كۈندۈزلىرى كوچا ئوتتۇ-
رىسىنىمۇ غالتەكچى، پايىمچى، دوغچى، گازىرچى، ماتاڭچى ... لار ئىگىلىۋالغاچقا قىستا -
قىستاڭچىلىق تۈگىمەيتتى...
— ئانىقىز! ئاشنى قىزىق ئەكېلىمىز - ھە، — ئاشخانا خوجايىنى خۇشامەت كۈل-
كىسى بىلەن كېلىپ بىر تەخسە گۆشلۈك قورۇمىنى شىرە ئۈستىگە قويدى.

— قىزدىق، بەرسىلە.

ئانىقىز ئەتراپىدا تاماق يەۋاتقانلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى كۇس - كۇس پاراڭلىرىغا پەرۋا قىلماستىن تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى، لېكىن ... بايىقى خىياللار ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى بوغقاندەك قىلاتتى، ئاشتىن بىرنەچچە چوكا ئېلىپلا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا ئاشخانا تاقاقلىق تۇرغان 53 - نومۇرلۇق دۇكاندا ئىدى ... ئۇ چاغلاردا بۇ دۇكان ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاۋات ئىدى. ئېگىز بويلۇق، خۇش پىچىم، يۈزى سەل سوزۇقراق، ئاق سۈزۈك، بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىلەكتەك توم، قاپقارا چاچلىرى تېقىمىغىچە ساڭگىلىغان، قەلەمقاشلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل جۇۋان ئانىقىز ئاشۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى ئىدى.

... ئانىقىز مەخسۇت بىلەن توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى ۋە ئايرىم ئۆي تۇتتى، مەخسۇت ئىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، ھورۇن، ئويۇنچى يىگىت ئىدى، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ يولدىن چىقىپ، بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇ دۇكاننى ئىجارىگە ئالدى. دۇكانغا سەرەڭگە، سوپۇن، يىڭنىدىن تارتىپ شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شياڭگاڭنىڭ ھەر خىل رەختلىرىگىچە، قولچىراغ، ئېلېكترونلۇق سائەت، رادىئو باتارېيىسىدىن تارتىپ ئۇننىئالغۇ، رادىئو، گازىر، پۇرچاق، تاماكا، ھاراقلارغىچە، ھەر خىل ماللار سېلىندى، مەخسۇت دۇكاننى ئاچتى، لېكىن سودا يۈرۈشمىدى. ئۇنىڭ كونا بازاردا گۈزەرنىڭ ئىتى، ناھىيە بازىرىدا دوقمۇش نوچىسى دېگەن نامى بار ئىدى، ھەمىشە كوچىدىن كەتمەيتتى. ياڭاق ئوينايتتى، توخۇ - ئىت تالاشتۇراتتى، قارتا ئاچاتتى، كوچىمۇ كوچا لاغايلاپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۇچرىغان قىز - چوكانلارغا ئېگەك تاشلايتى، دوقمۇشتىكى چوڭ ئاشخانا ئۇنىڭ يەنەبىر پائالىيەت سورۇنى ئىدى، بولۇڭدىكى تاماق شىرەسىنى ئىگىلىۋېلىپ، بىرەر يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدىغا قوياتتى - دە، تونۇش - بىلىشلەردىن بىر - ئىككىسى كىرگەن ھامان كاپپىدا ئېسىلىپ، يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ھاراق قۇياتتى، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇلپەتلەر كۆپىيىپ شىرە ئۈستى كاللا - پاقالچاق، زاسوي، گازىر - پۇرچاقلار بىلەن توشاتتى، بوتۇلكىلار سۇناتتى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاشخانىنى بىر ئالاتتى، مەخسۇت راسا يەپ - ئىچىپ، ئاخىردا بىرپەيت تېپىپ غىپپىدە قاچاتتى، تاماق، سەي، ھاراقنىڭ قالدى پۇلىنى ئۇلپەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياۋاش، پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگىگەن، شور پېشانىدىن بىرى تۆلەيتتى، ئۇبدان مەست بولۇۋالغان مەخسۇت كونا بازاردىكى گۈزەردە قارتا ئاچاتتى، قىمار ئوينايتتى. يانچۇقىدا ھېچنېمە قالمىغاندا سەمەت ناسىۋالنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، بۇ كونا قىمارۋازدىن پۇل ئۆتنە ئالاتتى، ئاشۇنداق كېلىپ يۈرۈپ ئۇ سەمەت ناسىۋالنىڭ ئۆيىدە ئانىقىزنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى، سەمەت ناسىۋال مەخسۇتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئېلىپ كەلگەن داستىخاننى قوبۇل قىلدى، قۇدىلاشتى، شۇنداق قىلىپ مەخسۇت چىرايلىق قىز — ئانىقىزنىڭ ئېرى بولۇپ قالدى. مەخسۇتنىڭ ئائىلىسى ھال - كۈنى ياخشى ئائىلىلەردىن ئىدى، ئاتا - ئانا يالغۇز ئوغلىنى ھېچنېمىدىن قىسمايتتى. مەخسۇت دۇكاننى ئاچقاندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقى ئادەتلىرىنى تاشلىمىدى، ئۇدۇللۇق سودا قىلغان پۇلغا ھاراق ئىچەتتى، نەشە چېكەتتى، بۇنىڭغا

قانائەت قىلماي دوستلىرىنى دۇكانغا يىغىپ قىمار ئوينايتتى، پۇل تۈگىسە دۇكاندىكى ماللارنى دوغا تىكەتتى، مەسىلەرنىڭ جېدەل - ماجىرالىرىغا ئارىلىشىپ بىرقانچە قېتىم يىغىۋېلىش پونكىتىدا يېتىپمۇ چىقتى، ئەپسۇس ... ئۇ يەنىلا تۈزەلمىدى، خاپىلىققا چىدىمىغان مەخسۇتنىڭ دادىسى بىر كۈنى ھويلىدا مەخسۇتقا بىر كاچات سالدى، چالا كەيىپ مەخسۇت شۇئان دادىسىغا بىر پەشۋا ئاتتى، دادىسى دەلدەڭشىپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى، بۇنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئانىسىمۇ قۇچىقىدىكى بالىسىنى تاشلاپ، ئىككى تاقلىدى - دە، كېلىپ ئېرى مەخسۇتنىڭ قورسىقىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى. مەخسۇت ۋاي - ۋايلاپ، جايىدا تۆت چۆكىلەپ زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى، ئانىسى يەنە بىرنى تېپىپ ئۇنى كەينىگە ئۈچۈرۈۋەتتى. «ئوغۇل، دەپ، ئەسلىدە بىر مۇناپىقنى بېقىپتىمەن. ھە ... ئۆز پۇشتىغا قول ياندۇرغان ئاسىي! ... يەر يۇتقۇر بەدبەخ! كېلىنىم ئانىقىز ھەقىقىي ئوغۇل بالىغا ئوخشايدىكەن. بۈگۈندىن باشلاپ ئانىقىزنى ئوغۇلچىلاپ باقىمەن.» مەخسۇتنىڭ دادىسى شۇ كۈنى مەخسۇتتىن دۇكاننىڭ ئاچقۇچىنى تارتىۋېلىپ ئانىقىزغا تۇتقۇزدى، خوجايىن ئالماشتى، ئانىقىز دۇكان ئاچقان كۈنىلا 400 يۈەنلىك سودا قىلىنىپ، ھېسابتا 50 يۈەن نەق پايدا كۆرۈلدى. مەخسۇتنىڭ دادىسى خۇشاللىقىنى باسالماي ئانىقىزغا: «ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، بالام، سىلە كىچىكلىرىدىن تارتىپ سودا - سېتىققا، ئىلىم - بېرىم ئىشلىرىغا پىشقان، قورقماي ئىشلەۋەرسىلە، مەخسۇت نېمىلا بولمىسۇن ماڭا بالا. ئانچە - مۇنچە پۇل بېرىپ قويسىلا خەج - خىراجەت قىلسۇن، مال يۆتكەپ بېرىشكە مەن مەسئۇل» دېدى.

ئانىقىزغا ھەممە نەرسە ئايان، مەخسۇت بەزى كۈنلىرى كوچىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى - يۇ، دۇكانغا باش تىقالمايتتى، بىر - ئىككى ئايغا قالماي ئانىقىزنىڭ دۇكىنى «شىياڭگاڭ كوچىسى» دىكى ھەممە دۇكان، بوتكىلارنى بېسىپ چۈشتى. بازارنىڭ ھەرخىل كەسىپتىكى ياشلىرى، بولۇپمۇ چېكەرمەن، ئىچەرمەن، بىكار تەلەپ ... لەر خۇددى ھەسەلگە ئولاشقان چىۋىنلاردەك بۇ دۇكانغا ئۆزىنى ئۇردى. ئانىقىز خېرىدارلارغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، خېرىدارنى كۆرگەن ھامان گۈلدەك ئېچىلىپ كېتەتتى، مال ئېلىپ بەرگۈچە، پۇل ئالغۇچە، ئارتۇق پۇلنى ياندۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا قەلەمقاشلىرى گويا ئۇچۇش ئالدىدا تۇرغان قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك لىپ - لىپ قىلىپ كۆتۈرۈلەتتى. كۆزلىرىدە ئاجايىپ سىرلىق تەبەسسۇم جىلۋىلىنىشكە باشلايتتى، ئاپئاق ئىنچىكە بارماقلىرى خېرىدارنىڭ قوللىرىغا «تۇيۇقسىز» تېگىپمۇ كېتەتتى، قوللىرى مال جازىسىغا سوزۇلغاندا، مالنى پوكەيگە قويغاندا كالتە مانجاتلىق، يېڭى تار، ياقىسى يۇمىلاق، بەلباغلىق نېپىز كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى لىغ - لىغ تىترەپ، قاراپ تۇرغان كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتەتتى، خۇسۇسەن، خېرىدارلار ئانچىكى چاقچاقلارنى قىلىپ قويسىمۇ گويا بۇ چاقچاقلار ناھايىتى تەسىرلىك، مەنىلىك تۇيۇلغاندەك بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى ... دۇكاننى لەرزىگە سالىدىغان بۇ يېقىملىق كۈلكە خېرىدارلارنىڭ مال سېتىۋېلىش ھەۋىسىنى كۈچەيتىپ، يانچۇقتىكى پۇللارنى ئۆزىگە تارتاتتى. ھەممىدىن كەچلىك سودىدىكى تاپاۋەت كۆپ ئىدى. دائىمىي

مېھمان ھېسابلىنىدىغان ئىچەرمەنلەر بونداق چاغدا پۇلنى ئايىماي خەجلەيتتى. كەيپى ئۆرلىگەنسېرى مەردلىشىپ قىممەت ھاراقلارنى ئالاتتى، مەست بولغاندا ئانىقىزنىڭ چىرايىنى، قاش - كۆزلىرىنى، بويى قامىتىنى ماختاشقا ئۆتەتتى، بىر - بىرى بىلەن گەپ تالىشىپ قويۇشاتتى، ئارقىدىن ھەممىسى بىردىن ھاراق قۇيۇلغان پىيالە، رومكا، ئىستاكانلارنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ «ئانىقىز ئۈچۈن!»، «خېنىم ئۈچۈن!» دەپ ۋارقىرىشىپ ئېچىشەتتى ۋە ئانىقىزغىمۇ بىر رومكا تۇتاتتى. ئانىقىز رومكىنىڭ گىرۋىكىگە گۈلسۈرۈختەك قىزىل، گۈزەللىكى بىلەن دىلنى ئەسىر قىلىدىغان لەۋلىرىنى سەل - پەل تەگكۈزۈپ قويۇپ: «مېھمانلارنىڭ دۇكىنىمنى داۋاملىق ئاۋات قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، خوش!» دەيتتى - دە، رومكىنى ئۆزى خالىغان بىرىگە تەقدىم قىلاتتى. بۇ قەدىرلىك، سۆيۈملۈك رومكا «ئانىقىزنىڭ لېۋى تەگكەن يەردىن ئىچىمەن» دېيىشىپ ئۇزىتىلغان قوللار ئارىسىدا تالاشقا قالاتتى، نەچچە ئون قول ئۇ رومكىنى تەڭ تارتاتتى، نەتىجىدە رومكا مېجىلىپ سۇناتتى. ھاراق تۆكۈلەتتى، مەستلەر كۈلۈشەتتى. ئانىقىز بۇ تاماشىدىن ھۇزۇرلىناتتى. ئانىقىز دەسلەپ پارچە ھاراق ساتاتتى، كېيىن پوكەي ئۈستىگە پېچەتلىك قىممەت ھاراقلارنى قويىدىغان بولدى. «قېنى پۇلنى ئالدىن تۆلۈۋېتىڭلار» دەيتتى ئۇ، ئىچەرمەنلەر بەسلىشىپ پۇل خەجلەيتتى، كاۋاپخانا، زاسۇيچىلەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيدىغانلارمۇ چىقاتتى. ئانىقىزنىڭ كۈلگىنى - كۈلگەن، مەستلەر ئۆزىچە ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قاراپ كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئۈمىد - تەلەپلىرىنى يوشۇرالمايتتى، مۇھەببەت ئىزھار قىلاتتى، ئانىقىز كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتاتتى، كۆزلىرىنى قىسىپ، قاشلىرىنى پىر - پىر ئۇچۇرۇپ مەستلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالاتتى ...

ئانىقىز ئانىسىغا دەپ بىر تەخسە پېتىر مانتا ئېلىپ ئاشخانىدىن چىقتى، گۇگۇم چۈشۈپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. كوچا چىراغلىرى ياندى، كوچىنىڭ كەچكى مەنزىرىسى دىلنى مەپتۇن قىلاتتى. مانتا، كاۋاپ، ئىسسىق سامسىنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، ئانىقىز موتسىكلىتىنى يېتىلەپ ماڭدى، شۇ مېڭىشىدا ئۇ تونۇش دۇكانلارغا، تونۇش چىرايلارغا سەپسالدى، 53 - نومۇرلۇق دۇكان، ئاجايىپ كۈنلەر، سودا - سېتىق، پۇل...

ئانىقىزنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئۇنى باللىقىدىن باشلاپ يۈرەكلىك، گېپى ئۇچۇق، ھوشيار، ئەركەك مىجەز قىلىپ يېتىلدۈرگەچكە، ئۇ ئۇنچىلا تەبىئىتى پەس، ۋىجدانسىز ئەمەس ئىدى، بىراق ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش ئۇنىڭ چوڭقۇر، نازۇك ھېسسىياتىنى بوغدى، قىزغىن، ئەسەبىي ئىنتىلىشلىرىنى ئېتىبارسىز قالدۇردى، ئانىقىز تەقدىرىنىڭ بۇنداق قىسمەتلىرىگە تەن بەرمەيتتى، باش ئەگمەيتتى، تۇرمۇشنى شۇنداق قۇپقۇرۇق، مەنىسىز، ئادەتتىكىدەك، بىر قېلىپتا، زېرىكەرلىك ھالدا ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتى. ئۆزى تەلەپ قىلغان ھەر قانداق نەرسىنى يەنىلا ئاشۇ تۇرمۇشنىڭ رەڭدار، گۈزەل قۇچىقىدىن تېپىشقا تىرىشاتتى، ئۇ تاپتى، ھەممىنى تاپتى، ھەممىگە ئىگە بولدى، لېكىن ئىنسان دېگەن قانائەتسىز كېلىدىكەن، ئانىقىز تۇرمۇشنىڭ باياشات قۇچىقىدا تېخىمۇ زور، مۇقەددەس نەرسىگە ئېرىشىشنى خالايتتى، ئىنسان تۇغۇلىدۇ، چوڭ بولىدۇ، ياشايدۇ،

www.uyghurkitap.com

غەم ـ قايغۇ، ھەسرەت، ئازاب بىلەن ياشىسىمۇ ھامان بىر كۈن ئۆلىدۇ، شۇڭا بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال كۈلۈپ، ئەركىن ياشاش كېرەك؛ ياشاش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىگە چوقۇم ئېرىشىش كېرەك، مانا بۇ ئانىقىزنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىدا ئۈنۈپ، بىخ سۈرۈپ، بارا ـ بارا شاخلاپ باراقسانلاۋاتقان ئارزۇ ـ مەقسەت دەرىخى، يەنى بۇ ئانىقىزنىڭ ياشاش مەنتىقىسى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئانىقىز ئۆزىنىڭ كۈلكە تەننازلىرى بىلەن مەخسۇتنىڭ ئاشۇلارغا بىكارغا، ھەقسىز يېگۈزۈپ ـ ئىچكۈزگەن، ئۇتتۇرغان نەرسىلىرىنى دەل يەنە شۇلاردىن ئۇندۇرۇۋېلىشنىمۇ ئويلايتتى، قىسقىسى، مەخسۇت ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىچىدىلا ۋەيران قىلىپ، ئەبجىقىنى چىقىرىۋەتكەن دۇكان ئانىقىزنىڭ ئىككى يىلدىن ئارتۇق تىرىشىشى ئارقىسىدا تولۇق ئەسلىگە كەلگەندىن تاشقىرى قەرز، ئۆتنە ـ يېرىملار تۆگەپ يەنە 4 مىڭ يۈەن پايدىغا ئىگە بولدى. ئۇ 2 مىڭ يۈەننىڭ چېكىنى قېيىن ئاتىسىغا تۇتقۇزدى، قېپقالغان 2 مىڭ يۈەننى ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزى ئېپقېلىپ ئانىسىنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە بەردى...

ئانىقىز ئۆيگە كىرگەندە ئانىسى سۇپىنىڭ تۆرىدە ساھان تەكىيگە يۆلىنىپ، ئىنجىقلاپ ياتاتتى، 15 ۋاتلىق لامپا ئۆينى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى، ئانا خۇنۇكلەشكەن، ياشاڭغۇرىغان كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ پەگادا ئۆرە تۇرغان ئانىقىزنى ئاران تونۇدى.

— ئانىقىزمۇ سەن؟ ... ۋاي قىزىم ... كەل، — ئانا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، لېكىن ھەرقانچە كۈچەپمۇ جانسىز گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمىدى، — كەل قىزىم، سۇپىغا چىق.

— بولدى قوزغالما.

ئانىقىز سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئانىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— نېمە ئىش بۇ، قىزىم، يېنىپ كەپسەنغۇ، باي بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالمىغانسەن ـ ھە؟

— ياق ئانا، ھېچنېمە دېيىشمىدۇق، — ئانىقىزنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل مەيۈسلۈك، بىزارلىق بىلىنىپ تۇراتتى، — شۇنداقلا، يېنىپ كەلدىم، باي تاغقا كەتكەنىدى، ئۆيدە زېرىكىپ قالدىم.

ئانىقىزنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ ـ ئەلەم ئىپادىلىرىدىن كۆرە يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان، پەقەت ئۆزىلا ھېس قىلالايدىغان، چۈشىنەلەيدىغان ئېغىر ئازاب ئاۋازىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى، ئانا بۇنداق كۈتۈلمىگەن، بىھۇدە ۋاقىتتا قىزىنىڭ كىرىپ كەلگىنىدىن باي بىلەن قىزى ئوتتۇرىسىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەندەك قىلاتتى.

— ئىشقىلىپ ... قىزىم ھەر نېمە بولمىسۇن ئۆيىڭنى تۇت ... ئەسلىدە سەن بايغا لايىق ئەمەس، قانداق قىلغۇلۇق، باي تولا كېلىۋېلىپ بېشىمنى ئاغرىتتى، خىجىل قىلىپ تۇرۇۋالدى، گۈلقىزنىڭ بەش بالىسىنى دەپ ... شۇ نەۋرىلىرىم يېتىملىكنىڭ دەردىنى تارتمىسۇن، ئۆگەيىنىڭ قولىغا قالمىسۇن دەپ سېنى زورلىدۇق. گۈلقىزنىڭ روھى خۇش بولسۇن دېدۇق ... باينىڭ دەپى ـ دۇنيالىرى، گۈلقىزنىڭ مىڭبىر مۇشەققەتتە تۇتقان ئۆيى تۇزۇپ كەتسە، ۋەيران بولسا ... ئۇ گۆرىدە تىنچ ياتالامدۇ، بەش بالىچۇ؟

ھە، شۇلارنى دەپ ئۇنىمساڭمۇ قىلدۇق شۇ تويىنى... خاپىلىق تارتقان بولساڭمۇ چىدىغىن، نى - نى خاپىلىقلار، دەرد - ئەلەملەر تۈگەيدۇ، ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، بۇ جاھاندا... ئەيسا باينىڭ قېرىلىقىنى دېمىسە، مەخسۇتىنىڭ چەندان ياخشى، تاپقانىنى ھوشۇقتا يەم قىلمايدۇ، دۇنيا يىغىدۇ. سەن بىر تاللا قىزىمغۇ، باينىڭ قولىدا بولساڭ، سەنمۇ، مەنمۇ خار بولمايمىز، سەنمۇ بۇرۇنقىدەك كۈن بويى دۇكاندا خېرىدار كۈتۈپ، سودا قىلىدىغانلارنىڭ يانچۇقىغا قاراپ ئولتۇرمايسەن، ئەمدى ئىشلىمەيسەن، ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلىسەن، خەقنى ئىشلىتىسەن، ھېچنېمىنىڭ خىجالىتىنى تارتمايسەن، ئۆزۈڭ بەگ، ئۆزۈڭ خان. ئىمانىم كامىل بۇنىڭغا قىزىم...

ئانا ھاسىراشلىرىنىڭ كۆچىيىۋاتقانلىقىغا قارىماي ھەدەپ سۆزلەيتتى، ئانىقىز جىمجىت ئولتۇراتتى، ئانىنى يۆتەل تۇتتى، قەي قىلدى. كېلىدىن ھېچنېمە يانمايتتى، قۇرۇق قەي، ياش ۋاقتىدىن باشلاپ چاپلاشقان زىققى كېسىلى، مانا ئەمدى ياشانغاندا ئانىنى تېخىمۇ قىيناپ كېتىۋاتىدۇ. كېچىدە ئۆرە ئولتۇرىدۇ، تالاي - تالاي تۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتىدۇ، بۇ بىر ئازاب، بولۇپمۇ سەمەت ناسىۋال قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن بۇ ئىپلاس كېسەل ئانىنى تېخىمۇ قىيىنىدى. ئەرنىڭ بىر ئۆمۈر تۈزەلمەي ئاخىرى ئۆزىگىمۇ، ئائىلىگىمۇ دەرد، كۈلپەت كەلتۈرۈشلىرى ... ئانا تالا - تۈزگە ئاز چىقاتتى، ھەمىشە تۆشەكتە يېرىم ئۆرە ئولتۇراتتى، تويدىن كېيىن ئەيسا باي نەچچە قېتىم: «بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسىلا، ماڭا ئۆز ئانا نېمە، قېيىن ئانا نېمە ھەممىسى ئوخشاشقۇ، بارنى تەڭ يەيمىز، ئانىقىزنىڭ يېنىدا تۇرسىلا مەنمۇ، ئانىقىزمۇ خاتىرجەم» دېگەنىدى. لېكىن، ئانا ئۇنىمىدى، «ئىسسىق ئۆيۈم، ئىسسىق ئۆيۈم بۇنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئېيتىپتىكەن، ئۆيۈمدە تۇرۇۋېرەي» دېدى. ئەيسا باينىڭ يېلىنىشلىرى، قاتتىق تۇرۇۋېلىشلىرىمۇ كار قىلمىدى. ئانا يالغۇز، يىراقنى يېقىن، ئېغىرنى يېنىك قىلىپ بېرىدىغان ئادىمى يوق، بىراق ئانا ھەممىگە كۆنگەن، ئادەتلەنگەن، جاپادىن، قىيىنچىلىقتىن ۋايسىمايدۇ، زارلانمايدۇ، ئاچ - توق، يېلىڭ - يوپۇڭ تۇرمۇشقا ئوخشاشلا شۈكرى قىلىدۇ، پەقەت كېسەل ئۇنى بارغانسېرى ئازابلىماقتا.

— ئېسىم قۇرۇسۇن، ساڭا تاماق ئەكىلىۋېدىم، — ئانىقىز ئۇزاق سۆكۈتتىن كېيىن تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇردى، پوپكىدىن چېگىلگەن ياغلىقنى ئالدى، — ئانچە سوۋۇماپتۇ، ئىسسىقىدا يېگىنە.

ئانا قىزىغا رەھمەت ئېيتىپ مانتىدىن ئاران ئۈچىنى يېدى، يۆتەل، ئۇنىدىن كېيىن بەلغەم ئۇنىڭ جېنىنى قاقشىتىۋەتتى. ئانا بارغانسېرى بىئارام بولاتتى، ئۆرىسىگە تىنىپ ھۆمۈدەيتتى، كېچىچە بىردەم يېنىچە، بىردەم دۈم بولۇپ يېتىپ چىقتى. ئانىقىزمۇ ئويغاق، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئانا: «كۆڭلۈم يېقىن، قىزىم، ئەمدى كەينىمگە يانمايمەن، كېسەل جانغا تېگىلدى، ھەممىگە ئەلھەكمۇلىللا دېمەي چارە يوق، دوختۇرخانىدا يات دەيسەن، ياق قىزىم، خۇدا بەرگەن ئامانەت جان بۇ، خۇدا قاچان ئالغۇسى كەلسە ئالىدۇ. قىزىم سەندىن ئۆتۈنەي، مېنى خۇش بولسۇن دېسەڭ، باي بىلەن ئوبدان ئۆتكىن، مەن ئۆلسەم، بايدىن باشقا ھېچقانداق ئىگە - چاقاڭ قالمايدۇ، باي بېشىڭنى سىلايدۇ،

ئاچاڭنىڭ بەش بالىسى ساڭا قاراشلىق، شۇنداق قىل، تىرىكىمدىمۇ، ئۆلگىنىمدىن كېيىنمۇ سەندىن خۇش بولاي قىزىم، كېيىن، ئانام راست دەپتىكەن دەپ قالسىن تېخى، ھەر كۈنى بەش ۋاقلىق نامىزىمدا ساڭا دۇئا قىلىمەن، قىزىم، باي كەڭ قول ئادەم، سېنى قاناتلىققا قېقىتمايدۇ، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتمايدۇ، بۇنى دېمىسەممۇ بىلگۈچىلىكىڭ بار» دېدى. ئانىقىز كېچىچە ئانىسىنىڭ دېگەن پەند ـ نەسىھەتلىرىدىن ساراڭ بولايلا دەپ قالغانىدى، كاللىسى ئۇماچ قوچىغاندەك ئېلىشىپ كەتتى، يۈرىكى تۇز قۇيۇغاندەك ئېچىشتى، ئەيسا باينىڭ قاپقارا، سېمىز يۈزى، دوغىلاق بەستى ـ بويى ھەر خىل شەكىلدە كۆرۈنۈپ، ئانىقىزنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالاتتى، ۋۇجۇدى مۇزلايتتى، تىترەيتتى، بەدىنى تىكەنلىشەتتى. ئامال قانچە؟ ھەممە گەپنى سۈكۈت ئىچىدە تىڭشىدى، ئانا ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇنى ئالدىراتتى:

— كەتكىن قىزىم، باي نېمە دەپ قالدۇ، ئەمدى كەلسەڭ باي بىلەن بىللە كەل. ئۇندىن كېيىن پات ـ پات كېلىپ تۇرساڭمۇ بولىدۇ، قىز بالا ئۇيانىدىن توي قىلىپ، بۇيانىدىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىۋالسا، خەق نېمە دەپ قالىدۇ، كەتكىن، خۇدايىم ئوتتۇراڭلارغا ئىسسىقچىلىقنى سالسۇن. ماڭ ...

— سەن بۇنداق تۇرساڭ، — ئانىقىز نارازى بولدى.

— مەندىن ئەنسىرىمە، خۇدايىم بار. ماڭ قىزىم، گېپىمنى ئاڭلا ...

ئانا قىزىنىڭ قائىدە ـ يوسۇننى بۇزۇپ، بىمەھەل كېلىشىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنلىكىنى قىياس قىلغانىدى.

ئانىقىز نائىلاج قايتتى.

ئانىقىز موتىسىكىلىتنى يېتىلەپ دۇقمۇشتىكى كۆك سىرلىق بوتكا ئالدىغا كەلدى، بوتكىچى يۈزلىرى قىپقىزىل، يۇملاق، ئانىقىز بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئايال، ئانىقىزنىڭ كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن دوستى — سارە ئىدى، ئانىقىز زىلۋا، ئېگىز، چىرايلىق، سارە بولسا پاكار، سېمىز، پۈتۈن بەدىنى قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان، لېكىن سېمىزلىكى ئۆزىگە ياراشقان، مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى.

— كەل خېنىم، ئەتىگەندىلا بۇ بىرنېمەڭنى گۇركىرىتىپ، يېتىلەپ گۇزەردە چۆگىلەپ قالدىڭغۇ؟ قېچىپ كەلدىڭمۇ نېمە؟ — سارە ھەيرانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇرغان چوڭ، دۈگىلەك كۆزلىرىنى ئانىقىزغا تىكتى، — كېلە، ئولتۇر، يامانلاپ كەپسەن ـ دە؟

— ياقەي، — ئانىقىز ھېيىقىدا زورغا كۈلۈپ قويدى، — ئانامنى يوقلاپ كەلگەن،

— مۇنداق دە، بايدىن يامانلىساڭ زىيان تارتىسەن جۇمۇ؟ ئۇ دېگەن تۆگىمەس دۇنيا، سەن بولساڭ ئاچكۆز چاشقان، ئۇ ئۆيدە مۈشۈكمۇ، تاختا مۈشۈكمۇ يوق، بەخىرامان يايرايسەن، ياشايسەن، راھەت كۆرىسەن.

— شۇ گېپىڭنى قويغىنا! ... — ئانىقىزنىڭ يۈزىدىكى چىرايلىق زىناقلار يوقلىپ، لەۋلىرى ئۈمچەيدى، — بۇرۇن ئانام زورلىسا، باي كۆڭلىدە قانچۇقتەك سوكۇلداپ كېلىۋەرسە ... ئاخىرى ئېرىپ كەتتىم، ماقۇل بولدۇم، سەن دېگەندەكمۇ ئويلىدىم،

تەگدىم، تويى دېگەنىنىڭ مەنىسى بۇرنى - قۇلىقىڭغىچە تويى دېگەن گەپ ئوخشايدۇ، تويدۇم، بىلىسەنغۇ، ھەي، ئەتىسى خەقتىن نومۇس قىلمىسام قېچىپ كېتەتتىم. بايلىقتىن باينىڭ ئۆيىدىكى ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن تويدۇم، ھەممىدىن كۆڭۈل ئازادىلىكى ئۈستۈن تۇرىدىكەن، ھازىر كۆڭلۈم زەھەر يۇتقاندەك ئاچچىق، ئۆلۈك، — ئانىقىز ئېغىر خۇرسىندى، كۆزلىرى ھەسرەت ئوتىدا مۆڭلاندى، — بولدى، بۇ ھەقتە پاراڭ قىلىشمايلى، بىكارغىلا قايناپ ئۆزۈمنى ئۆپرىتىمدىكەنمەن، جېنىمنى قىينايدىكەنمەن، — ئانىقىز بېشىنى كۆتۈرۈپ مال جازىلىرىغا قارىدى، — چەكمەيلىمۇ، ياخشىراقىدىن ئالغىنا! ...

سارە سېمىز گەۋدىسىنى تەۋرىتىپ ئورنىدىن تۇردى، جازىدا تىزىقلىق پاپىروسلار ئارىسىدىن بىر پاچكا «دىپلومات» ماركىلىق پاپىروسنى ئېلىپ ئانىقىزغا تەڭلىدى، ئانىقىز بىر تال ئېلىپ لېۋىگە قىستۇردى، قالغىنىنى پوكەيگە قويۇپ قويدى.

— ئېلىۋال.

— ياق، بىلىسەنغۇ، ناگان - ناگاندا، پىغانىم ئۆرلەپ قالسا بىرەر تال چېكىپ قويىمەن. بولمىسا ...

سارە سەرەڭگە چاقتى، ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى، ئانىقىز ئېچىرقاپ كەتكەندەك كۆچەپ شورايتتى.

— بىر دەردىڭ بار سېنىڭ...

— بار، مېنىڭمۇ گۈزەردىن ھېچيەرگە كەتكۈم يوق، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيى، ئويناپ - كۈلگەن كوچا ھېلىمۇ كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنىدۇ، باينىڭ ھەشەمەتلىك ئايۋان - سارايلىرى ئاشۇ كونا ئۆيىمىزچىلىك كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. يېڭى بازاردىكى دۇكانىمۇ ماڭا يامان قىلماپتىكەن، ئەمدى ... بەختسىزكەنمەن ئاداش ...

ئانىقىزنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، ئىچىدە بىر تونۇر ئوت كۆيىۋاتقاندەك ئازاب بىلەن تولغىنىپ قويدى، پاپىروسنىڭ ئاخىرقى قالدۇقىنى قاتتىق بىر شوراپ تاشلىۋەتتى.

— تۇرمۇش دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، قانداق قىلىمىز، قارا، مەنمۇ شۇنداق، ئۈچ ئەردىن چىقتىم، تەلەيسىزلىك ... ئاخىرى ھەممىنى ئارقامغا تاشلاپ، بوتكا ئاچتىم، ۋاپاسىز ئەرنىڭ زۇلۇمىدا زارلانغاندىن كۆرە، جان بولغاندىكىن بىر ئامال قىلىپ ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالغان ياخشى ئىكەن، مانا، مېنى بىر كىم باشقۇرمايدىكەن، تەنھالىق، ئازادىلىك، كۈنىمۇ ئۆتۈۋېرىدىكەن، جىق تاپقاندا جىق خەجلەيمەن، ئاز تاپسام بارغا شۈكرى - قانائەت قىلىمەن، ساڭا دېسەم، سەن ئۆزۈڭنى تاشلىما، سەن چىرايلىق، ئەقىلىڭمۇ بار، ئىچىڭ كۆچلۈك، بەزى خۇي - مىجەزىڭ ئەركەكلەردەك، قانداق ياشاشنى بىلىسەن، ھېلىھەم ئۆزۈڭ بىلگەنچە ئىش قىلما، باينى قولدىن بەرمە، كۆڭلۈڭ چۈشمىگەن بولسا، ئاھ ئۇرما، قايغۇرما، مېنى دورىساڭ بولماس، شۇڭا، ئېرىڭ يارمۇ، بار، ھە - بولدى، يە، ئىچ، كىي، خالىغىنىڭنى قىل، ئالتە كۈنلۈك ئالەم بۇ، ئۆلۈپ كېتىمىز ئاخىر...

ئانىقىز دەسلەپ زەن قويۇپ تىڭشىدى، كېيىن بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا ياقمىدى، قۇلىقىغا كىرمىدى، خىيال قۇشى ئۇنىڭ باللىق، ياشلىق ئۆمرىنىڭ بوستانىدا ئۇچۇپ، ئەگىشكە باشلىدى ...

ناھىيىدىن بىر يېرىم كىلومېترچە يىراق بولغان بۇ مەھەللە كونا بازار دەپ ئاتىلاتتى، بۇ يەر ئەسلىدە قەلئەنىڭ قەدىمىي يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆتمۈشتە بازار بولاتتى، ھازىرمۇ تۆت كوچا كېسىشكەن جاي گۇزەر دېيىلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ناۋايخانا، ئاشخانا، دۇكانلار بار ئىدى، گۇزەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاراپ سوزۇلغان تار كوچىدىكى بىر ئېرىقچىمۇ ھويلىسى يوق تۆت ئېغىزلىق ئۆي — سەمەت ناسىۋالنىڭ ماكانى ئىدى، «سادىر نار تۆرىلىپتۇ» دېگەندەك، ئۇرۇش - جېدەل تۈگىمەيدىغان، ئېرى چېكەرمەن، قىمارۋاز، خوتۇنى بەش ۋاق نامازنى قەرەل ئۆتكۈزمەي ئوقۇپ، ئاللانىڭ پەرزىنى بەجانىدىل ئادا قىلىدىغان بىر ئۆيدە بىر - بىرىدىن چىرايلىق، ئوماق ئىككى قىز — گۈلقىز بىلەن ئانىقىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى، گۈلقىز ئانىقىزدىن خېلىلا چوڭ ئىدى، ئانىقىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا كىرگەن يىلى ئاچىسى گۈلقىز ئاق مەسچىت دادۇيىنىڭ دادۇيجاڭى ئەيساغا ياتلىق قىلىندى، ئانىقىز كىچىكىدىن يىغلاڭغۇ، قىيىق، جاھىل مىجەزلىك قىز بولدى. ئۇ پەقەت سارە بىلەنلا ئەپ ئۆتەتتى، ئۇ 10 يېشىدىن باشلاپ دادىسىنىڭ ئوقىتىنگە ياردەملەشتى، سەمەت ناسىۋال ئاچچىقى يامان، قوپال ئادەم بولۇشىغا قارىماي ئائىلىنىڭ روزىغارى ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەيتتى، ئەمما ئاچچىقى كەلسە نەشىنى چېكىۋېلىپ خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشاتتى. جىقراق پۇل تاپسا ھوشۇق ئاتاتتى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئائىلىسى راۋاج تاپمايتتى، ئۇ ناسىۋال، موخوركا ياسايتتى، ئانىقىز دادىسىنىڭ ئىشىغا ياردەملىشەتتى، بازار كۈنلىرى دادىسى بىلەن بىللە تەنزە ئاچاتتى، تولا چاغلاردا سەمەت ناسىۋال بازار ئارىلاپ كېتىپ قالاتتى - دە، تاماكا سېتىش ئانىقىزغا قالاتتى، ئۇ خېرىدارلار بىلەن خۇددى چوڭلاردەك سودىلىشاتتى. شۇ جەرياندا ئۇ ھەر قېتىم ياسىغان موخوركىنىڭ چىڭ - بوشلۇقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر ئورام يۆگەپ چېكىپ بېقىشقا مەجبۇر بولاتتى، كېيىنچە ئۇنىڭ تاماكا خۇمارى تۇتىدىغان بولۇپ قالدى، گۇزەردە، چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ئالدىدا ئەپتارتماستىن موخوركا چەكتى، كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن خاپا بولدى، نەسىھەت قىلدى، سەمەت ناسىۋالنىمۇ ئەيىبلىدى، ئەمما بۇ چاغدا ئانىقىز رەسمىي بەڭگە بولۇپ قالغانىدى، سەمەت ناسىۋال قىماردا ئۇتتۇرىۋەرگەچكە، ئائىلە ئىقتىسادى كۈندىن - كۈنگە ۋەيران بولدى، خوتۇنى ئېرىنىڭ قىلمىشىدىن قاقشايتتى، ياش تۆكەتتى، يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئېرىگە گەپ قىلالمايتتى، گەپ قىلسا تاياق يەيتتى، پەقەت ئانىقىزلا ئانىسىنىڭ بىردىنبىر تەسەللىچىسى، غەمگۇزارى ئىدى، سەمەت ناسىۋال خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن نەيچىلەپ يۆگىگەن موخوركىسىنى ئاغزىنىڭ سىڭار تەرىپىگە قىستۇرۇپ، شاپ بۇرۇتلىرىنى دىڭگايتقىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى - دە، بىر - ئىككى كۈن كۆرۈنمەي قوياتتى، كونا بازارلىقلار ھەر قېتىم ئۇنى بىردە پۈزۈر كىيىنگەن تەكەببۇر ھالەتتە، بىردە جۇلجۇل كىيىمدە شۈمشەيگەن ھالەتتە

كۆرەتتى، ئانىقىز بەزى كۈنلىرى ئۆيدە، قازاندا پۇرۇقلاپ گۆش قايناۋاتقانلىقىنى، بەزى كۈنلىرى يەيدىغان ھېچنېمە يوق، ئۆيدە بوران ئۇچۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى، كېيىنچە ئۇنىڭ ھەيرانلىقى، ئەجەبلىنىشلىرى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، بۇ خىل تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالدى، ئاردا سەمەت ناسىۋال قىمار ئۇستىدە تۇتۇلۇپ قولغا ئېلىندى ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئىككى يىل تۇرۇپمۇ كەلدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسى دادۇيجاڭلىقتىن شۇجىلىقتا ئۆسكەن ئەيسانىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە تايىنىپ كۈن كەچۇردى، «تۇزغا كۆنگەن ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلۈپتۇ» دېگەندەك، سەمەت ناسىۋال تۈرمىدىن كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقى ھۈنىرىنى تاشلىمىدى، ئانىنىڭ يېشى قۇرۇمىدى، ئانىقىز بولسا ئائىلىسىدىكى تۇرمۇشنىڭ بۇنداق بىمەنە، لېكىن ئىنچىكە، مۇرەككەپ سىرلىرىنى چۈشەنمەيتتى ھەم ئۆزىمۇ ئاتا ـ ئانىسى ئوتتۇرىسىدا پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈل ئاغرىقى، ئۇرۇش ـ تالاشلاردىن قېچىپمۇ يۈردى...

— ھەي، ئانىقىز ... ھەي!

ساره ئانىقىزنىڭ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىغا، بىرنەچچە تال پاپىروسنى چېكىپ بولغانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ ئولتۇرغانىدى، ئاخىرى تاقىتى تۈگەپ ئۇنى چاقىردى:

— ھەي ... تۇۋا، سەن ھازىر نەدە؟ نېمانچىلا ...

— ھە، گەپ قىلىدىڭمۇ؟

ساره ئانىقىزنىڭ بۇ ھالىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، خېلىدىن كېيىن كۈلكىسىنى توختىتىپ:

— تولا ئويلىما، قارا، بولمىسا، ئۆزۈمنىڭكىدىن بىر ـ ئىككى پىيالە ئىچ، — دېدى.

— ياق، — دېدى ئانىقىز، — بۇرۇن دۇكان ئاچقان ۋاقتىمدا ئىچىپ باققان، لېكىن ئۇندىن كېيىن ئىچمىدىم، ھېلىمۇ بولسا ئىچمەي.

ئانىقىز يېنىدىن 50 يۈەن پۇل ئېلىپ سارەگە بەردى:

— ئانامغا ھەر كۈنى يېرىم جىڭ گۆش ئەكىرىپ بەرگىن، مەنمۇ كېلىپ تۇرىمەن.

— ماقۇل، — دېدى ساره.

ئانىقىز بوتكىدىن يېنىپ چىققاندا ھاۋا سەل تۇتۇلغان بولۇپ، قۇياش كۈل رەڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا دەم كۆرۈنۈپ، دەم كۆرۈنمەي ئاستا ـ ئاستا كۆككە ئۆرلىمەكتە ئىدى، ئانىقىز موتسىكلىتنى مىنىپ «شياڭگاڭ كوچىسى» غا كەلدى. يولدا ئۇچراتقان تونۇشلىرى بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم گەپلىشىپ تۇردى. ئاندىن موتسىكلىتنى مىنىپ ئۇدۇل ئاقمەسچىتكە بارىدىغان يولغا بۇرۇلدى، دىلىغۇللۇق، تېگىرقاش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى گويا پولات زەنجىردەك چىرمىۋالغان، ئۇ گاھ بوشىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭ توسالغۇغا دۇچ كەلگەندەك كەسكىن بىر رەۋىشتە موتسىكلىتنى توختىتىدۇ، قىرلىق، ئاقۇش بۇرنى ئۇستىدە پەيدا بولغان تەر تامچىلىرىنى ئېرەڭسىزلىك بىلەن سۈرتىدۇ، ھاۋا ئىسسىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە، موتسىكلىتتا ماڭسا شامال ئۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ، بىراق، ئۇ نېمىشقا تەرلەيدىكىن، ئۇ گاھ ئانىسىنىڭ كېچىچە قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئەسلەپ يەنە ماڭىدۇ، ھازىر يېتىپ بارىدىغان، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ساراي - ئايۋان، ئۆزىنىڭ ئوتقاشتەك بېزەلگەن كىچىك ھۇجرىسى، ئېرى ئەيسا باي ... كۆز ئالدىغا كېلىدۇ - دە، شۇئان ئىزتىراپقا چۈشىدۇ، بىراق ...

ئانىقىز دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ماشىنىنى يىراقتىن كۆردى، ماشىنا يېنىدا ئەيسا باي ئەمەس، باشقا بىرى مىدىرلاپ يۈرەتتى. ئەيسا باي بۇرۇندىن ياللاپ ئىشلىتىۋاتقان شوپۇرىنى تويدىن بۇرۇن كەتكۈزۈۋېتىپ ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ يۈرگەنىدى. ياۋاش، تېخنىكىسى يۇقىرىراق بىر شوپۇر تاپسام دەپ يۈرەتتى، شوپۇر تېپىپتۇ - دە، بۇ زەڭگى ... ئانىقىز يېقىنلاپ كېلىپ ماشىنا يېنىدا توختىدى. توختىدى - يۇ، باكقا ماي قاچىلاۋاتقان شوپۇرنى كۆرۈپ داڭ قېتىپلا قالدى. يۈرىكى سىلىششقا باشلىدى، تومۇرلىرىدىكى قانلار قىزىپ، شۇۋۇلداپ شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ بىراقلا مېڭىسىگە چىقتى، رول قولدىن چىقىپ موتسىكلىت جالاقىدە قىلىپ يانغا ئۆرۈلدى، ئانىقىز بىرنەچچە دەقىقىغىچە كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، جىمىدى؛ دەھشەتلىك پەيتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى، شوپۇر يىگىتنىڭ ئۆزى تونۇمايدىغان، باشقا بىر ئادەم بولۇپ قېلىشىنى كۈتتى، كۆزلىرىنى ئاچاي دېدى - يۇ، يەنە قورقتى.

— تىنچلىقمۇ خېنىم! — شوپۇر باك ئاغزىدىن شلانكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىپ پەرۋاسىز بىر قىياپەتتە ئانىقىزغا قارىدى، — مۇبارەك بولسۇن، باي ھەممىنى دېدى، ئاچىلىرى ئۆلۈپ كېتىپ، سىلىنى ئاپتۇ، ئەمدى باينىڭ خېنىمى بولدۇم دېسىلە ... ھې...ھې... باي غوجام سىلىگە قاراپلا قالغانىدى، كىرسىلە، بىز يەنە يولغا چىقىمىز.

ئانىقىز ئۆزىگە ئەزەلدىن تونۇش، لېكىن ئەمدى يۈرەكنى ئازابلايدىغان مۇدھىش بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى، كۆزلىرىنى تېخىمۇ مەھكەم يۇمدى، ئۆزىنى باشقۇرالماي كەينىگە ئىككى - ئۈچ قەدەم دۈگجىدى.

نېمىدېگەن دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق ئاۋاز بۇ؟ ئانىقىز پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ كۆزلىرىنى ئەستە ئاچتى.

— مىرزا ئەخمەت!

ئانىقىز تۇۋلىغىنىچە شوپۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى، لېكىن شوپۇر ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك، ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمىغاندەك بىپەرۋا قىياپەتتە تۇراتتى، ئانىقىز ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ، قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— خېنىم ... باي غوجام سىلىگە قاراپ قالدى.

— ئۇۋۇش! — ئانىقىز ھۆركىگەن كەپتەردەك بىردىنلا كەينىگە شوخشىدى، — ماڭا قارىماي كېتىۋەرسىمۇ بولاتتىغۇ، كۆرەرگە كۆزۈم يوق ئۇ زەڭگىنى! ... تووا خۇدايىم، مەن نېمە بولغان ئادەم؟ — ئانىقىز سۆزلەۋېتىپ نېپىز، كۆك يوللۇق قول ياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزىدىكى تەر - چاڭلارنى سۈرتكەن بولۇپ كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى، — شور پېشانە بولمىسام ...

— ئۇنداق دېمىسىلە خېنىم، — مىرزا ئەخمەت تۆت ئەتراپىغا، بولۇپمۇ دەرۋازا

تەرەپكە ئېھتىياتچانلىق بىلەن قاراپ قويدى، — ئەرلىرى ئەمەسمۇ؟ زەڭگى بولسىمۇ باي - دە، سىلە ئۇنىڭ نىكاھلىق خوتۇنى، ھامان بىر تەكىيگە باش قويىلا.

— كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرما! — ئانىقىز زەردە بىلەن ۋارقىرىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قول ياغلىق يېرىم ياتا توسۇۋالغان كۆزلىرىدە دەھشەتلىك بىر ئۇچقۇن يالقۇنجايتتى، — بۇ دوزاختا بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم يوق. كەلمەيتتىم، بىراق ... بىراق، توۋا، ئەمدى سەن كەلگەن بولساڭ...

مىرزا ئەخمەت يەرگە قارىۋالدى، ماي يۇقى قوللىرىنى كىر ماتاغا سۈرتكەچ كابىنكىغا چىقىپ ماتورنى ئوت ئالدۇردى، ماتور دەسلەپ بىردە كۈچلۈك، بىردە ئاجىز گۈرۈلدەپ كېيىن ئاستا - ئاستا بىر خىل رىتىمدا ئايلىنىشقا باشلىدى، مىرزا ئەخمەت ماتورنى توختىتىپ كابىنكىدىن چۈشتى، ئانىقىزنىڭ بايىقى پەرىشان ھالىتىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە نۇر چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى مىرزا ئەخمەتنىڭ قاپقارا، كۆتمەك قاشلىرى ئاستىدا ياشلىق كۈچىنى ئۇرغىتىپ يېنىپ تۇرغان قوي كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— داۋاملىق ھەيدەمسەن؟ — ئانىقىز ئىچكى ئىنتىلىشتىن قوزغالغان ئەسەبىي تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ يەرگە قارىۋالدى.

— ھەيدەش - ھەيدىمەسلىكىم بايىنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق، — دېدى مىرزائەخمەت بايىقى بىپەرۋا ھالىتىنى بۇزماي، — ئىش ھەققىنى تولۇق بەرسە، بەلكىم داۋاملىق ھەيدەپمۇ قالارمەن، ماشىنىمۇ يېڭىكەن.

ئاردىنى جىملىق باستى، ئانىقىز پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈۋاتقان مۇھەببەت ئوتىنىڭ ھارارىتى تۇپەيلىدىن ئازابلىنىۋاتقان يۈرىكىگە مەلھەم ئىزدىگەندەك مىرزا ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىگە ئۇقتەك تىكىلدى، مىرزائەخمەت كاپۇت ئۈستىنى سۈرتۈۋاتاتتى، خېلىدىن كېيىن ئانىقىز:

— قاچان كېلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— باي بىلىدۇ، خېنىم ... مەن بىر چاكار تۇرسام.

مىرزا ئەخمەت بۇرۇلۇپ ئانىقىزنىڭ ئېگىز، زىلۋا بەستىگە لەپپىدە كۆز تاشلىدى، چاقماق گۈللۈك يۇڭ گارمون يوپكا، يېشىل سارجا كاستيۇم، قارا پايپاق، ئېگىز پاشنىلىق ئاق خۇرۇم توپلەي قەلبىدىكى ھەسرەتنى ئىلاج بار بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىۋاتقان ئانىقىزنىڭ بويىغا شۇنداق ياراشقانكى، مىرزا ئەخمەت ھاياتىدا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك چەكچىيىپ قارىدى، ئانىقىزنىڭ ئۈستىبېشىنى نېپىز چاڭ باسقانىدى، قۇلاقلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئالتۇن ھالقا، بىلەكلىرىدىكى ئالتۇن بىلەيزۈك، بارمىقىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە مىڭ ھەسسە گۈزەللىك قوشقانىدى، مىرزائەخمەت كۆزلىرىنى ئەپقاچتى، ئۆز ئەپتىدىن نومۇس قىلدى. ئىككى خىل قامەت، ئىككى خىل تاشقى كۆرۈنۈش، ئىككى خىل تۇرمۇش ... مىرزا ئەخمەت ئالدىدا تۇرغان گۈزەل جۇۋانغا سەپسېلىپ قاراشقا سالاھىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى، يەرگە قاراپ جىممىدە تۇرۇپ قالدى.

— مەن بىر چاكار دەمسەن، بۇ گەپنى ماڭا دەپ بەرمە، مەن ئۇنداق قارىمىغان دىكىن، سەن بەرىبىر مېنىڭ نەزەرىمدە يەنىلا مىرزائەخمەت ...

— تىنىچ ! — مىرزائەخمەت نېمىگىدۇر ئىشارەت قىلدى.

ئانقىز بېشىنى كۆتۈرگەندە دەرۋازا ئىچىدىن ئەيسا باي بىر قولىدا قارا خۇرۇم پوپكىنى، بىر قولىدا شوينىغا ئۆتكۈزۈلگەن بىر تىزىق ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى.

— ھەي ... كەپلىغۇ خېنىم ... ياخشى، ياخشى! بايا كېلىپلا سورىسام، تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن چىقىپ كەتكەنچە يوق، دېيىشتى، بەك ئەنسىرىدىم، ئۆيىدىكىلەرگە دەپمۇ قويماي كېتىپ قاپلا.

ئەيساباي قارامتۇل كالپۇكلىرى ئارىسىدىن ئاستىنقى ئىككى تال ئالتۇن چىشىنى پارقىرىتىپ ھىجايغىنىچە ماشىنا يېنىغا كەلدى. ئانقىزنىڭ قوشۇمىسى غۇژژىدە تۈرۈلدى، چىرايى سۆرۈنلەشتى، سوغۇق ئۇچقۇن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئېرىغا تىكتى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىدىكى قەھرلىك، غەزەپلىك، سوغۇق تىكىلىشلەرنى سەزگەن ئەيساباي ئانقىزغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلدى - دە، شۇئان ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ھىجىيىپ تۇرۇپ يانچۇقىدىن ئاچقۇچلارنى چىقاردى.

— ماۋۇ ساندۇق، ئىشكاپلارنىڭ ئاچقۇچلىرى خېنىم، چىلىك تۇتىسىلا، ئېتىز - ئېرىق، مال - ۋارانىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. تاپىلايدىغىنىم، سىلە ئانچە - مۇنچە كۆز - قۇلاق بولۇپ قويسىلا بولىدۇ.

ئەيساباي دومبىسىنى قويۇق تۈك قاپلىغان قولىنى ئانقىزنىڭ دولىسىغا قويدى، ئانقىز شۇ ھامان دولىسىنى سىلكىپ بىرقەدەم چېكىندى، ئەيساباي يەنە زورىغا ھىجايدى، قولىنى تارتىۋېلىپ بۇرۇتىنى سىلاشقا باشلىدى:

— ھە، يەنە بىر گەپ خېنىم، بىز كەلگۈچە ئۇياق - بۇياققا قاچمىسىلا سىلە بۇ ئۆينىڭ خوجىسى، ماقۇلمۇ!

ئانقىز ئاچقۇچلارنى ئالدى، لېكىن ئېرىگە جاۋابەن بېشىنى خۇش ياقمىغانىدەك بىر تەرىزدە بوش لىڭشىتتى. ئۇ مىرزا ئەخمەت بار يەردە ئېرىنىڭ بۇنچىلىك ئۆزىنى كۆرسىتىپ سۆزلەپ كېتىشلىرىنى، ھۆكۈمرانلارچە تەلەپپۇز بىلەن بۇيرۇق قىلىشلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت دەپ چۈشەنگەنىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن ياندى، ئايالىنىڭ قىياپىتىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىۋاتقان ئەيساباي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، گەۋدىسىنى ئىغاڭلىتىپ كابىنكىغا چىقتى، ئوچۇق كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— يەنە بىر گەپ، خېنىم... ئەگەرچەندە مېھمان كېلىپ قالغۇدەك بولسا ئۆزلىرى بولغانىدىكىن ... ھە، — دېدى.

ئانقىز ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى، ئەيسا باي ئەمدىلىكتە تېخىمۇ سەممىي، مۇلايىم بولۇپ قالغانىدى، ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئانقىزنىڭ سەل سۆرۈن، لېكىن گۈزەل جامالىغا سىنچىلاپ قارىۋالدى. پوپكىسىنى تىزى ئۈستىگە قويۇپ، جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن مىرزا ئەخمەتكە بۇيرۇق قىلدى:

— ھەيدە ئاداش!

مىرزائەخمەت ئۇدۇل قارىغىنىچە ماتورنى ئوت ئالدۇردى، ماشىنا قوزغالدى، ئانىقىز كابىنىكا يېنىدا مىرزا ئەخمەتنىڭ بېپەرۋا، غەرەزسىز كۆرۈنگەن چىرايىغا ئىسنى يوقاتقان هالدا قاراپ تۇراتتى.

ماشىنا يولدا قويۇق، سېرىق چاڭ كۆتۈرۈپ تېز يۈرۈپ كەتتى. ئىسنى يىغىۋالالمىغان ئانىقىز بىر هازاغىچە هەممىنى ئۇنتۇپ، ماشىنىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، مىرزا ئەخمەت ... بۈگۈنكى كۈندە ئۇ شوپۇر يەنە كېلىپ ئانىقىز ئائىلىسىنىڭ شوپۇرى...

ئانىقىز 7 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلاردا ئۆيىدىن تېرەك قوۋزىقى ئەكىلىپ سەمەت ناسىۋالغا سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا يەنە سەمەت ناسىۋالدىن موخوركا ئېلىپ چېكىدىغان بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى، يىگىت 10 ـ سىنىپتا ئوقۇيتتى، ئىسمى مىرزا ئەخمەت ئىدى. ئانىقىز ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا قاراپ، تازىمۇ نامرات بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ بەزىدە پۇل ئالمايمۇ ئۇنىڭغا موخوركا بېرىدىغان بولدى. كېيىن مەكتەپكە موخۇركا ئالغاچ بېرىپ، مىرزا ئەخمەتنى خالىي يەرگە چاقىرىپ يانچۇقىغا قويۇپ قوياتتى، مىرزا ئەخمەتمۇ پات ـ پات كەچلىك تاماقتىن كېيىن گۈزەرگە كېلەتتى، ئانىقىزمۇ ئۆيىدىن چىقاتتى، ئىككىسى قاپاق تېرەك دالدىسىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇڭدىشاتتى. بىر كۈنى گۇگۇم مەهەلىدە مىرزائەخمەت گۈزەرگە كەلدى، ئانىقىز سارە بىلەن كىنوغا ماڭغانىدى، ئانىقىز مىرزائەخمەتنى كۆرۈپ سارەدىن ئايرىلىپ قالدى. كوچىدا ئادەم قالمىغانىدى، مىرزائەخمەت ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيانقى تۇنجى جۈرئىتى بىلەن توساتتىن ئانىقىزنىڭ بىلىكىگە كاپپىدە ئېسىلدى، ئانىقىزمۇ ئۆزىنى قاچۇرماي جىم تۇردى. مىرزائەخمەت هودۇقاتتى، ئانىقىز مىرزائەخمەتنىڭ ئاغزىدىكى تاماكىنى تارتىۋېلىپ شوراشقا باشلىدى.

ــ ئانىقىز، ــ مىرزائەخمەت قاتتىق هودۇققانلىقتىن ئاۋازى بوش هەم تىترەپ چىقتى، ــ سەن قىز بالا، بۇندىن كېيىن موخۇركا چەكمىگىن، تاشلىۋەتكىن.

ــ نېمىشقا؟ ــ ئانىقىز موخۇركا قالدۇقىنى تاشلىۋەتتى ۋە شوخشۇپ بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى، ــ چەكسەم نېمە بوپتۇ؟

ــ سەن دېگەن قىز بالا ئەمەسمۇ.

ــ سەن چېكىسەنغۇ؟

ــ مەن دېگەن ئوغۇل بالا.

ــ سەن مېنى باشقۇرماقچىمۇ؟ ــ ئانىقىز مىرزائەخمەتنىڭ قولىنى بوش سىلكىۋەتتى، ــ مېنى ئانام، دادام باشقۇرىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

مىرزائەخمەت بىر هازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆتۈنۈش ئاهاڭىدا:

ــ كېيىنچە مەن باشقۇرسامچۇ، ــ دېدى.

ــ هى تېخى... مېنى باشقۇرىمىش!

مىرزائەخمەت ئۇجۇقۇپ كەتتى. زۇۋانى تۇتۇلدى، سۆككۈتكە چۆمدى، تۇرۇۋېرىشنى ياكى كېتىشنى بىلەلمەي تېڭىرقىدى، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنە ئۆزى بۇزدى.

ــ ئانىقىز... ئىككىمىز توي قىلامدۇق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە گېپىڭ ئۇ؟

— شۇ... توي قىلىلى دېگەن گەپ، — بۇ قېتىم مىرزائەخمەت سەل دېدىللەشتى، — قارا، ئۇقۇشۇم ناچار، يۇقىرى مەكتەپلەرگە بارالمايمەن، شۇ ھامان ئۆيلىنىدىغان گەپ، شۇڭا سەن بىلەن... ئېنىق جاۋاب بەرسەڭ.

— ئۆيلىناي، — ئانىقىز نازۇك گەۋدىسىنى مىدىرلىتىپ ناز قىلىپراق جاۋاب بەردى.

— قاچانغىچە؟ — مىرزائەخمەت جىددىيلەشتى.

— تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكىچە، قانداق؟

ئانىقىزنىڭ جاۋابىدا قانداقتۇر ئۇنى ياراتماسلىق، مەنسىتمەسلىك ئىپادىلىرى ئەكس ئەتتى، مىرزائەخمەت ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى، ئىزا تارتقىنىدىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، خورسىندى، چۈشكۈن، ئۈمىدسىز كەيپىيات ئىچىدە شىمىنىڭ يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن گېزىت پارچىسىنى ئېلىپ موخۇركا سالدى، موخۇركىسى قەغەزگە چۈشمەي يەرگە — ئايىغى ئاستىغا چېچىلدى، قايتا موخۇركا سېلىپ يۆگەپ تەستە تۇتاشتۇردى، سەرەڭگە چاققاندا قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىندى، موخۇركىسىنى قاتتىق خۇمار بىلەن شوراۋاتقاندا، ئانىقىز ئۆسكىلەڭ، چىرايلىق بەستىنى يەڭگىل تەۋرىتىپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى، مىرزائەخمەت تۈن قوينىدا، قاپاقتېرەك تۈۋىدە يالغۇز قالدى. مىرزائەخمەت ماڭا ئاھ راق، شۇڭا كۆڭلىدىكىنى دېدى. مەن شۇنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلدىم، — ئانىقىز دەھلىزگە كىرگەندىن كېيىن شۇ خىياللارنى قىلدى، — ئاھ ئەجەب ئىش! ئۇ كۆزۈمگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنەتتى، شۇ كونا، ياماق چۈشكەن كىيىملىرىنى تاشلاپ، بىرەر قۇر يېڭى كىيىم كىيسە، خېلىلا ئىسكەت كىرىدۇ، ئۆزىمۇ چىرايلىق بالىدى، ئاپلا!... ئانىقىز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بايىقى قىلىقلىرىدىن پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى، پەگادىمۇ بىر ھازا تۇردى. ئانىسىنىڭ: نەگە بارىسەن؟ كىرىپ يات! ساراڭ بولۇپ قالدىمىكى! دەپ ۋارقىراشلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماي تالاغا يۈگۈردى، قاپاقتېرەك تۈۋىدە مىرزائەخمەت يوق. ئانىقىز تالادا ئۇزاق تۇردى. كېيىنچە ئۇ ئاشۇ كېچىدىكى يۈرىكىدە ئويغانغان ئاجايىپ نازۇك تۇيغۇلىرىنى غۇۋا ئەسلىيەلىسىمۇ، لېكىن تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى.

مىرزائەخمەت شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەكتەپتە كۆرۈنمىدى. ئانىقىزمۇ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپقا ئۆتەلمىدى، ئۇ ئەمدى رەسمىي ھالدا دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدى، ناسۋال ياسىدى، تاماكا سوقتى، تەنزە ئاچتى، مىرزائەخمەت ناھىيە بازىرىغا ئانچە - مۇنچە كېلەتتى، ئانىقىزنىڭ قارىسىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا شۇ ھامان توشقاندەك ھۈركۈپ ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى...

ئانىقىز دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى، ماشىنىنىڭ كەينىدىن توزۇغان چاڭلار ئاللىقاچان كەڭ بوشلۇققا سىڭىپ، يول ئاقۇش لېنتىدەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بىراق بۇ يول ئۇنىڭ نەزەرىدە ناھايىتى تار ھەم ئۇزۇن، ئاخىرىغا يەتكىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەپسۇس...

دەرۋازا ئىچىدىن بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ چىققان ئىككى بالا ئانىقىزنى كۆرۈپ:

ـــ ئاچا، چوڭئانام كەلمىدىمۇ؟ ـــ دېيىشتى تەڭلا. ـــ موتوغا مىندۈرۈپ ئەكەلسەڭ بولمامدۇ؟

ـــ ئەتە ئەكىلەي.

باللار خۇشال بولۇشتى، ئانىقىز بالىلارنى كۆرۈپلا يۈرىكىدىكى ئېغىر، بېسىپ بولماس دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، چىرايىدىكى قايغۇ ئالامەتلىرى غايىب بولۇپ، كۆزلىرىدە يىلتىلىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى، بۇلار ئەيسا باينىڭ بالىلىرى، بىرى 10 ياشلىق ھەمىدە، بىرى سەككىز ياشلىق ئەسقەرجان ئىدى. ھەر ئىككىسى ئاقمەسچىت باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇيتتى، بۇلاردىن چوڭ ئۈچ بالىنىڭ تۇنجىسى شىنجاڭ داشۆدە، ئىككىنچىسى ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئۈچىنچىسى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى. ئانىقىز ئاۋۋال ھەمىدەنىڭ، ئاندىن ئەسقەرجاننىڭ بېشىنى سىلاپ ھەر ئىككىسىگە بىر كويدىن پۇل تۇتقۇزدى.

ئانىقىز دېرىزىسى قوش راملىق، ئەينەكلىرى پاكىز سۈرتۈلگەن، دۇخاۋا پەردىنىڭ ئىككى يېتىكى قايرىلىپ ئىلغۇچقا ئېلىنغان، يورۇق، ئازادە مېھمانخانىغا كىردى. سىرتى گۈللۈك چىبەرقۇت بىلەن قاپلانغان يۇمشاق، ئۇزۇن دىۋانغا ئولتۇردى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ ياقمايتتى، كۆڭلىمۇ بىر قىسمىلا ئىدى، پۈتۈن قورۇ، ئايۋان ـ سارايىنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆكۈشىنى، ھەر قانداق بىر تىۋىشنىڭ خىياللىرىنى بۆلمەسلىكىنى خالايتتى، لېكىن ئارقا تەرەپتىكى كىچىك ھويلىدا، مەدىكارلار ياتىقىدىن چىققان كۈلكە، چوقان ـ سۈرەن، ئاشپەز خوتۇننىڭ قازان بېشىدا تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ يۈرۈشى ئانىقىزنىڭ جىم ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشىگە، ئوي ـ پىكىرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ھالاقىت بېرەتتى، خېلىدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئوتتۇرا بوي، جۇدەڭگۈ چىراي ئايال ـــ ئەيسا باينىڭ سىڭلىسى بوسۇغىدا پەيدا بولدى، بۇ ئايال ئېرىدىن ياشلا تۇل قالغاچقا، گۈلتىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەيسابباي بالىلارغا قارايدۇ، دەپ ئۆيىگە ئەكىلىۋالغانىدى، ئەمدىلىكتە ئانىقىزنىڭ خىزمىتىنىمۇ قىلاتتى.

ـــ نېمە يەيلىكى، خېنىم...

ـــ چۆچۈرە، ـــ ئانىقىز بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن بۇيرۇق قىلدى، ـــ قىيمىسىنىڭ زىرە، قارىمۇچلىرى ئوبدان تېتىسۇن.

ـــ دېگەنلىرىدەك قىلاي، خېنىم.

ناماز شام بولمايلا پۈتۈن قورۇدىكى ئېلېكتىر چىراغلىرى يېقىۋېتىلدى. مەدىكارلار تامىقىنى يەپ بولۇپ پېشايۋان ئاستىغا توپلاندى. بالىلارمۇ چىقتى، تېلېۋىزور باشلانغانىدى، ئانىقىزمۇ ئۆز ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ چۆچۈرە ئىچكەچ يېڭى كېلىدىن ئۈچ يۈز دەپ سېتىۋېلىنغان 22 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزورنى كۆرمەكتە، خەۋەرلەر پروگراممىسىدىن كېيىن پاكىستاننىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «مىراسخور» كۆرسىتىلىشكە باشلىدى. ئەسىمەتخان ئائىلىسىدىكى مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ جىددىي، تەسىرلىك كۆرۈنۈشلىرى ئانىقىزنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالدى. بولۇپمۇ

www.uyghurkitap.com

ئېكراندا ئەسمەتخان كۆرۈنگەندە ئانىتىزنىڭ كۆز ئالدىغا ئەيسا باينىڭ ئوبرازى كېلىۋالاتتى، ئەسمەتخان كاتتا باي، فېئودال مۈلۈكدار، ئەيسابايي ئۇنىڭغا يەتمىسىمۇ ھەر ھالدا مۇشۇ زېمىندا ئەڭ چوڭ باي ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئەسمەتخاننىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ياشاش پەلسەپىسى ئۆزگىچە ۋە ئالاھىدە مەزمۇنغا ئىگە، ئەيسا بايچۇ؟ ئەيسابايي فېئودال ئەمەس، بەلكى پېشقەدەم كادىر، 20 يىلدىن بېرى ئاقمەسچىت دادۈيىنىڭ دادۈيجاڭى، دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئۇ ھوقۇقىغا تايىنىپ بېيىغان، يەر، چارۋا، ئورمانلار دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىلگەندە، كېيىن چارۋا بىلەن ئورمان سېتىپ بېرىلگەندە ئەيسابايي كەنت بويىچە تېرىلغۇ يەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، چارۋىلارنىڭ خىل، سېمىزلىرىنى، ئورماننىڭ سەرخىللىرىنى ئېلىۋالغان، كوللېكتىپ ئىگىلىكتە نەپ ئېلىش ئىمكانىيىتى قالمىغاندا بولسا شۇجىلىقنى تاشلىۋېتىپ، كەسپىي ئائىلە سۈپىتىدە شەخسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ئانىقىز ھەممىنى بىلىدۇ، ئاچىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن، بەش - ئالتە يىلدىن بېرى ناھىيە بىلەن ئاقمەسچىت ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ سەككىز كىلومېتىرلىق يولدا كۈن، ھەپتە ئارىلاپ دېڭىزدەك قاتناپ تۇرغان جىپ، پىكاپلار ناھىيە، ئوبلاست، ھەتتا ئۈرۈمچىدىن يېزا خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن كادىرلارنى، باشلىقلارنى، مۇخبىرلارنى، ئاگرونوملارنى مۇشۇ ئۆيگە توشۇغان، ئۇلار ئەيسابايىنىڭ كۈندىن كۈنگە روناق تېپىۋاتقان ئىگىلىكىنى زىيارەت قىلغان. تەكشۈرگەن، ئۇلار باينىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيىدە لىق - لىق دېۋانلارغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېچە - كېچىلەپ مېھمان بولغان، بەزمە قىلىشقان، توخۇ، ئۆردەك، پاقلان گۆشلىرىنى ئالدىدىن ئاشقۇچە، بۇرنىدىن چىققۇچە يېگەن، ھاراقنىڭ ئېسىلى ۋە قىممەتباھالىقىنى يەشىكلىرى بىلەن توختىتىپ قويۇپ ئىچىشكەن، ئەتىسى قىيمىلىق ئۆگرىنى مەززە قىلىپ ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئەيسابايي ھەققىدە تىپىك ماتېرىيال، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشقان. بۇ قولىيازمىلار ئاشۇ سەككىز كىلومېتىرلىق يول ئارقىلىق ناھىيىگە، ئوبلاستقا يېتىپ بېرىپ، ئەيسابايي بۇ زېمىننىڭ ئۈلگىسىگە ئايلانغان، ئەيسابايي ھەققىدە يېزىلغان خەۋەر، زىيارەت خاتىرىلىرىنى گېزىت، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ بەس - بەستە ئېلان قىلغان، كۆرسەتكەن، ئەيسابايىنىڭ نامى، شۆھرىتى گويا سەھەردە كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدەك تېزلىكتە پۈتۈن ناھىيىگە، ئوبلاستقا تارالغان، ئەيسابايي يەنە تېخى ھە دېمەي يىغىن، مەجلىسلەرگە چاقىرتىلىدۇ، بېيىش جەريانىدىكى ئىجابىي تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىدىغان زىيارەت، ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى، مۇخبىرلارنى داستىخانىنى مول راسلاپ كۈتۈۋالىدۇ.

گۈلقىز كۆز ئالدىدا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئىشلاردىن ئاغرىنىدۇ، لېكىن تېشىغا چىقارمايدۇ، پەقەت سىڭلىسى ئانىقىزغا يىغلاپ دەرد تۆكىدۇ. چۈنكى ئەيسابايي گۈلقىزنى كۆزگە ئىلمايتتى، گۈلقىزنىڭ دېيىشىچە، ئەيسابايىنىڭ بىرقانچە دوستلىرى بار ئىكەن، ئۇلار كېچىچە بىرنەچچە پىكاپ بىلەن پات - پات كېلىدىكەن، ھەر بىرىنىڭ قولتۇقىدا بىردىن سەتەڭ ئايال، بەزىدە ئۇلار ھەمراھسىز كېلىپ، كېيىن شوپۇرنى

«پالانى گۈلنى، پۈكۈنى خېنىمنى ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇيدىكەن، بەزىدە بۇ بۇيرۇق ئەيسابايىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدىكەن. ئەيساباي چېچىپ يۈرۈپ «سەھرا گۈزەللىرى» دىن بىر نەچچىنى تاپىدىكەن، ئۇلار كېچىدە يەپ - ئىچىپ، دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىدىكەن، ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، باش - ئاخىرى يوق لاۋزا تانسىلارمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن، گۈلقىز نېرىقى ئۆيدە، ئاشخانىدا بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن ياش ئېقىتىپ تۇرۇپ، تاماق ئېتىدىكەن، چاي قاينىتىدىكەن، مەستلەرنىڭ قۇسۇقلىرىنى ئادالايدىكەن، ئەيسابايىنىڭ شادلىقى بىلەن گۈلقىزنىڭ كۆز يېشى ئارىلىشىپ كەتكەن بۇنداق ئەيش-ئىشرەتلەر پات - پات بولۇپ تۇرىدىكەن...

ئانىقىزنىڭ نەزەرىدە ئەيساباي خۇددى كۆكتە لەيلەپ يۈرگەن، شامال قاياققا سوقسا شۇ ياققا قاراپ سۈرۈلىدىغان بىر پارچە بۇلۇتقا ئوخشايتتى، بۈگۈن ئەيساباي يوق، ئانىقىز يالغۇز، بۈگۈن توينىڭ يەتتىنچى كۈنى، تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئەسمەتخان، ئانىقىزنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا ئىككى بايىنىڭ ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرمىسى.

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى تۈگىدى، تېگى يوق، چوڭقۇر خىياللار ئانىقىزنى چارچاتقان، ئەزگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۇيقۇسى كەلمەيتتى، يۇمشاق، قوشقات كۆرپىلەر، دوخاۋا يوتقان... ئۇنىڭ ياش جۇۋانلارغا خاس سىلىق، يۇمران بەدىنىگە گويا تىكەن بولۇپ سانجىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، نېمىشقىمۇ تەگكەن بولغىيدىم؟ بىلىپ تۇرۇپ ئەقلىم نەگە كەتكەن بولغىيدى، ئانام، ھەممىنى قىلغان شۇ ئانام! ياق، ئۆزۈمچۇ؟ ئۆزۈمدىمۇ بىر تاسقام بار...

ئەيسابايىنىڭ قاپقارا، بەت - بەشىرە چىرايى، ئېيىقتەك يوغان، قورقۇنچلۇق بەستى بارا - بارا يېقىنلىشىۋاتقاندەك ئانىقىز چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئەتراپقا ھوشيارلىق بىلەن تىكىلدى، ھېچكىم يوق، 60 ۋاتلىق لامپۇچكا سېلىنغان شاخسىمان چىراغ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، مېھمانخانىدىكى ھەممە نەرسە نۇر تەپتىدە ۋال - ۋۇل چاقنايدۇ، ئانىقىز كۆزلىرىنى يۇمدى، يەنە ھېلىقى يىرگىنچلىك مەخلۇق ئۇنى قۇچاقلىغاندەك بىلىنىپ بەدىنىنى سوغ - مۇدھىش تىترەك باستى، يوتقانىنى بېشىغا چۈمكىۋالدى، نېمە قىلغان بىلەن ئۇ بۇ خىل قارا بېسىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان قاباھەتلىك مەنزىرىدىن قۇتۇلالمىدى.


ئانىقىز مەخسۇتتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ سوت مەھكىمىسىگە بارغاندا يەنە شۇ ئەيساباي ئارىلاشقانىدى، كېيىن ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى، كونا بازاردىن، گۈزەردىن، ئۆيدىن ئەيسابايىنىڭ قەدىمى ئۈزۈلمىدى. شەرمەتتە ئاچىسى ئۆلسە، سىڭلىسىنى ئېلىش راۋا،— دەيتتى ئەيساباي،— گۈلقىز بەش بالىنى ماڭا تاشلاپ كەتتى، باشقا يەردىن ئۆيلەنسەم باللار ئۆگەينىڭ قولىغا قالىدۇ، ئانىقىزنى ئالسام ئۆيگە خان قىلىمەن، خېنىم قىلىمەن، ئاچىسى كۆرەلمىگەن ھۇزۇر - ھالاۋەتنى سىڭلىسى كۆرسۇن دەيمەنا، باللار يېتىمىلىكنىڭ دەردىنى تارتمىسىلا بولغىنى، تاپقان - تۈككەنلىرىم كۆلدەك سورۇلمىسۇن، گۈلقىزنىڭ چىرىغىنى ئانىقىز ياقسا... گۈلقىزنىڭ روھىمۇ خۇش بولىدۇ، بۇنداق سۆزلەرنى تولا ئاڭلاپ، كۆپ قېتىم تەسىرلەنگەن،

www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلسا يوللۇق بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە جەزملەشتۈرگەن ئانا ئاخىرى قىزىنى قىستاشقا باشلىغانىدى، ئانىقىز ئاچچىقىدىن ئەيساباي توغرۇلۇق كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلىغان، قېيىن ئاكىسىنىڭ ياخشى - يامان خۇي - پەيلىنى بىلىدۇ، لېكىن مانا ئەمدى ئۆز بېشىغا كېلىۋاتىدۇ، مۇھىمى ئانىسىنى يىغلاتماسلىق كېرەك ئىدى. ئانىقىز كۆرسەتكەن تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرمۇ ئانىسىنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى، ئانىقىز ۋاقىتنى كەينىگە سوزاتتى، شۇ جەريانىدا ئەيساباي قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە گۆش، ماي، گۈرۈچ، ئوتۇن - كۆمۈر... توشۇپ ھارمىدى. دۇكان قولىدىن كەتتى، دادام بولسا تۈرمىدە، ئانام تۇل، قېرى، كېسەلمەن، ئەمدى قانداق قىلاي، ئانام قاچانغىچە يىغلايدۇ. بوپتۇ، تېگەي لېكىن ئەيساباي ئاچامنى خورلىغانىدەك مېنىمۇ خورلارمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ، بوزەك بولمايمەن، قىمارۋازمۇ دەتتىكام دەپ بىرلا ئاتىدىكەن، يا ئۇتتۇرىدىكەن، يا ئۇتىدىكەن، مەنمۇ تەۋەككۇل دەپ تېگىپ باقاي، تېگىپ تەييارغا ئىگە بولمايمەنمۇ جاننى قىينىغۇچە، ھارۋىكەشتىن نېمە كېتىدۇ، تىرت ۋۇ - ۋۇ، دېگەندەك، ۋاي ئېرىم، ۋاي باي غوجام، يىگىتىم... دەپ ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ يۇمشاق گەپ قىلىپ قويسام بولمىدىمۇ، يېتەر، ئەمدى شۇنچىلىك خاپىلىق، مۇشەققەت تارتقىنىم، بىكار يېتىپ، تەييارنى يەپ - ئىچىپ، خەجلەپ ياشاي، مۇھىمى ئانامنىڭ كۆڭلى، ئاچامنىڭ بالىلىرى... يەنىچۇ؟ بايلىق، پۇل - دۇنيا...

توي ھەشەمەتلىك، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، پۈتۈن يۇرت، يېزا، ناھىيە ئىچى تەۋرىدى، تويغا ناھىيە كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىشتى، ئانىقىزغا ئاتالغان كىچىك مېھمانخانا ئالاھىدە بېزەلگەنىدى، ئۈچ تامدا گىلەم، يەردىمۇ گىلەم، شەھەر پاسونىدا زىننەتلەنگەن بۇ ئۆي بۇ ناھىيىدە، بۇ يېزىدا پەقەت بىرلا ئىدى، ئەڭ ئاخىرقى مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن يەڭگە بولۇپ كەلگەن سارە ئانىقىزنى چوڭ مېھمانخانىدىن مۇشۇ ھۇجرىغا باشلاپ ئەكىردى، كارىۋاتقا ئورۇن راسلىدى، ئانىقىزنى يېشىندۈردى، ئىككىسى بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ كۈلۈشتى، ئانىقىز سەل قورۇناتتى، بىر تەرەپتىن خۇشال كۆرۈنەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، يۈرىكىنى ۋەھىمە ئىگىلەيتتى، سارە مەنىلىك ھىجىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، ئانىقىز ئىچكى ئەندىشە، ۋەھىمە، ئاجايىپ سىرلىق، قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، تىل بىلەن تەسۋىرلەشمۇ تەس بىر خىل غۇۋا سېزىم ئىلكىدە ياستۇققا يېرىم يۆلەنىدى، ئۆي ئىچى سىرلۇق جىملىققا چۆككەن بولۇپ ئانىقىزنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە غەيرىي، يات كۆرۈنەتتى، ئازدىن كېيىن «يىگىت» چە ياسانغان ئەيساباي كىردى، شۇ چاغدا، پەقەت شۇ چاغدىلا ئانىقىز ئېرىنىڭ شالاڭ، قىسقا، سارغۇچ قاشلىرى ئاستىدىكى دائىم چىم - چىم قىلىپ، يېقىمسىز تىكىلىدىغان كازىر كۆزلىرىنى، تېگى - تەكتىدىن قارا، سېمىز لەتكىدىن پولتىيىپ ساڭگىلىغان يۈزىنى، قىرسىز، پاناق، چوڭ - چوڭ تۆشۈكلىرىدىن ئۇزۇن موي چىقىپ تۇرغان بۇرنىنى، كەڭ، قوپال، بەھەيۋەت گەۋدىسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى، ئىسكەتسىز، يىرگىنچلىك بۇ قامەت ئانىقىزنىڭ كۆزىگە غالجىرلاشقان ياۋۇز ئېيىققا ئوخشاپ كۆرۈندى، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ تەلەتىگە ئېنىقمۇ ئوبدانراق

سەپسالمىغان بولغىيدى، ھېچ بولمىسا توي قىلىشىنىڭ ئالدىدىچۇ؟ ئانىقىز قارىغۇ-كورمۇ يا؟ قىسقىسى، ئۇ بەختسىز بولسا كېرەك، بەلكىم تەقدىر ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئاشۇنداق قىسمەتلەرنى پۈتكەن بولسا نېمە ئىلاج؟

ئانىقىز يۇپيورۇق ئۆيدە ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى، شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ يۈرىكى قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، نەپىسى تىزلەشتى، تىنىقى-تىنىقىغا يەتمەي ھاسىراشقا باشلىدى-دە، بېشىنى يوتقان ئىچىگە تىققۇۋالدى، گويا شۇنداق قىلسا بۇ قورقۇنچلۇق مۇھىتتىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك... ئۇنىڭ بىر تال، تۇم ئۇزۇن چېچى ياستۇق ئۈستىدە يىلاندەك تولغاندى، ئەيسا بوزۇتىنىڭ سىگار ئۇچىنى چىشلەپ، ئېغىر پۇشۇلداپ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شېرىن تۇيغۇدىن لەرزىگە كەلگەنىدى. ئۇ يېشىنىپ يوتقانغا كىردى، ئانىقىزنىڭ بۇرنىغا شۇ ھامان ئاچچىق تەر ھىدىدىن باشقا يەنە قانداقتۇر سېسىق، بەدبۇي پۇراق گۇپپىدە ئۇرۇلۇپ تىنالماي قالدى، ئانىقىز، ئۆلدۈك ئەمدى! نېمە ئىش بۇ؟ ئادەممۇ-نېمە يېنىمدىكى؟ ئەيساباي كۇچلۇك ئالقانلىرى بىلەن ئانىقىزنىڭ كۆينەكچان بەدىنىنى باشتىن-ئاياغ سىيلىغاندا، يۇمران سىلىق بەدەن گويا قىشتا كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك غال-غال تىترىدى، ئاھ... ئۇتقا دەسسەپتىمەن، ئېزىپتىمەن، دوزاخقا كىرىپتىمەن، قۇرۇسۇن بايلىق! ئانىقىز چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان چەكسىز ئازاب-پۇشايمان

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە تولغىنىپ، تىترەۋاتقان جانسىز ئالقانلىرى بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى ئېتىۋالدى،
يەنە بىر تىنىش، نەپەس ئېلىش كېرەك ئىدى، نەپەس ئالسىلا قاقسىق، ھەدىدىن زىيادە
دە سېسىق پۇراق ئاغزى ـ بۇرنىغا كىرىپ ئۆپكىسى ئۆرلەتتى. مەرمەردەك ئاق، سۇزۇك
بەدەن سېمىز، ئېغىر گەۋدە ئاستىدا مىجىلىپ ـ تېپىرلىغاندا... ئانىقىز تاقەت قىلالماي
ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى، ئاھ... جانجىگەر ئاچام گۈلقىز، سەن ئون نەچچە يىللىق
ھاياتىڭنى بۇ ئۆيدە، مۇشۇ يىرگىنچلىك مەخلۇق بىلەن بىللە قانداق ئۆتكۈزگەن
بولغىيدىڭ ـ ھە؟! تۇساتتىن ئانىقىزنىڭ كۆز ئالدىدا گۈلقىزنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى
مىسكىن، ئۈمىدسىز، خۇنۈك چىرايى گەۋدىلەندى، تاڭ ئاتقۇچە ئۇ چىراي ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدىن نېرى كەتمىدى، بۇ زۇلمەتلىك، قاباھەتلىك كېچىنىڭ پاتراق تۈگىشىنى،
تاڭنىڭ بۇرۇنراق ئېتىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتتى، تاڭ ئاتسا شۇ ھامان بۇ دو-
زاختىن قېچىپ كېتىمەن، مەيلى، ئانام نېمىدەپ قالسا، ئاچامنىڭ بالىلىرى نېمە بولسا،
خەلقى ئالەم نېمە دېسە مەيلى، بۇندىن ئارتۇق چىدالمايمەن، مۇشۇمۇ ئەر بولدىمۇ؟
چوقۇم قاچىمەن! ئانىقىزنىڭ تېخى يېقىندىلا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان بايلىق، پۇل،
ھۇزۇر ـ ھالاۋەت توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ئەمەلگە ئاشا ـ
ئاشمايلا خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك، رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ تۈنجى، سوغۇق
شامىلىدا ناھايىتى ئاسان، تېز غايىب بولدى، خۇدا ئۇردى،ــ دەيتتى ئۇ ئۈنسىز
نالە قىلىپ،ــ خۇدا ئۇردى، كىچىكىمدىن بەختسىز ئىدىم، مانا، تاكى ھازىرغىچە بۇ
بەختسىزلىك ماڭا خۇددى كانىدەك چاپلىشىپلا كەلدى، چىدالمايمەن، قېچىپ كېتىمەن،
ئاھ خۇدا!.. ئايال كىشىمەن، ئاجىز بەندەڭمەن، رەھىم قىلساڭچۇ؟! تاڭ ئاتتى،
ئانىقىز پەرىشان، غەمكىن ئىدى، كۆزلىرىدە ياش مۆلدۈرلەيتتى، ئورنىدىن تۇردى،
سارە ئۇنىڭ يۇيۇنۇپ ـ تارىنىشىغا، قىممەتباھالىق تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىشىگە يار-
دەملەشتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلمىدى، ئۇ باينىڭ بىر ياققا يوقىلىشىنى، ھويلىدا
ئادەم قالماسلىقىنى كۈتەتتى، بىراق سارە ئۇنىڭ كەينىدە سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرەتتى،
باي ھويلىدا، خۇشال، ئۇ بۈگۈن ھېچنەگە كەتمەيدۇ.
شۇندىن ئېتىبارەن ئانىقىزنىڭ بۇرۇختۇمىلۇق كۈنلىرى باشلاندى. يۈز ئاچقۇ،
چىللاق، مېھماندارچىلىقلار داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردىمۇ ئۇنىڭ چىرايى تۇمان قاپلى-
غان قىش ئاسمىنىدەك زادىلا ئېچىلمىدى، ئەسلىدە شوخ، ئوچۇق، نازلىق چوكانىدى،
ئېرىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان قىلىقلىرى بۇ؟ ئۇستاتلىق ـتە، ئانچىكى...
كۆڭلىدە بولسا... شۇنداق بايغا تېگىۋالغىنىدىن رازى!» مانا بۇ ئايالارنىڭ ئانىقىزغا
بەرگەن باھاسى ئىدى. ئانىقىز پەقەت كۈندۈزلىرىلا بىرئاز كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قى-
لاتتى، مېھمانخانىغا كىرگىلى ئۇنىمايتتى، كېچىلىرى ئەيسا باي ئۇنى خۇددى بوۋاقنى پە-
پىلىگەندەك سىيلاپ، ئەركىلىتىپ چىقسىمۇ، ئانىقىز ئۆزىنى قاچۇرۇپ تام تەرەپكە سىغدىلاتتى،

كىرپىك قاقمايتتى، تاڭ قاراڭغۇسىدا، خوراز چىللىماستىلا ئورنىدىن تۇرۇۋالاتتى، هويـ
لىمدا، دەرۋازا ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ تاڭنى ئاتقۇزاتتى، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن بەدـ
بۇيلۇقنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئېغىر، كۆچەپ تىناتتى، ساپ هاۋانى ئاچكۆزلۈك بىلەن
سۈمۈرەتتى...

بۈگۈن يەتتىنچى كېچە، ئانىقىز بەهۇزۇر، قېنىپ ئۇخلىۋالماقچى ئىدى، نەدىكى
ئۇيقۇ، گۈلقىزنىڭ روهى ئۆي ئىچىدە، دېرىزە تۈۋىدە، قورۇ ئۈستىدە پەيدا بولۇۋالدى،
تـوغرا، ئاچامنىڭ روهى سېغىنىپتۇ،— دېدى ئۇ ۋەهىمە ئىچىدە،— تاڭ ئاتسا شەنبە، تۇپراق
بېشىغا چىقىشىم كېرەك...

ئانىقىز ئۈچۈن بۈگۈنكى كېچە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق كېچە بولدى، ئۇ توخۇ چىللىـ
ماستىلا تۇرۇپ كەتتى، ئۇستىخانلىرى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى، تۈـ
نۈگۈن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تېخى ئۇخلىيالمىدى، بۈگۈن... ئۇ هويلىغا چىقىپ يۈز-كۆزىـ
نى يۇيغانـدىن كېيىن پەلتوسىنى كىيدى، بېشىغا ئاق رومال ئارتتى، موتىسىكلىتىنى يېـ
تىلەپ چىقىپ ئوت ئالدۇردى، قەبرىستانلىق ئاقمەسچىتنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئەترا-
پى يۇلغۇنلار بىلەن قاپلانغان دۆڭلۈككە جايلاشقانىدى، بۈگۈن ئادەم كۆپ ئىدى، تۇپراق
بېشىغا چىققان كىشىلەر ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىلىرى ئالدىدا ئولـتۇرۇپ يىغلاشـماقـتا
ئىدى، بەزىلەر دۇئا-تىلاۋەت قىلاتتى، بەزىلەر خەتمە قۇرئان قىلاتـتى، ئانىقىز ئاچىسـ
نىڭ تۇپرىقى ئالدىغا كېلىپ قىبلىگە قاراپ ئولتۇردى...

گۈلقىز ياتلىق بولۇپ كەلگەندە ئەيسا هەمىشە خىزمەت بىلەن ئالدىراش يۈرەتتى،
ئۆينىڭ بارلىق جاپاسى گۈلقىزغا قالغانىدى. ياۋاش، كەم سۆز، ئىشچان بولۇپ ئۆسـكەن
گۈلقىز ئۆز قىسمىتىدىن زارلانمايتتى، ئەترەتنىڭ ئېغىر، تۈگىمەس ئەمگىكى، كەينى-كەيـ
نىدىن تۇغۇلغان باللارنىڭ غەلۋە-غەۋغاسى... ئۇنى يېشىدىن بۇرۇن قېرىتتى، ئۇ چاغلار-
دا ئەيسا خىزمەتتە ناهايىتى ئاكتىپ ئىدى، ئۆي بىلەن، باللار بىلەن كارى بولمايـتتى،
پېكى سىياسەت يولغا قويۇلۇپ، ئىسلاهات باشلىنىپ ئۆيگە ئاش، قوتانغا مال تولـغاندا،
ئەمدى يەي، كىيەي دېگەندە گۈلقىز كېسەلنىڭ چاڭگىلىغا چۈشتى، بۇ چاغدا ئەيساباي پۈتۈنـ
لەي شەخسىي ئىگىلىك تىكلەش كويىدا بولۇپ، ئايالىنىڭ كېسىلىگە ئانچە ئېرەنشىمىدى، گۈلقىز
يارغانسېرى زەئىپلىشىپ ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىنمۇ داۋالىتىشقا ئالدىرىمىدى، كېسەل
يەۋېلىك باسقۇچقا يەتتى، گۈلقىز ناھىيىلىك، ئوبلاستلىق دوختۇرخانىلاردا ياتتى. ۋا-
قىت ئۆتكەنىدى، جىگەر راكى ئاخىرى جاننى ئالدى، بەش بالا ئانىسىز قالدى، هەشـ
مەتلىك ئايۋان-سارايلارنى توپا-چاڭ باستى، تام-تورۇسلارغا ئۆمۈچۈكـلەر تور تارتـتى،
گىلەملەرنى كۈيە يېدى، باللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى يىرتىلدى، كىرلەشتى، ئەيـساباينىڭ
ھەممە نەرسە، ئامەت، بەخىت-تەلەي ۋە ئۆزىنىڭ هاياتى گويا گۈلقىز بىلەن بىللىلا ئۇ
ئالەمگە سەپەر قىلىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، ئەنە شۇ چاغدىلا ئەيسا باي ئايال كىشىنىڭ
بىر ئائىلە ئۈچۈن، باللار ئۈچۈن، ئەر ئۈچۈن قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چوڭـ
قۇر هېس قىلدى، بىر ئۆمۈر ئەرنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرگەن، دەككە-دەشنەم ئاڭـ
لاپمۇ، تاياق-دۇمبا يەپمۇ يەنە يۈز ئۆرۈمەي، ئەرنىڭ پېشىـغا مەهكەم ئېسىلىپ ياشاپ،
ئاخىرى هېچقانداق خۇۋلۇق كۆرمەي ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىغا ئىچ ئاغرىتـ
تى، ئېچىندى. ياش تۆكتى، لېكىن دەردكـەدەرمان تېپىلـمىدى، غەمگۇزار بولغۇدەك
ئادەم نەدە؟ قوشنا-قولۇملار، كەنت كادىرلىرى، ئاغىنىلەر ئۇيان-بۇيان قاتراپ ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

لاينقلارنىمۇ تېپىشتى، ھېچقايىسىسى كۆكۈلگە يارىمىدى، دەل شۇ كۈنلەردە سەمەت ناسـ
ۋال بىلەن مەخسۇت قېزلغا ئېلىنىدى، ئانىقىز مەخسۇتتىن ئاجراشتى، ئەيسامۇ كۆكۈلسىگە
بىر ئىشنى پۈكۈپ ئانىقىزنىڭ نىكاھىدىن ئاجرىشىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى...

يىغا ـ زارە، قىرائەت ئاۋازىمۇ ئاڭلانماي قالدى، قەبرىستانلىقنى ۋەھىمىلىك سۈكۈت
قاپلىدى، بۇ چەكسىز جىمجىتلىق ئىچىدىكى سۈرلۈك، ئازابلىق سۈكۈت ئىدى. ئانىقىز
سەراسىمىگە چۈشكەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

ھويلىغا تۇتاشقان تەرىپى ياغاچ رېشاتكىلار بىلەن قورشالغان ئىككى مولۇق باغ، مېـ
ۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ ھەممە تۈرى رەت ـ رېتى بويىچە قويۇلغان، ئېسىلىپ ـ پارقىرىغان شاپـ
تۇللار شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. كۆك ئامۇت، نەشپۈت، كۈچا ئامۇتلىرى بىلەن
ئانار كۆچىتى تىكىلگەن باغ كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك دەرىجىدە باراقسان، بولۇق ئىدى،
باغ ئىچى شامالسىز، دىمىق، قۇياش نۇرى چۈشمەيتتى، رېشاتكىغا يېقىن جايغا قېزىلـ
غان قاشالىق كۆلنىڭ تىنىق سۈيىدە شاخ ـ يوپۇرماقلارنىڭ ئەكسى تىترەيتتى، كۆل يېنىدىـ
كى كارىۋاتقا كېلەم، كۆرپە سېلىنغان، ئانىقىز قەبرىستانلىقتىن تېخىمۇ ئېزىلىپ، چارچاپ
قايتقاچقا ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ يانپاشلىدى، كۆلنىڭ قارشى قىرغىقىدا پىشىشىق
خىش ۋە سېمونتتىن پەلەمپەيلىك سۇپا قوپۇرۇلغان بولۇپ، سۇپا ئۈستىگە ياسىلىدىغان
شىپاڭنىڭ ياغاچ ـ تاش، شال، پەنەركىلىرى، ھەر خىل نەقىش ئويۇلغان نېپىز تاختايلار
دۆۋىلەكلىك تۇراتتى، ئەيساباي باغ ئىچىنى يازلىق ئارامگاھ، كەچلىك بەزمىگاھ قىلـ
ماقچى، ئابرويلۇق مېھمانلىرىنى مۇشۇ يەردە كۈتمەكچى، ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى
ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرمەكچى...

ـ مانتىنى كۆڭۈللىرى تارتمىدى، خېنىم...ـ ئەيسابايىنىڭ سىڭلىسى بىر قولىدا
بېغىدا لۆڭگە ئورالغان چەينەكنى، بىر قولىدا پەتنۇسنى كۆتۈرگىنىچە كارىۋات يېنىغا
كەلدى،ـ قوي گۆشىنىڭ يېغى يوق يېرىدىن چەينەك شورپىسى قىلدىم. شورپىنىڭ قاـ
رىمۇچ، دورا ـ دەرمەكلىرى ئوبدان تەڭشەلدى، زورلاپ ئىچسىلە، تاۋىلىرى يېشىلىپ قالدۇ.

شورپىنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ ئىشتىھانى قوزغىدى، دېمىسىمۇ ئانىـ
قىز ئاخشام بىر چىنە چۆچۈرە ئىچكەنچە ئەتىگەندىن بېرى ناشتىسىز ئىدى، بايا مانتىـ
نى يېگۈسى كەلمىدى... ئانىقىز تەخسىدىكى سوۋۇتۇلغان گۆشنى كېسىپ ئالدىرىماي مەزـ
زە قىلىپ يېدى، قىزىق شورپا ئۇنى تەرلىتىپ ھاردۇقىنى چىقارغاندەك بولدى، ئۇ كۆرـ
پىدە سوزۇلۇپ ياتتى، يىللىق ئارامبەخش ھاۋا، سالقىن باغ، جىمجىت مۇھىت، ئانىـ
قىز ئۇچۇن راسا ھوزۇرلىنىپ ئۇخلايدىغان ۋاقىت، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى نەلەرگىدۇر قېـ
چىپ كەتكەن، ئۇ كۆزلىرىنى زورىغا يۇمۇپ ياتسىمۇ ئۇخلىيالمىدى، ئارامى بۇزۇلدى،
ئاچىسى، ئانىسى، دادىسى، ئۆتمۈش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تىزىلىپ ئۆتۈپ تۇراتتى، ئاخىرىـ
دا بىر سىيما، بىرلا كىشىنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىدا خۇددى ھەيكەلدەك مىدىرلىماي
تۇرۇۋالدى، مىرزا ئەخمەت، توغرا، ئانىقىزنىڭ ھايات يولىغا ئۆزۈندىن بېرى كۆلەڭگە تاشـ
لاپ كېلىۋاتقىنى دەل شۇ مىرزا ئەخمەت ئىدى، بۇ كۆلەڭگە ئۇنىڭغا كېچە ـ كۈندۈز ھەمراھ
ئىدى، مانا ئەمدى ئەيساباي ئۇنى ياللىۋالدى، شوپۇر، مۇشۇ قورۇنىڭ ئىشچىسى، ئانىقىز ئەسـ
لىدە بۇ قورۇدىن كەتمەكچى، ھەڭگۇ كەلمەيدىغان بولۇپ كەتمەكچى ئىدى، بۇ ھەقتە
كۆپ ئويلىغان، قەتئىي نىيەتكىمۇ كەلگەن، ئانىسىنىڭ يىغا ـ زارىنى، ئاچىسىنىڭ بالىلىرىنى،
پۇل ـ دۇنيانى، كۆڭلى چۈشمىگەن ئەرنى... دەپ ئۆزى ئۇچۇن دوزاختەك بىلىنگەن بۇ

قەسىردە ياشلىق ھېسسىياتىنى، ئوتىتەك يېنىپ تۇرغان گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى نابۇت
قىلىشنى خالىسۇنمۇ؟ ئاھ خۇدا!... مىرزائەخمەت پەيدا بولۇپلا ئۇنىڭ كېتىش نىيىتى
سۇغا چىلاشتى، ئىرادىسى سۇندى، ئۇ ئەمدى مىرزا ئەخمەتنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى. شۇ-
لارنى ئويلاۋېتىپ، ئانىقىزنىڭ ئۇچقۇر خىياللىرى پەر يېيىپ، ياشلىق ھاياتىنىڭ ئۇن-
تۇلماس قىسمەتلەر بىلەن تولغان بىپايان ئالىمدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى...
ئاي قاراڭغۇسىنىڭ سۇرۇلۇشىگە ئەگىشىپ ئاسمان بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە، شا-
لاڭ يۇلتۇزلار بىر-بىرلەپ غايىب بولماقتا، سۈت رەڭ سۇبھى پەردىسى بىپايان ئاسمانغا
قاراپ يېيىلماقتا، گۈزەل تاڭ پۈتكۈل كائىناتنى كۆمۈش ھەل بىلەن نەقىشلىمەكتە،
«شياڭگاڭ كوچىسى» يارقىن كېچىدىن كېيىنكى سۇبھى نۇرى تەسىرىدىن شېرىن ئۇيقۇ-
سىنى ئاخىرلاشتۇرماقتا.
ئانىقىز تاڭ شامىلى يەلپۈپ تۇرغان چېچىنى قولى بىلەن پات-پات كۆتۈرۈپ قو-
يۇپ يەڭگىل، چاققان قەدەم تاشلايتتى، ئېگىز يارلىق ئۈستىگە سېلىنغان جامە ئالدىدىن
ئۆتۈپ «شياڭگاڭ كوچىسى»غا كىرىپ كەلدى، پۈتىدىكى ئارا پاشنىلىق قارا خۇرۇم تو-
لىپىنىڭ شېغىل ياتقۇزۇلغان يولدا بىر خىل تاقىلدىشىدىن چىققان ئاۋاز كوچا جىمجىتلىقى-
نى بۇزۇپ تۇراتتى، ئۇ ئاخشام دۇكاننى كېچە سائەت 12 دە تاقىدى، بۇندىن ئۈچ كۈن
بۇرۇن مەخسۇت كېلىپ تونۇش شوپۇردىن ئىككىسى غۇلجىغا بارىدىكەن، ئۇلار غۇلجا تاماكىسى
ئالغاچ كەلمەكچى بولدى، پۇل بەرگىن، دەپ ئانىقىزدىن 350 يۈەن ئېلىپ چىقىپ
كەتكەنىدى، شۇندىن كېيىن يا دۇكانغا، يا ئۆيگە كەلمىدى، كېچە ئۆيدىن ئەنسىرەپ
بارغىنىدا مەخسۇت يەنىلا يوق، بۈگۈن ئانىقىز ئازغىنا ئۇخلاپ ئادىتى بويىچە بالدۇر
ئويغانغانىدى، ئۇ دۇكان ئالدىغا كەلگەندە پەقەت بىر نەچچە ئاشخانا، ناۋايخانىلا ئىش
باشلىغان بولۇپ باشقا دۇكانلار جىمجىت ئىدى، ئانىقىز يانچۇقىدىن ئاچقۇچىنى ئېلىۋې-
تىپ دۇكان تېمىغا تاقاپ بېكىتىلگەن ئېلېكتر ستولبىسىنىڭ تۈۋىدىكى قاپقارا گەۋدىنى
كۆردى-دە، شىپپىدە توختاپ قالدى، بىرى بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ،
دۈگدەيگىنىچە ستولبىغا يۆلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ مەستلىكتە كېتەلمەي كېچىدە
مۇشۇ يەردە تۈنىگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى، كېچىچە كۆزەتچىلىك قىپتۇ-دە! بى-
چارە قاپاق نوچى! ئانىقىز مەسخىرىلىك كۆزلىرى بىلەن بىر نەچچە سېكۇنت قاراپ تۇر-
دى، ئىشىكنى ئېچىپ دۇكانغا كىردى، چىراغنى ياندۇردى، ئۇنىڭ كاللىسىدا ھېلىقى
مەست ئادەم كەينىدىن قوغلاپ كىرىدىغاندەك بىر ۋەھىمىلىك سېزىم پەيدا بولۇپ شۇ
ھامان ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى، يۈرىكى خەۋپ ئىچىدە ئەنسىز دۈپۈلدىدى.
ئاخشام ئۆيگە كېلىۋاتقىنىمدا كەينىمدە بىر نېمە شىپىرلىغاندەك قىلىپ خېلى قورقۇتقانىدى،
ئوغرى ياكى بۇلاڭچىمىكى ئۇ؟ ھەي، مۇشۇ بىر نېمە شۇ بولمىغىيدى ياكى مېنىڭ پې-
يىمگە چۈشكەن چىرايلىق ئاشىقلاردىن بىرىدۇ، ۋىيەي... جۇلدۇر كېپەن! ياقەي، مېنى
تونۇمايدىغان، شۇنداقلا يېتىپ قالغان بىر مەستتۇر؟ توۋا، مەست بولۇپ قالسۇنۇ، كېلىپ
دۇكىنىمنىڭ ئالدىدا شېغىلدا ياتقىنىنى؟ ئاۋۇ ئاشخانا، سامسىپەزخانىلارنىڭ ئالدىدىكى
كازىۋات، سۇپىلارنى كۆرمىدىمىكىن، ئانىقىزنىڭ ئۆي-پىكرى چوڭقۇرلاشتى. «توختا، شۇ-

www.uyghurkitap.com

مۇيا؟ ياق، ئەمەس، ئۇ كەلمەيدۇ، بىرنەچچە يىل بولدى، ئۇ بۇ ئەتراپتا كۆرۈنمىگىلى،
مۇبادا شۇ بولسىچۇ؟ ئانىقىزنىڭ خىيالى چىگىشلىشىپ ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇۋەردى،
ئەگەر ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولسىچۇ، بۇ پىكىر ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەشلىكلەرنى بىر
راقلا يوق قىلىۋەتتى، شاققىدە ئۆرۈلۈپ ئىشىكنى ئېچىشقا تەمشەلدى-يۇ، يەنە يالتايدى،
ناتونۇش بىرى بولسىچۇ، ئانىقىز سۈپۈرگىنى ئېلىپ پوكەينىڭ ئىچ-تېشىنى سۈپۈردى،
يەنە خېلىغىچە تېڭىرقاپ تۇردى، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، شۇ بولسا نېمە بوپتۇ، كۆ-
رۈشەي، ئەھۋال سوراي، گەپلىشەي، كېيىمگە ئۇنىسا ئاشخانىغا باشلاپ تاماق ئەپ بېر
رەي، بىچارە... ئانىقىز چىققاندا ئەتراپ يورۇغان بولۇپ ستولىبا تۇۋىدە ھېچكىم يوق
ئىدى، كۆزلىرىم مېنى ئالدىغان، ئۇ بۇ يەردە تۇنىمىگەن، ياق، ئەنە ئادەم ئولتۇرغان
ئىز، قوزغىلىپ كەتكەن شېغىل، توپا، موخۇركا قالدۇقلىرى، قۇرۇق بوتۇلكا، چوقۇم
شۇ، ئۇ موخۇركىنى نەيچىلەپ يۆگەيتتى، چوقۇم شۇ چېكىپ تاشلىغان، ئۇ ئاخشام دۇ-
كان ئالدىدا كۆرۈنمەيتتىغۇ، بەلكىم كەلگەندۇ، دۇكاندا ئىچەرمەنلەر ۋاراڭ-چۇرۇڭ قى-
لىۋاتاتتى، كىرىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغان بولسا كېرەك. ئانىقىز شۇ ھامان
كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئۆكۈنۈش، پۇشايمان، سېغىنىش، شادلىق، ئىنتىزارلىق ئىلكىدە
خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئانىقىز چاي ئىچىۋېتىپ يەنە خىيالغا چۆمدى، تاڭ
سەھەر، مۆكچەيگەن گەۋدە، ئىككى تىز ئارىسىغا ساڭگىلىغان باش، مەينەت،
پاسكىنا كىيىم... تاماكا قالدۇقلىرى، بوش بوتۇلكا قاتارلىقلار بىر-بىرلەپ نامايان بولدى،
ئۇ كەمبەغەل بولسىمۇ، نومۇسچان يىگىت ئىكەن، — دېدى ئانىقىز ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە
پىچىرلاپ، — ئاشۇ بىر قېتىملىق كۆڭۈل ئاغرىقىدىن تارتىپ ھازىرغىچە قارىسىنى كۆر-
سەتمىدى، ئەسلى ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى بار ئىدى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى، ئۇنىڭ قەلبى...
جۇدالىق دېگەن ئېغىر قايغۇ-ئازابتىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ؟ ھازىر ئۇ نەدە يۈرگەندۇ،
بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتتىمىكىن؟ ياق ئەتىگەنكى تۇرقىدىن ئۇ يەنىلا ۋەيرانە، ساياق
يۈرگەنلىكى ئېنىق، شۇ ھالدا ئۇ تېخى ئۆيلەنمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ھەي... بېشىمدا
بىرى قاراپ تۇرمىغاندىكىن، دېرىكىنى ئېلىپ ئىزدەپ كۆرۈشسەم، ئەينى مەزگىلدىكى
گۆدەكلىكىم، نادانلىقىم تۈپەيلىدىن كۆڭلىنى رەنجىتكىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىسام،
كۆڭلىنى ئالسام بولماسمىدى، ھېچبولمىغاندا قولۇمدا پۇل بولغاندىكىن، بىرەر قۇر ئۈستى
باش قىلىپ كىيگۈزۈپ قويسام بولماسمىدى؟ كۆڭلىنى چىرمىۋالغان غەشلىك، تېگى
يوق ئوي-پىكىرلەردىن پەيدا بولغان قايغۇ-ھەسرەت چىرايىغا تېپىپ، ئانىقىزنىڭ بۇرۇن-
قى خۇش خۇيلۇقىنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ كەتكەنىدى، ھە دېسىلا مىرزا ئەخمەتنىڭ ئەتىگەنكى
غېرىبانە تۇرقى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى، تۇرۇپلا ئۇ مىرزا ئەخمەتنى سېغىنىشقا
باشلىدى، ئۇنى كېچىكىدىنلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى مانا ئەمدىلا ئىقرار قىلدى. «كېي-
يىنچە مەن باشقۇرسامچۇ»، «مېنى باشقۇرىمىش تېخى!»، «ئانىقىز! ئىككىمىز توي قىلام-
دۇق؟»، «نېمە كېپىڭ ئۇ؟»، «شۇ توي قىلىلى دېگەن گەپ؟»، «ئويلىناي»، «قاچانغى-
چە؟»، «تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكۈچە» ئانىقىز مانا ئەمدى مىرزا ئەخمەت ئېيتقان
سۆزلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئەرلەرنىڭ غۇرۇرىغا مۇناسىپ تەلەپ ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ نادان-

لىق قىلغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى، بىراق پۇشايماننى ئالغىلى قاچا يوق ئىدى، ئۇنىڭ لەزەردىدە ئەر بولغانلار ئايالنى باشقۇرۇشى كېرەك. بەزى قېتىغىر، كۆنلەمچى ئەرلەرگە ئوخشاش ئەمەس، بەلكى ئايالنىڭ ئەرك-ھوقۇقىنى قوغدىغان، ھۆرمەت قىلغان ئاساستا باشقۇرۇشى كېرەك. مەخسۇتچۇ؟ ئۇ قولىدا ھەقلىق، نىكاھلىق بىر ئايالنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان، ئايالى نېمە ئىش قىلدى، نەدە تۇردى، كىم بىلەن گەپلەشتى، كىم بىلەن كېتىۋاتىدۇ، بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى يوق، ئانىقىز خۇددى يۈگەنسىز ئاتقا ئوخشاش ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىلگەن ئايال، قىلغىنىنى قىلغان، ئەتكىنى ئەتكەن، خاتا قىلسىمۇ، توغرا قىلسىمۇ سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم يوق، پەقەت مەخسۇتنىڭ دادىسى ئانچە-مۇنچە سوراپ قويىدۇ. ئانىقىز ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇمۇ بىر خىل مەنىسىز، لەززەتتى يوق تۇرمۇش، ئەر بولغۇچى ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ، قايغۇسىغا، خۇشاللىقىغا ھەمشېرىك بولمايدۇ، ئايالىنىڭ كۆڭلىنى، ھېسسىياتىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئانىقىز ئۆز ئەركىدىن بىمالال پايدىلاندى، خالىغانچە يېدى، ئىچتى، كىيدى، خەجلىدى، لېكىن بىرلا ئىشتا ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلىدى، يەنى، دۇكاننىڭ كەچلىك خېرىدارلىرى كەيپچىلىكتە قىلغان تۈرلۈك چاقچاقلارغا، شەھۋانى ھەۋەس بىلەن دېيىلگەن گەپ-سۆزلەرگە پەقەت مۇلايىم قىياپەتتە كۈلۈپ قويىدى. تۈرلۈك ناز-خۇلقلار بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، لېكىن ئۆزىنى ئوتقۇزمىدى، كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى ھەممىگە ماقۇل دەيدىغاندەك كۆرسەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن چوڭ بەدەل تۆلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۈرلۈك سۆز-چۆچەكلەر توقۇلدى، ئۇ پەرۋا قىلمىدى، ئۇنىڭ تەبىرىچە، ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى، ئارزۇ قىلغىنىنى بويىچە ياششى كېرەك، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدىكى تەۋەككۇلچىلىكتە باشقىلارنىڭ ئانچە-مۇنچە غەيۋەت-شىكايەت قىلىشىلىرىمۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالمەجان ئىسمايىل

(بېشى 77 ـ بەتتە)

بىر ئازدىن كېيىن ئۆيۈمگە يېقىنلاپ قالغانلىقىمنى سەزدىم ـ دە، ماشىنىنى شارتلا قويۇپ بەردىم. بىر ـ ئىككى دومىلىغىنىم ئېسىمدە، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ھوشۇمغا كەلسەم، پۇت ـ قولۇم گېپىسقا ئېلىنغان، باش ـ كۆزۈم نەچچە قات داكا بىلەن تېڭىلغان ھالدا دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. ئاتا ـ ئانام، سىڭىپ تەربىيىچىم ماڭا ئېچىنغان ھالدا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇقسام، مەن ئاپتوبۇسنى قويۇۋېتىپلا دوملاپ كەتكەندە ئارقامدىن كېلىۋاتقان كىچىك ماشىنىنىڭ شوپۇرى دەرھال تورمۇز بېرىپ ماشىنىسىنى يانغا بۇراپتۇ. لېكىن يول مۇز بولغاچقا، ماشىنا تېيىلىپ كېتىپ، ئارقا چاقى مېنىڭ بەدىنىمنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى بېسىۋېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي دوختۇرلار مېنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سول پۇتۇمنى تىزىمنىڭ يۇقىرىسىدىن كېسىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ مەن 10 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا مېيىپ بالىغا ئايلاندىم.

ئاھ، شوخلۇق، بۇ شوخلۇقتىن مەڭگۈلۈك پۇشايمان چىقتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

نۇر مۇھەممەت سايىم

# شوللاردەك جىلۋە قىلدى ئىزلىرىم

## ئۆمۈر ۋە ئىز

ئۇچقۇر يىللار ئۇچۇپ ئۆتتى شۇنچە تېز،
ئۆتتى ئەجەب تالاي باھار، تالاي قىش.
نەگە بارسام، نەدە تۇرسام بىر سوئال
ئارام بەرمەس بولۇپ ماڭا ئاغرىق چىش.

مەقسەت نېمە بۇ دۇنيادا ياشاشتىن،
بىلىش كېرەك قىممىتىنى ھاياتنىڭ.
ئۆزۈڭ كىمسەن، بولدۇڭ نېمە ئېيتقىنا،
ئۇلجىسىمۇ؟ سۆكۈمرانى ماماتنىڭ؟

ئەسلەپ كەتتىم كەچمىشىمنى ئولتۇرۇپ،
شوللاردەك جىلۋە قىلدى ئىزلىرىم.
ئاقتى ھامان كۆمۈش تەرلەر تۇپراققا،
قىممىتىمنى مېھنىتىمدىن ئىزدىدىم.

ئۆمۈر ئۆتەر تەخىرى يوق ئوق كەبى،
ئىجاد قىلغان قەلبلەردىن يىتمەيدۇ.
بىز كۆتىمىز تاقەت قىلىپ ۋاقىتنى،
ئەمما ۋاقىت بىزنى ھەرگىز كۈتمەيدۇ.

داۋانلاردىن ئۆتتۈم ھامان غەيرەتتە،
ئۆمرۈم گۈلى كەتتى تازا چېچەكلەپ.
قالدى ئىزىم يوللار ئارا تىزىلىپ،
ئەۋلادلارنى ئۈپۈق تامان يېتەكلەپ.

## ئارزۇيۇم

شائىر بولسام ئىلھامى سەلدەك،
ۋەتىنىمنى كۈيلىسەم دائىم.
مىسرالاردىن گۆھەرلەر تۆكسەم،
تا بولغۇچە قىيامەت — قايىم.

سۆيگۈم بىلەن سۇغارسام تامام،
باغلىرىمنى، نازۇك چىمەننى.
باغرىم بولسا يېشىلكەك تاغلىرىم،
تاراتسام مەن غۇرۇر دېگەننى.

بولسام شادلىق دىللار ئۆيىگە،
قارا تاشقا مۇھەببەت ھەمدە،
ھەر زەررىدىن ئۆرگىلىپ كەتسەم،
ھەر زەررىگە بولسام بىر بەندە.

تارتسام ھەر كۈن شېرىن بىر ئازاب
ۋە بۇنىڭدىن بىرلىرى كۈلسە.
تۇتاشتۇرسام ئىككى يۈرەكنى،
سۆيمىگەنلەر قېينىشىپ سۆيسە.

قوشۇپ قويسام ئىككى يۇلتۇزنى،
ھىجران تۈگەپ ئۇزارسا ۋىسال.
قاراپ تۇرسام كۈلگەن دۇنياغا،
بىر سەبىيدەك گويا بولۇپ لال.

نۇردۇن ئىبراھىم

# شائىر قەلبى چەكسىز بىر جاھان

## شائىر

سىرتىدىن بىر قاراپ بولما دەرگۇمان،
يولۇقتۇممۇ دەپ «ھەيىيار» بىلەرگە.
شائىر قەلبىدۇر چەكسىز بىر جاھان،
ساپلىقى ئەندازىدۇر نۇرلۇق سەھەرگە.
ئۇ بىلەر دۇنيادا نېمە ئەڭ قىممەت،
ھاياتمۇ ۋە ياكى سۆيگۇ ـ مۇھەببەت.
چىراغقا ئايانماي ئۇرار ئۆزىنى،
ئۇت نىچۈن قىممەتلىك پەرۋانىلەرگە؟
سەن ۋە مەن ئۇيقۇغا چۆككەن ھەر تۈننى،
بىلەمسەن ئۇ قانداق ئۆتكۈزگىنىنى.
قولىدا قەلىمى سۇرگۈنچە خىيال
چۆمۈلەر بىر شېرىن تەرانىلەرگە.
تەسەۋۋۇر دەشتىدە ئۇ گويا سەيياھ،
ھەر ھۆجەيرىسىدە ئالەمچە لاۋا.
ئۇ قونۇپ كېلىدۇ شۇ لاۋا بىلەن
گاھ ئاسماندىكى سەييارىلەرگە.
ئىلكىدە ئۈمىدتىن يوق ئۆزگە بىسات،
ئۈمىد كۈچ ئۇنىڭغا، ئۈمىد ھەم قانات.
ئۇ سەزمەس كۆز ئاچتى كۈندە قانچە رەت،
ۋە قانداق ئايلاندى قۇربانىلەرگە.
ئۇنىڭ ئىزدىگىنى ئۈملۈك، پارلاقلىق،
ئۇنىڭ ئىزدىگىنى ۋىسال ۋە شادلىق.
ئۇنىڭ ئىزدىگىنى ئىزگۇ مۇھەببەت
تەلمۈرۈپ خىيالچان ھەريانىلەرگە.
ئۇنىڭ ئىزدىگىنى ئۆز ئۈچۈن دېمە،
ئەل بەختى ئالدىدا ئۆز بەختى نېمە.
ئۇنىڭ ئىزدىگىنى بولماق بىر كېمە،
دۈچ كەلسەڭ مۇبادا ئۇكيانىلەرگە.
شائىرنىڭ ئەجرىدە يوق پاسىل ـ پايان،
ئەل غېمى تۇت پەسىل چېھرىدىن ئايان.
كېلىدۇ ئۇ شۇنداق ئۇتلۇق نەپەستە،
ئالىپتە ياندىشىپ دەۋرانىلەرگە.

## ھېس قىلدىم بۈگۈنمۇ ئۆزۈمنى يېتىم

— «جياۋيۈيلۇ» ناملىق فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن

پارتىيەم غەلىبىگە بەردى چوڭ ئىمكان،
بولۇپ سەپ ئالدىدا يىقىلماس بىر تۇغ.
قانچىلاپ دىللارنىڭ تارتىپ مەيلىنى
ۋە بولۇپ جۇتلاردا يالقۇنجىغان چوغ.
كەلدى ئېھ، ئۇ شۇنداق ئىنسانىيەتنىڭ
بەختىگە ئۆزىنى بېغىشلاپ پۈتكۈل.
ئېھ ئۇڭا ئەزاغۇ جياۋيۈيلۇ شۇجى،
ئەسلىدى بۈگۈنمۇ ئۇنى ھەر كۆڭۈل.
ئەسلىدى تاغ ـ دەريا، ئەسلىدى لەنكاۋ،
ئەسلىدى سۆيگۈدىن چاقناپ كۈنسىمان.
كۆزلىرىم گوياكى ئېكراندا شۇ تاپ،
نەزەرىم كەلمەكتە ئاڭا يانمۇ يان:
دالىدا تىنىمسىز ھۆۋلار شۇم بوران،
تاشلارنى ئۇچۇرۇپ، ئىشكىلەر چېكىپ.
ئارسلاندەك ھۆركىرەپ بولۇپ بىر قىيان،
ئېتىز ھەم قىرلارغا قۇملارنى چېچىپ.
چىلەكلەپ قۇيغاندەك ياغار گاھ يامغۇر،
زېمىننىڭ، دېھقاننىڭ بەك ناچار ھالى.
بۇندىكى ئۆيلەرنى ئۆي دەپ بولمايدۇ،
كونا ئۆتمەس غۇربەتتىن، غەملەردىن خالىي.
ھەي، بۇندا تەبىئەت نېمانچە جاھىل،

uyghurkitap.com

ئوخشىماس كۈن – تۈنگە بۇندىكى كۈن – تۈن.
مەيلىمۇ لەنكاۋنى قاپساپ تۇش – تۈشتىن
يۇتسا ئاھ قۇم – بوران، يامرسا كەلكۈن؟
بىلىمەن شان كىمگە، ئار – نومۇس كىمگە،
بولمايدۇ ماكلايدا ئېنىق بەلگىسى.
ياڭقۇنلۇق ئەقدە – مېھنەتكە باغلىق
ھاياتنىڭ تەقدىرى، يۇرتنىڭ كەلگۈسى.
ئېھ، مەن بىر كوممۇنىست، بۇرچۇمدۇر مېنىڭ،
ئەل – ۋەتەن ئىشىغا ئاتىماقلىق جان.
گۈللىسۇن يۇرت باغرى، يۈكسەلسۇن ھايات،
ئاپەتكە قارشى تېز ئاتلانغىن، ئاتلان!

قەلبىدە شۇ بىر ھېس، ئەنە جياۋيۈيلۇ
كەلمەكتە مەردانە شۇ تاپ قۇم كېچىپ.
ئاپەتنى تىزگىنلەش، لەنكاۋنى قوغداش
پىلانى ھەققىدە پارلاق بەت ئېچىپ.
يامغۇرلۇق كېچە...
ئېھ، دېھقانلار بىلەن
ئەنە ئۇ توسىمغا تاشلار چىم – توپا.
ئاغرىقتىن يىقىلسا تۇرۇپ قايتا دەس،
ئىشلەيلى دەپ يەنە، تۈننىڭ باغرىنى
لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ياڭرىتىپ سادا.
كەلمەكتە ئۇ ئەنە بورانغا قارشى،
مەزمۇت بىر ئىز سېلىپ بارخان ئۈستىگە.
ياراشقان قورقماس روھ، سۇنماس ئىرادە
نۇرانە تۇس بېرىپ ئۇنىڭ ھۆسنىگە.
ئەنە ئۇ
ئەنە ئۇ باش بولۇپ ھەر توپ كۆچەتنى
تىكمەكتە قۇملارنىڭ ئاقار يولىغا.
ھە يەنە قەيەردە قالدى دەپ يوچۇق
ۋە قاراپ ئارقىغا، ئوڭ ھەم سولىغا.
ئەتراپنى يورۇتۇپ چېقىلغان چاقماق،
دەر گويا: ئاپىرىن، ساڭا ئەي ئوغلان،
يۈكسەلگىن يول ئېچىپ، يۈكسەلگىن، يۈكسەل،
ئىنتىزار ئەجرىڭگە، قەلب، يەر، ئاسمان!

ئادەمنى ياخشى دەپ ماختاشقۇ ئاسان،
ياخشىغا ئېرىشمەك لېكىن بەك قىيىن.
قىش كەلسە شاماللار ئۇرىدۇ نەشتەر،
گەر سۆيگەن بولسىمۇ باھاردا مەيىن.
ۋە لېكىن جياۋيۈيلۇ ئۆزگە بىر دۇنيا.
تاغ كەبى ياشىدى، بولمىدى شامال.
ئېرىتىپ تەپتىدە گويا بولدى ئوت،
يولىدا قار، مۇزلار قىلسىمۇ قامال.
يۈرىكىنى غادىيىپ شۇجى مەنگۇ دەپ،
نەگىلا بارسا ئۇ بولدى سىپايە.
سۇغۇردەك ياتمىدى ئەلنى ئۇنتۇپ – يەپ،
ھەقنى – ھەق دېدى، ئۇ قىلدى ھىمايە.
گويا كى كەڭ ئاما قوينى كەڭ دېڭىز،
جياۋ شۇجى ئۇندىكى ئۆزگەن بىر بېلىق.
يىقىلسا كىم،
كېلىپ يۆلىدى دەرھال
خۇلقى ساز، مۇلايىم، سۆزلىرى سىلىق.
ئاھ بولدى مەشغۇلى ئاغرىپ يېتىپمۇ
ئەل – يۇرتنىڭ غېمىدە يۈرگۈزۈش پىكىر:
مۇشكۇلات قەيەردە؟
ھە بولدى ئېنىق
ھە ئەمدى مۇمكىنمۇ قىلماقىقا سەۋر؟

ئېھ، شۇ تاپ ئۇنىڭكى دىل – خىيالىدا
ئۇ كۆرگەن تۈندىكى قارلىق، سوغ ۋوگزال.
گۈلخانىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشلىرى
يولۇچى ئاممىنىڭ تىترىشىپ غال – غال.
بىلىمەن، ئۇنىڭكى دىل ئېكرانىدىن
ھەر ساھە، ھەر قاتلام، ئۆتتى ھەممە يەر.
گويا كى ئۇ تەكشى چېچىلغان شولا،
لەنكاۋدا ئۇ باشتىن بۇ باشقا قەدەر.

جياۋيۈيلۇ خەلقنىڭ ياخشى شۇجىسى،
نەپسىگە چوغ تارتقان ئەمەس ئۇ پەقەت.
ئۇ قىلدى باشقىلار قىلالمىغاننى،

يولىنى يورۇتقاچ، پاكلىق، ساداقەت.
ئۇ تۆككەن قان ۋە تەر ئۇ بەرگەن بەدەل
لەنكاۋۇنىڭ جىنىغا قوشتى يېڭى جان.
«ياخشىغا كۈن يوقكەن، يامانغا ئۆلۈم»
نە چارە، ۋاقىتسىز ئۇ بولدى خازان.
بولدى بىر يوقىتىش، بۇ مۇسىبەتتىن
چۈشمىدى ھېلىمۇ گۈمۈرۈلۈپ ئاسمان.
كۆز ياشلار ئايلاندى تەگداشسىز كۆچكە،
ئۇرغۇتتى ئەتىچۈن تومۇرلاردا قان!
جەۋلاندىن قالمىدى ئۇ كۆتۈرگەن تۇغ،
كۆتۈردى تالىشىپ ئۇنى ئەۋلادلار.
كەرمەكتە قەد گويا قۇچۇپ شەپەق - بۇغ
ئۇ تىككەن، ئۆستۈرگەن قىران شەمشادلار.
كۆز يۇمدى دېمەيمەن شۇڭا مەن ئۇنى،
گەلمەكتە ياد ئېتىپ ئۇنى ساپ دىللار.
سېغىندۇق، جياۋ شۇجى قەيەردە سىز دەپ،
ياش تۆكەر ھەسرەتتىن ئېتىز ھەم قىرلار.
ياش تۆكەر ھەتتاكى كۆكتە قۇشلارمۇ،
قېنى سىز، سۆيۈملۈك، ئەزىز گەۋدە دەپ.
ياش تۆكەر سېغىنىپ گۈزەل روھلارمۇ،
نۇرۇڭنى كۆرسەڭچۇ بىزدىن ئەمدى، دەپ.
ياش تۆكەر گۈل باغلار ئۇنى چاقىرىپ،
ياز كېتىپ، ياپراقلار سولسا ھەر قېتىم.
ياد ئېتىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلغان چاغنى
ھېس قىلدىم بۈگۈنمۇ ئۆزۈمنى يېتىم.

## كۆن دىلبىرىم

كۆن دىلبىرىم سەن مېنىڭ، كۆن دىلبىرىم،
ئاي سېنىڭسىز ئۇرغاقتەك قايرىلىدۇ.
ئەيىب كۆرمە يات بولسا بەلگىلىرىم،
سەنلا بولساڭ «ئۆز» لىرى ئايرىلىدۇ.

كۆن دىلبىرىم سەن مېنىڭ، كۆن دىلبىرىم،
ئاي پېشانەم بىر سەندىن نۇرلىنىدۇ.
ئەمەس تۇغما، بولسىمۇ ئەگرىلىرىم،
تۈزنى كۆرسە ئەگرىمۇ تۈزلىنىدۇ.

كۆن دىلبىرىم سەن مېنىڭ، كۆن دىلبىرىم،
چاقنىشىڭدىن قاقدۇ سۆيگۈم قانات.
يىقىلغانغا سۇنمىدى چىڭ بەللىرىم،
يىقىلاتتىم سېنى دەپ چاپقاندا ئات؟

كۆن دىلبىرىم مەن ساڭا سالدىم نىگاھ،
ئاي مىسالى يالتىراپ مېھرىڭ بىلەن.
ھەر تىنىشىڭ بولدى مىڭ نۇرلۇق سىيماھ،
ئاداشمىدىم يوللاردا سېھرىڭ بىلەن.

تاڭلىرىڭدا مەڭزىمدىن سۆيدى ساباھ،
پاكلا بولسا لەۋلەردىن شەربەت تامار.
چوققىلاردىن يول بەردى تاغلارمۇ گاھ،
ئوتنى كۆرسە مۇمكىنمۇ ئېرىمەي قار؟

كۆن دىلبىرىم، ئەي مېنىڭ كۆن دىلبىرىم،
نۇرۇڭ كۆككە بېشىمنى يەتكۈزىدۇ.
كۆپتۈر تېخى كۆلمىگەن كۆلكىلىرىم،
كۆلكە ئىشقى ئۇيقۇنى كەتكۈزىدۇ.

## تاڭلىرىم ئاق

تىلەنمەيمەن كۈچۈم بار تىلەنمەيمەن،
كۈچۈم بولسا قولۇمدا نېنىم پۈتۈن.
زېھنىم تولۇق، بۆشۈككە بۆلەنمەيمەن،
سامان كېرەك قۇشقىمۇ پەرۋاز ئۈچۈن.

تاغلارغىمۇ ئالدىراپ يۆلەنمەيمەن،
مېنىڭسىزمۇ تاغلارنىڭ يۈكى ئېغىر.
خەق سۆيگەننى مەن بېرىپ سۆيەلمەيمەن،
يات سۆيگۈدىن بولمامدۇ باغرىم يېغىر.

www.uyghurkitap.com

تومۇر ئىچرە قېنىمدۇر گويا ۋىجدان،
قان بولمىسا شۇ مېنىڭ يىقىلغىنىم.
سالسام چۇقان ئىشقىڭىدىن، دېمە ئىسيان،
يالغان ئەمەس رىشتىڭگە چېتىلغىنىم.

بىلمىگەننى بىلدىممەن بىلگەنلەردىن،
ھەقلىق، بىلىم بەرگەننى ئۇستاز دېسەم.
رەنجىشىم كۆپ، يىغلىسام كۈلگەنلەردىن،
ئۆتىنگىسىزمۇ ئاز ئەمەس كۆزلەردە نەم!

سۆيگۈ كۆتەر ھەممىدىن بۇ كەڭ ئالەم،
سۆيگۈ بىلەن بىز ئادەم، يوللار راۋان.
سۆيگۈ بىلەن ئايلىنار تويغا ماتەم،
پاك سۆيگۈسىز، دىللاردا كەمدۇر ئىمان.

پاك سۆيگۈ دەپ ھە شۇڭا بولۇپ سەرسان،
جان ئاتىمىقىم سۆيگۈگە ھەقلىق، رېئال.
شۇ سۆيگۈدىن كېلىمەن تېپىپ دەرمان،
ھەر تىنىقتا قۇچقانچە مىڭلاپ ۋىسال.

قول بەرگەننىڭ قولىغا بېرىمەن سۇ،
قول بەرگەنگە شۇ مېنىڭ چاپقىنىممۇ.
سۆيگۈ قىممەت مەن ئۇنى تىكمەيمەن دۇ،
بەدەل بېرىپ شۇ ئاران تاپقىنىممۇ.

دەيدۇ ۋىجدان: ئايرىلما شۇ سۆيگۈدىن،
شۇ سۆيگۈ بار، بولمايسەن يوقسۇل - پېقىر.
گەر پۈتمىسەڭ، سورىغىن كۆرگەنلەردىن،
سىنچى كۆزلەر ئىلكىدە ھېكمەت ۋە سىر.

دىلدا شادلىق، ئېھ شۇ تاپ سەپەردىمەن،
تەشۋىشىم يوق، مۇبادا قالسام پايياق.
ئەل سۆيگۈسى بايرىقىم، زەپەردىمەن،
يوللىرىم كەڭ، تېگىم ئاق، تاڭلىرىم ئاق!

## كەم ئەمەس شولىلاردىن تەبەسسۇمىلىكىم

ئالدىراتما ھېسلىرىم ئالدىراتما،
تەمكىنلىككە بۇ يۈرەك قانغىنى يوق.
غەلەت قىلىپ ھەر ياققا ئېلىپ قاچما،
ئازغۇنلۇقتىن ھېس تېخى يانغىنى يوق.

شاقىراتما بول دېمە، شاقىراتما،
ئاققۇم يوق مېنىڭ ئەسلا پەسكە قاراپ.
لەگلەكلەرگە بول دېمە داقىراتما،
يۈرگۈم يوق شامالىلاردىن دەرمان سوراپ.

يالتىراتما زەر بېرىپ، يالتىراتما،
كەم ئەمەس شولىلاردىن تەبەسسۇمىلىكىم.
ئاداشمايمەن، چوڭ بولدۇم، يول سوراتما،
غۇۋا چۈشتەك قېپقالدى سەبىيلىكىم.

ھالسىراتما ۋە مېنى ھالسىراتما،
كۈتكۈنۈم ۋاپا سەندىن، جاپا ئەمەس.
كۆرۈنگەنلا رىشتىگە مېنى چاتما،
تولىسى ئالتۇن ئۈنىڭ، دەريا ئەمەس.

تۈندە ھۆرۈپ، ئۈندەرەپ شالمۇ چاچما،
ئېرىنگەن يوق ياقامدىن تېخى كىرىم.
گۈللىرىمنى بېغىمدىن شالاڭلاتما،
گۈللىرىم بار مەن پۈتۈن، ئەمەس يېرىم.

نەچچە قاتتىق، ئېرىدىك، ئەمدى قاتما،
سىغىشالماس مۇز بىلەن ئاپتاپ ۋە ئوت.
سۆزۈك بولساڭ، مانا زەر، مېنى ساتما،
سۆزۈك ھېسقا ئاز ئەمەس ئالەمدە قۇت.

كۆز قىزارتما كۆرگەنگە، كۆز قىزارتما،
چاقنىغاننىڭ ھەممىسى بولمايدۇ زەر.
دوستلىرىمنى يېنىمدىن، ھەم تېزىتما،
كەڭ ياراتقان دوستلارنىڭ رىسقىنى يەر.

مەن گۆھەرلى ئۈرمايمەن ھەرگىز تاشقا،
سۇنسا گۆھەر پۈتۈنلەش بەسى مۈشكۈل.
مەيۈسلەنمە گەر كۆزۈم تولسا ياشقا،
كۆيسە ئۇتۇن، ئاستىدا قالىدۇ كۈل.

ھەم لايلاتما قەلبىمنى، ھەم لايلاتما،
قىممىتى ئېقىنلارنىڭ سۈزۈكلۈكتە.
تىكلىسەم مەن تىكلىدىم، سەن يىقىتما،
شەۋكىتى شۇ ئورنۇمنىڭ بۈيۈكلۈكتە.

تەمەيىم يوق، تۆرگە ئۆت دەپمۇ تارتما،
چاڭقىغاندا قەترە سۇ بولساڭلا بەس.
بىر پىيلەكمەن ئارتۇقچە باراڭلاتما،
پىيلەكلەرگە يەر ئەۋزەل، بولسىمۇ پەس.

تۈنلىرىمدە كىيزىكسەڭ يىراق قاچما،
ئاسمىنىم كەڭ، ئىپىم بار، يۇلتۇزۇم بار.
تاڭ ھەققىدە ئالدىراپ سۆزمۇ ئاچما،
مىڭ تاڭلارغا بەرگۈسىز تاڭلىرىم بار.

سەنمۇ كۈل، ئۆز كۈلكەڭدىن سەن ئايرىما،
ئاش ئەمەس، ئىچكەن ئىشىم شۇ كۈلكىبىز.
نۇرۇڭ بولسا تـۆك ئەلـگە ھىچ ئايانما،
دەيدۇ قەلبىم ھەرقاچان بۇ شۈبھىسىز...

## ھەر كۈيۈمنىڭ ۋەزنى بىر ئالەمگە تەڭ

گۈللىرىم كۆپ بېغىمدا، گۈللىرىم كۆپ،
بەر قولۇڭنى، باغلىشاي چىن پۈتىمسەڭ.
گۈل بېغىمدا ۋە تۆككەن كۈيلىرىم كۆپ،
ھەر كۈيۈمنىڭ ۋەزنى بىر ئالەمگە تەڭ.

گۈللىرىم كۆپ بېغىمدا، گۈللىرىم كۆپ،
بىر - بىرىدىن جىلۋىلىك، رەڭدار، لىۋەن.
گۈلچى بولساڭ كەل قېنى مېھرىڭ تۆكۈپ،
گۈلنى كۆرمەي ئەخمەقلىق، قويماق ئىۋەن.

گۈلۈم باركى، بار ھامان ھۆرمىتىمۇ،
كۆرسە ھەر كىم ئۆتمەيدۇ سالام بەرمەي.
گۈلنى دېسەڭ تۆك مەندەك تەرنى سەنمۇ،
ھەددىم ئەمەس، ئىزىڭنى كۆزگە سۈرمەي.

تېۋىڭ باردا مۆھۈر باس سەنمۇ تاشقا،
نىشان ئەمەس تۆھپىدىن ئۈپرىغان چەم.
گۈل بولغاچقا بۇلبۇل بار، گۈل بولغاچقا،
گۈل يېگانە بولمىسا بۇلبۇلمۇ ھەم.

تەگسە جۇدۇن گۈلگە ۋاي، گۈللەرگە ۋاي،
گۈلنى سۆيسەڭ قارشى ماڭ جۇدۇنلارغا.
كۈلگەن بىلەن ئوت بەرمەس ئاسماندا ئاي،
سوغدا كېرەك، سۇ تۆكمە ئوتۇنلارغا.

گۈلبېغىمدىن ئۈركۈتمە قۇشلىرىمنى،
قۇشلىرىمسىز باغمۇ ھەم ئاۋات ئەمەس.
ئەسكە سالما ئۇنتۇلغان چۈشلىرىمنى،
چۈشتە كۆرگەن چىراغنىڭ يانمىقى تەس.

ئۆتتۈنەي ھەم قوي مېنى تىنچلىق ئارا،
گۈل بار يەردە تىكەن بار، جاراھەت بار.
ئەيىب ئەتمە گەر كۆرسەڭ دىلدا يارا،
بېغىشىدا يارامنىڭ ئادالەت بار.

شادلىقىم كۆپ ھە بۇندا تىرىكلىكتىن،
تىرىكلىكتە كەڭ شۇنچە ئالغان سولۇم.
لېكىن، رەبىم ساقلىسۇن يىرىكلىكتىن،
يىرىكلىكتە ياشاشمۇ چوڭ بىر زۇلۇم.

تەلپۈنىمەن مەن شۇڭا ئىناقلىققا،
ئىناقلىقسىز ئىچىمدە دەرد بىر تۈلۈم.

گۈل بېغىمدا ئورۇن يوق يىراقلىقتا،
يىراقلارنى يېقىن قىل ئۈمىد گۈلۈم!

گۈللىرىم كۆپ بېغىمدا، گۈللىرىم كۆپ،
يەر قولۇڭنى، باغلىشاي چىن پۈتمىسەڭ.
گۈل بېغىمدا ۋە تۆككەن كۈيلىرىم كۆپ،
ھەر كۈيۈمنىڭ ۋەزنى بىر ئالەمگە تەڭ.

## ھايات دېگىنىز، گوياكى مەن بىر بېلىق

بىر سۆزۈم بار تىڭشىغىن، بىر سۆزۈم بار،
رۇخسىتىم كەڭ ھەم كېلىپ تىڭشىيالمىساڭ.
تۈزلا دېمە ھەممىنى، ئەگرى ھەم بار،
بەس، ماڭا قوي سەن ئاۋۋال ئوڭشىيالمىساڭ.

بەختلىكمەن، دىل يىراق ئەگرىلىكتىن،
بولسام دەيمەن بىر ئۆمۈر تۈپ-تۈز تاناپ.
پەكالىق چىلك گاھىدا ئۆگزىلىكتىن،
ئۆگزىلەردىن يۈرمە ھەم مېنى سوراپ.

ھايات دېگىنىز، گوياكى مەن بىر بېلىق،
دولقۇنلارنىڭ مەۋجىدە بەختىم پەۋەس.
كوچىلاردىن ئۆتكەندە ماڭدىم سىلىق،
زېھنى بارغا قوپاللىق ھاجەت ئەمەس.

چىراغ گويا ئۈمىدىم، تۈندە قالسام،
(ئوتتۇز كۈننىڭ ھەممىسى ئايدىڭ ئەمەس.)
گاھ قۇياشنىڭ نۇرىنى بىرەر بىر شام،
شامنى كۆرسە كىم ئۆزىن پەرۋانە دېمەس؟

ۋە لېكىن ھەۋەس باشقا، سۆيگۈ باشقا،
بىلىمەن ساپ ئالتۇننى ئايرىيدۇ ئوت.
يالقۇنۇمدىن ئۆزۈڭنى ئالما قاشقا،
نامەردلەرنىڭ ئىلكىدە تۇرمايدۇ قۇت.

ئۆمرۈم — تىللا، ئورۇنسىز خەجلىمەيمەن،
ھەددى ئەمەس نامەردنىڭ خەجلەتكىلى.
ياخشىلارغا تاپقىنىم سېنىڭ دەيمەن،
ئىزگۈ ھېسنىڭ شۇلاردا ئەڭ سەرخىلى.

## ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئالەم تامچە

قەسەمبىللا، سۆكمەيمەن تەبىئەتنى،
تەبىئەتتىن بار مېنىڭ نېمە پەرقىم.
تەبىئەتتىن ئالدىم كۆپ سۈرەتلەرنى،
سۈرەتلەرگە پۈتتۈكلۈك باھا-نەرقىم.

پەرىشتىگە ئوخشاتتىم تەبىئەتنى،
مېھرى بىلەن مەن تىرىك تەبىئەتنىڭ.
ئۇنتالمىدىم تىكلەنگەن ئىمارەتنى،
قۇدرىتىدە ئۇ بەرگەن سىر — ھېكمەتنىڭ.

بوران بولدۇم قانچە رەت بوران بولدۇم،
ئۇچتى قامغاق، قايرىلدى بىسىم تاشتا.
يامغۇر بوپ ئېرىقلارغا نەچچە تولدۇم،
قەترە بىلەن چىمەنلەر قىلدى ناشتا.

سابا بولدۇم ۋە مەيىن سابا بولدۇم،
سابا بىلەن خۇش بۇيۇم تارقىلدى.
گۈل-گىياھلار لېۋىدە ناۋا بولدۇم،
يوقلىرىمنى شۇ ناۋا بار قىلدى.

جان ھەلقۇمغا كەلگەندە تىنىق بولدۇم،
ئۆلۈملەردىن ساقلىدى شۇ بىر تىنىق.
غۇۋا ئىدىم، نۇرلاندىم، ئېنىق بولدۇم،
(تەسۋىرىمنى ئىزدىسەڭ يولتۇزغا چىق!)

چېقىن بولدۇم نۇرلىنىپ گاھى يال-يال،
ھەر ئۇچقۇنى مىڭ چىراغ چېقىنلارنىڭ.
شۇ چېقىندا كۆرۈندى يورۇپ غىل-پال،
دۇر-گۆھىرىم، تەكتىدىن ئېقىنلارنىڭ.

سەپەرىمدە مۇز كۆرسەم ئۆتكەندىم ھېچ،
تەپتى بارغا مۇز ئۈستى مۇقەددەس يول.
قۇياش كۈلسە مەنمۇ ھەم كۈلدۈم تىنچ،
تىنچلىقتا ئەجرىمدىن كۆردۈم ھوسۇل.

مەن سۆكمەيمەن ھە، شۇڭا تەبىئەتنى،
تەبىئەتكە مىجەزىم تارتقان شۇنچە.
ئالەمدىنلا ئىزدىمە سىر — ھېكمەتنى،
ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئالەم تامچە.

## بەرگىن تۇرمۇش گۈل پەسلىمنى قايتۇرۇپ

تۇرمۇش، سەندە باسقان ئىزلار ئېسىمدە،
مېھرىڭ بىلەن كۈلگەن چاغلار ئېسىمدە.
تۈنلىرىڭدە تاڭدىن ئاۋۋال ئويغىنىپ،
مەن تەر تۆككەن ئېتىز - قىرلار ئېسىمدە.
ئەقىدەمدىن، مۇھەببەتتىن، نەپرەتتىن،
ئادەم تۈگۈل ھەر بىر داڭگال - تاشتىمۇ،
سەزگۈ بېرىپ يازغان كۈيلەر ئېسىمدە.
ئۇ چاغلاردا سېنى كۆپرەك يازغانتىم،
قوينۇڭ يېللىق، مەغرۇر قانات يايغانتىم.
شېرىن ئىدىڭ مەن گوياكى ئىشقىڭدا
پەرھات بولۇپ تاغلارنىمۇ قازغانتىم.
ئەمدى بىلسەم بەكمۇ سىرلىق ئىكەنسەن،
كەپتىكەنمەن سېھرىڭگىلا باغلىنىپ.
ئۇن يەتتىگە سېنى ماختاپ، ياخشى دەپ،
گەر تۇرسىمۇ گاھى باغرىم داغلىنىپ.
ئېيتقىن، زادى تۈزۈمۇ ياكى قىرلىقسەن،
ۋەجىڭ نېمە؟ گاھى كۈلۈپ باقمايسەن.
ئالماس كەبى تەگكەن جايغا دەز سېلىپ؟
دەۋرىم گۈزەل، توققۇزۇم تەل، تېگىم ئاق،
قەلبىم سۈزۈك، پۇت - قولۇم ساق، نېنىم ئاق
نېمىنىشقىدۇر شۇنداقتىمۇ بىر نەرسەم،
كەمدەك يەنە سېنى بۇندا ھەر كۆرسەم.
بولۇپ شۇئان غېمىڭ بىلەن ئاۋارە،
روھىم سۇلغۇن، يۈرەك - قەلبىم سەدپارە.
ھېس قىلىمەن كۆيگەندەك بىر پىراقتا،
كۆز ياش كەبى ۋە تىترىگەن چاناقتا.
ئاي قېنى دەپ گاھى كۆككە قارايمەن،
كۈن قېنى دەپ گاھى ئايدىن سورايمەن.
ئۈمىد چەكسىز، لېكىن چەكلىك مادارىم،
قېنى مېنىڭ قىران ياشلىق باھارىم؟
قېنى ئاشۇ ئۇرغۇپ تۇرغان جۇشقۇن چاغ؟
بۇلۇتلارنى بەلباغ قىلغان مىسلى تاغ؟
قېنى تۇلپار كەبى تىزگىن سېرىشلەر،
شېرىن ھېستىن گويا شامدەك ئېرىشلەر؟
قېنى بالقىپ يىراقلارغا سەكرەشلەر،
نازۇك تاردەك كۈي ئەۋجىدە تەۋرەشلەر؟
قېنى ئىلھام، قېنى ئوتلۇق ھاياجان،
قېنى سەزگۈ، چۆلدە پۈتكەن خىيابان؟
قېنى ياققان دالىدىكى گۈلخانلار،
قېنى، بوۋام ئېيتقان چۆچەك- داستانلار؟
قېنى ئايدەك تولۇپ يىللىق بېقىشلار،
شاۋقۇن سېلىپ تاغ سۈيىدەك ئېقىشلار؟
ئۇنتۇدۇمۇ يا قالدىمۇ ئايرىلىپ،
سۇنغىنىغۇ بۇ قاناتىنىڭ قايرىلىپ؟
تۇرمۇش بەرگىن ياشلىقىمنى قايتۇرۇپ،
نە ياشلىقكى، گۈل پەسلىمنى قايتۇرۇپ.
كۆز يېشىمدىن ئاققۇزما كۆپ قىيانلار،
كۆزگە نۇر بول، يامرىماقتا تۇمانلار.
پاكلىق ئەۋزەل، ساقلىغىن ھەم ئۇلۇغلەتتىن،
ئۆمۈر چەكلىك، ئايرىلمىسۇن قىممەتتىن.
تونىدىن ئايرى، ياخشى ھېستىن ئايرىما،
مەنزىل ئۇزۇن، قانىتىمنى قايرىما.
نۇر بەر دېسەڭ، تاڭلار بىلەن بەسلىشەي
بولسا كۆرسەت، تۈگۈن بولسامەن يېشەي.
بۇ ئۆتۈنۈش يادىڭدا چىڭ ساقلانسۇن،
قاچان بولسا ھايات سەندىن زوق ئالسۇن!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## كېسەللىكلەرنىڭ پاراغىتى

ئاڭلىدىڭمۇ، مېنىڭ ئىسمىم كېسەللىك،
خاھىشىم شۇ ئۇچقان ئوقمەن ئەجەللىك.
دەيمەن ھامان ئامال قىلسام يىقىتسام،
قارىچۇقلاردىن ياشنى سەلدەك ئېقىتسام،
نېمە قىلسام بولسا ئاڭا ئىمكانىم،
دەرد تارتامسەن بولمىسا ھېچ پەرۋايىم.
دەيدۇ ئادەم: «ساقلىق كىبرەك ئادەمگە،
بىز دەرد ئۈچۈن تۆرەلمىگەن ئالەمگە.
ئېچىلمايدۇ گۈللەرمۇ ھەم سولماققا،
ئۇ ئالدىرار ئۆز ھۆسنىگە تولماققا!
بۇنى ئاڭلاپ دېدى تەكرار كېسەللىك:
دېدىمغۇ مەن ئۇچقان ئوقمەن ئەجەللىك،
خاھىشىم شۇ مەيلى خالا ـ خالىما،
ياندىشىمەن مەۋجۇداتقا دائىما.
بوشاڭلارنى كۆرسەم مەن بىر ئەزگۈچى،
يوچۇق ئىزدەپ ھەر قاياقنى كەزگۈچى.
مەن دۇنياغا، دۇنيا ماڭا بەخشەندە،
چۆلدە ئەمەس، قەستىم ھامان گۈلشەندە.
كېسەللىكمەن، خاھىشىم شۇ، مەيلىم شۇ،
ئەمدى مېنى بىلدىڭمۇ ئەي ئادەملەر؟
مېھرىم كەمچىل، قەھرىم تولا، پەيلىم شۇ،
ئەمدى مېنى بىلدىڭمۇ ئەي ئادەملەر؟
بىلسەڭ ياخشى، ئۆز ئىشىڭ ھەم بىلمىسەڭ،
مەن كۈلىمەن، سەن ئاۋۋالراق كۈلمىسەڭ.

تۇختاش نىيازى

# تەبىئەت ئاجايىپ ئۇستا بىر رەسسام

## تەبىئەت سىرى

ئالدىمدا بۇغا ـ مارال ئويناقلىغان،
قارىغايزار جەزىبىلىك ئېگىز تاغلار.
مال ـ چارۋا پەۋەس تولغان يېشىل يايلاق،
چوپانىنىڭ بەختى كۈندەك كۈلگەن چاغلار.

ساپ ھاۋا بەخش ئېتەر تەنگە راھەت،
سۆيىدۇ نازلىق گىرە سىلىپ سابا.
ئۆركەشلەپ ئاقار جۇشقۇن تاغ سۇلىرى
چىمەنلەر ئارا خۇش خۇي قوزغاپ ناۋا.

قاپلىغان تاغ ـ دالانى رەڭدار گۈللەر
قۇياشنىڭ نۇرلىرىدا كۆركەم چاقناپ.
گۈل ـ گىياھ دۇنياسىدىن ئالار ھۇزۇر،
شادلىنىقتىن، گۈزەللىكتىن يورەك ئويناپ.

سايرىسا ئېدىرلاردا تاغ قۇشلىرى
يېقىملىق سىمفونىيە ـ ساز كېلىدۇ.
پەرۋاز قىپ ئۇچسا كۆكتە مەغرۇر بۈركۈت،
كۆللەردە ئۈزۈپ ئاق قۇ ـ غاز كېلىدۇ.

گۈزەللىك مۇجەسسەمدۇر بۇندا تامام،
ھەر گىياھ، ھەر گۈل، ھەر تاش ئېسىل سۈرەت.
قەلىمىم ئاجىز كەلدى تەسۋىرلەشكە،
يازغىنىم بىر قىسمىلا مىڭدىن پەقەت.

تەپەككۇر، زېھنىم قۇشى قىلدى پەرۋاز:
بۇ يېشىل دۇنياغا مەن چۆككەنسېرى.
تەبىئەت نېمە دېگەن ئۇستا رەسسام،
بىلىندى ماڭا ئۇنىڭ مېھرى ـ سىرى!

## تاغ سۇلىرى

تاغلاردىن چۈشكەن نۇرغا ئامراق سۇلار،
سېھىرلىك ۋە تىنىمسىز ئويغاق سۇلار.
ئىچسە جان ياشىرىدۇ بۆلەكچىلا،
زۇمرەتتەك كۆك، شەبنەمدەك ئويناق سۇلار.

چىقىسەن مۇز ئاستىدىن، بۇلاقلاردىن،
كېلىسەن ئېقىن ياساپ يىراقلاردىن.
چاپىسەن ۋىسال ئىزدەپ دولقۇنلىنىپ،
شوخ، لېرىك كۈي ياڭرىتىپ يىراقلاردىن.

سەن بىلەن ئەلگە ياغار ئاسايىشلىق،
سەن بىلەن زېمىن ياشنار، بولۇر ئاشلىق.
سەن بىلەن ھايات بەخت بۆشۈكىدە،
كۈلىدۇ بوۋاقلارمۇ ئوماق ـ تاتلىق.

تاغ سۈيى، زۇمرەت سۇلار، ئويناق سۇلار،
ئەۋلادلار بەختى ئۈچۈن ئۆركەشلەپ ئاق.
ئىزىڭدىن گۈللەر ئۈنۈپ بولسۇن گۈلباغ،
زېمىنغا ئاتەش، كەۋسەر كۆكسۈڭنى ياق!

مۇسا ئەھەد

## ئاي چۈشۈپ قونۇۋاپتۇ دېرىزىگە

### سىناش ئۈچۈن يارالغانمۇ يىللار دېگەن

ئۆرۈلۈپ كەينىمگە قارىسام قاپتۇ،
مەن بېسىپ ئۆتكەن ئوتتۇز پەللە ـ داۋان.
ئىزلىرىم يوللىرىمغا گۈل تاقاپتۇ،
يىلتىزى شۇنچە مەزمۇت، شۇنچە تىرەن.
ھۇۋلاپ جۇت، يۆتكەلسىمۇ كۆچۈپ قۇملار،
بوي بەرمەي دوقاللارغا چېچەكلەپتۇ.
يالقۇندا ئۆڭمەي تۇرغان ئالتۇنسىمان،
سۇغىرىلىپ تەرىم بىلەن، قېنىم بىلەن.

ئارقىمدا ئوتتۇز داۋان، ھەر داۋاندا
ئەقىدەم يولتۇزلىرى چاراقلايدۇ.
ئويلىسام بۇسۇغامدىن ئۆتكەن كۈنلەر
ھەر سۈبھى مەندىن چۈشتەك يىراقلايدۇ.
بىلمەيمەن باركىن يەنە قانچە ئۆتكەل،
ۋە قانچە كەچمىشلىرىم، قانچە سىناق.
تۈنلەردە ئېزىپ قالسام نىشانەمدىن،

كىم ماڭار يوللىرىمغا يېقىپ چىراغ،
يېتەكلەر قوللىرىمدىن خىزىر سۈپەت.
كىم يەنە يوللىرىمغا قۇرۇپ تۇزاق،
بىغۇبار يۈرىكىمگە يۆكلەركىن دەرت...
تىلەكلەر نۇرلانسا گەر ۋىسال تېگى،
كىم يەنە باشلىرىغا ئېلىپ مېنى،
ئوت چاچقان باغرى بىلەن قۇچاقلايدۇ.
تەشۋىشى كۆپتۇر دىلىنىڭ شادلىقىدىن،
كۈلكىلەر ھىجرانلارنى يەڭگەن قاچان؟
يۈرەكلەر ئايرىلىشقا سەندەلمىكىن،
ئەسىرلەر بازغىنىدا تۇرغان ئامان.
ھاياتنىڭ ئاچچىقى كۆپ تاتلىقىدىن،
تەڭشىمەك بىزگە تالىق تۈز ـ تەمىنى.
سىناش چۈن يارالغانمۇ يىللار دېگەن
ھاياتلىق ئۆتىڭىدە ھەر بەندىنى؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئاي چۈشۈپ قونۇۋاپتۇ دېرىزىگە

ئەتراپنى باسقان تۈنلەر سۈكۈناتى،
پىلىلدار كۆكتە سانسىز خىرە گۈللەر.
ئىزدىشىپ خىلۋەتلەرنى يۇلقۇنار شاش،
چاڭقاقلىق قىرغىقىدىن قانچە لەۋلەر.
بارچە جىم سېزىلمەيدۇ زىنھار تىۋىش،
چېككەندەك ئەبەدىلىك ئۇيقۇ ئىچرە.
كۆر ئەنە تاشلىنىدۇ كۆزگە شۇ تاپ،
بۇندا بىر ئۆزگە ھالەت، بىر مەنزىرە.
بۆشۈكتە تاتلىق تامشىپ ياتار بوۋاق،
چېھرىدە تەبەسسۇمنىڭ پورەكلىرى.
كۆزىدىن بالقىپ تال - تال ئالتۇن كۈلكە،
مەڭزىدە ۋىل - ۋىل قىلغان قوش زىناقلار
ئوخشىغان شەپەق سۆيگەن غۇنچە - گۈلگە.
لال قىلىپ ئەقىللەرنى، باققىن ئەنە،
ئاي چۈشۈپ قونۇۋاپتۇ دېرىزىگە.

خىيالچان ئېگەك تىرەپ ئۆي ئىچىدە،
مۇڭ تۆكەر، ھەسرەت تۆكەر دەردمەن ئانا.
ئۈنسىز ئاق يېشىن تامچىپ كىرپىكىدىن،
سىرغىيدۇ يۈزلىرىنى بويلاپ ئاستا.
بۇلۇتلۇق كۆزلىرىمۇ باققان كۆككە،
ئۇ مەدەت تىلىگەندەك مۇشۇ تاپتا.
ھەسرەتلىك تىۋىشلەر ۋە مۇڭلۇق كۈيلەر،
دۇنيانى ئورار مۇڭلۇق پۈركەنجىگە.
لال قىلىپ ئەقىللەرنى باققىن ئەنە،
ئاي چۈشۈپ قونۇۋاپتۇ دېرىزىگە.

بىلمىدىم بولدىمىكىن سېلىشتۇرماق،
شۇ ئوماق سەبى بوۋاق جامالىغا،
چېھرىنىڭ ئۇزلۇقىنى، جىلۋىسىنى.
ۋە پاكى چېھرىدىكى قارا داغىنىڭ
باسماقچىن كەلدىمىكىن ھەسرىتىنى.
تەسەللى بەرمەك ئۈچۈن كەلدىمۇ يا،
باغرى قان، دىلى سۇنۇق ئانىغا ئۇ،
كۆكسىنى ئۆرتەپ ناردەك دەردلىك تۇيغۇ.

## ئۇنتۇش

مۇڭلۇق كۆزۈم باقار مەيۈس بۇ يەرگە شۇ تاپ،
كۆرۈنمەيدۇ ئاۋۋالقىدەك يىلتىق خۇش چىراي.
دەردلىك قەلبىم ئاسمىنىدا كېزەر مۇڭلىنىپ،
ۋىسال ئۈچۈن چىللاپ تۇرغان گۈزەل تولۇن ئاي.

چۈشمەس ئەمدى ئۇزاقلارغا يىللىق كۆز نۇرۇم،
ئىنتىزارلىق، تەشنالىقتا دۇنياپ شاد يۈرەك.
كۆلچەكتىكى توختام سۇدەك كۆرىنەر جىم - جىم،
ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر ئەتكەن سانسىز گۈل - چېچەك.

يېشىل ئورمان، زەڭگەر ئوتلاق ئۈستىگە ئەمدى،
چۈشمەس قايتا ئاياغ ئىزىم، ئاڭلانماس كۈيۈم.

بارماقلىرىم چاچلىرىڭدا تەۋرىنىپ ئاستا،
ئۇزاق ـ ئۇزاق تىكىلمەيدۇ كۆزۈڭگە كۆزۈم.

ئاڭلانماس ھەم قۇلىقىڭغا لەۋ ياپراقىدىن،
سىرلىق شەپە، نازۇك سادا، مەيىن شىۋىرلاش.
قۇلاق يېقىپ يۈرىكىڭنىڭ كۈي ـ ناۋاسىغا،
قاردەك ئاپئاق كۆكرىكىڭگە قويۇلمايدۇ باش.

بەختىڭ ئۈچۈن يازاي شېئىر بولغىن يار ئامان،
ناخشام قالار «ئۇنۇت» دېگەن ساڭا يادىكار.
ئويغاق ئۆتكەن تۈنلىرىڭدە دەردلىك بۇلبۇلنىڭ—
كۈيى كەبى توختىماستىن مەڭگۈ جاراڭلار.

## ئاشۇ كۆزلەر

ئاشۇ كۆزلەر بۇلاق گويا، شۇنچە تىنىق، شۇنچە پاك،
ھەر قەترىسى ئابىھايات، سۈيى چاڭقاق دىلىمنىڭ.
ئاشۇ كۆزدە چاقناپ تۇرار شادلىقىم ۋە غورۇرۇم،
ئاشۇ كۆزدە جۇلالىرى كۈلۈپ ئاتقان تېڭىمنىڭ.

چاراقلايدۇ ئاشۇ كۆزدە بىر مۇھەببەت، بىر ئىشەنچ،
مەلئۇنلارنىڭ خەسلىرىنى ئۇچقۇنىدا كۈل قىلغان.
ئوت تەپتىدىن مەنە بېرىپ ھاياتىمغا، ئۆمرۇمگە،
ياشلىق بېغىم سەيناسىنى سۇلماس چىمەن گۈل قىلغان.

ئاشۇ كۆزلەر ئەينەك ماڭا، ئايان مەخپىي سىرلىرىم،
ئوتلۇق چېچەن قاراشلىرى ماڭا سۇئال ھەم خىتاپ.
قويسا قىسمەت جۇدۇنلىرى يۈرىكىمنى مۇزلىتىپ،
تومۇرلاردىن شۇڭغۇپ كۈندەك تۆكەر ئەلۋەك زەر ئاپتاپ.

ئاشۇ كۆزنىڭ قۇربانىمۇ يا بەدىلى بۇ چېنىم،
ۋىسالىنىڭ ئۈمىدىمۇ ئويغاق ئۆتكەن ھەر ئاخشام.
ئىنتىزارلىق قەلبلەرنىڭ ئارزۇسىغا نىشانە،
ئاشۇ كۆزنىڭ تەرىپىنى قۇتلاپ ئۆتكەن بۇ ناخشام.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com

## مېنىڭ كۈيۈم

بەس بۇرادەر، پىروىيىدتىن بەرمىگىن تەلىم،
ھەمدە نىتىنسى ھەققىدىمۇ ئېيتما مۇنچە ۋەز.
بولسىمۇ گەر ئۇ ئەقىلنىڭ كۆكىدە پىرىم،
يۈرىكىم دەر: بارچە تەمنى ئۆز تېرىڭدىن سەز،
زەيتۇندىنمۇ تۆمەن ئەلا سەن تىككەن جىرىم.

بەس بۇرادەر، سۆزلىمىگىن، شۇپېنخوئېرنى،
تەڭداشسىز دەپ قامۇسلارغا بەرمىگىن ئىزاھ.
خىزىر ئەمەس يا ئەۋلىيا، ئىنسان بارچىسى،
ياكى ئالەم سىرلىرىغا كامىل چىن ئىلاھ.
ئۇلۇغۋاردۇر جاھان قايىل دانىتى كۈيىدىن
ھەر قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان ئۆز ناۋا-ھېسسى.

ئۆز يۈرىكىم ئۇرۇپ تۇرار ھەربىر ناخشامدا،
شىجائەت ھەم قارامىلىقتا شۇنچە سوغۇق قان.
دولقۇنلىغان قانلىرىمنىڭ جۇشقۇن ئەۋجىدە
بار زەلىلى، ئابدۇخالىق قالدۇرغان ئارمان.

بار ئېڭىمدا شۇپېنخوئېر مىسكىن سايىسى،
ھېسلىرىمدا نىتسىنىڭ سوغ كۆلكىسى ياڭراق.
بولسىمۇ گەر ئالا-تاغىل مەن ئېيتقان ئاھاڭ،
مەنسۇپ ھامان ئۆز ئېلىمگە، خەلقىمگە بىراق.

## قاي ئويلاردا، قاي كۆزدە باقساڭ ئەگەر ئالەمگە

قاي ئويلاردا، قاي كۆزدە باقساڭ ئەگەر ئالەمگە،
شۇ ئويۇڭدەك، كۆزۈڭدەك دۇنيا ساڭا كۆرۈنەر.
بەرق ئۇرسا ھېسلىرىڭ ئوخشاپ سۆيگۈك-لالەڭگە،
تاتلىق دەملەر بەھرىدىن دىلىڭ يايراپ سۆيۈنەر.

قاي ئويلاردا، قاي كۆزدە باقساك ئەگەر ئالەمگە،
شۇ ئويۇگدەك، كۆزۈگدەك دۇنيا ساڭا كۆرىنەر.
تېشىپ قەھرىك ماگمىسى يۈزلەنسە گەر پەلەككە،
ۋۇجۇدۇگدا ئوت ئېلىپ پۈتمەس ئىسيان تۆرىلەر.

قاي ئويلاردا، قاي كۆزدە باقساك ئەگەر ئالەمگە،
شۇ ئويۇگدەك، كۆزۈگدەك دۇنيا ساڭا كۆرىنەر.
قۇچاق ئاچسا قۇت قىزى ئوخشاپ ئۆمرىك ئايەمگە،
ئېتىكىڭگە مۆلدۈرمۇ گويا دۇر بوپ تۆكىلەر.

قاي ئويلاردا، قاي كۆزدە باقساك ئەگەر ئالەمگە،
شۇ ئويۇگدەك، كۆزۈگدەك دۇنيا ساڭا كۆرىنەر.
سەرسان روھىك شولىسى ياغدۇرسا مۇك خانەڭگە،
مىسلى ماتەم كويىدەك ئاڭلىنار شاد كۈلكىلەر.

قاي ئويلاردا، قاي كۆزدە باقساك ئەگەر ئالەمگە،
شۇ ئويۇگدەك، كۆزۈگدەك دۇنيا ساڭا كۆرىنەر.
تۇغقان ئېلىك، ئۆز يېرىك مەلھەم بولسا نالەڭگە،
ئەزرائىلمۇ خىزىردەك ساڭا يىللىق بىلىنەر.

قاي ئويلاردا، قاي كۆزدە باقساك ئەگەر ئالەمگە،
شۇ ئويۇگدەك، كۆزۈگدەك دۇنيا ساڭا كۆرىنەر.
قانسا ئەگەر ئارمانلار بارغان كەبى ھەرەمگە،
تۈنمۇ گويا بىر قۇياش، بىر تاڭ بولۇپ سېزىلەر.

## تۇپاك ئۆزرە تۈنجى قەدەم بېسىلغان مەھەل

ھارغىن دولقۇن قىرغاقلارنى باغاشلاپ مەيىن،
ئۈنتۈپ قالغان كەبى ئاندا چارچاشنى تۇگەل.
ئۈنتۈلاركەن دىل زارىدىن پۈتۈلگەن قىسمەت،
ئۈنتۈلاركەن ۋىسال ئۈچۈن بەرگەن مىك بەدەل.
يىتەر ئىكەن خىياللاردىن ھەممە بىرپەستە،
ھەيۇس نىگاھ، چېھرىلەردە چاقناپ زەر ئاتەش،
تۇپاك ئۆزرە تۈنجى قەدەم بېسىلغان مەھەل.

غەيرەت ئابدۇراخمان

# يوللىرىمدا نۇرلار تاشقىنى

## ياشلىق خاتىرىلىرى

1

يولغا سالدىم چارەك ئەسىرنى،
ئۆمۈر بويى تاپمىدىم تىنىم.
يۈتتۈۋەردى ھەر خىل ئۆتكەللەرنى،
تور رومالغا ئورانغان زېمىن.

ۋاقىتلىقتۇر ئالەم ۋە ھايات
ۋاقىتلىقتۇر قايغۇ ۋە ئۆكسۈش.
چاقىرىدۇ ۋىسال قوينىغا،
چىمەنلەردە كۆرگەن شېرىن چۈش.

غايىب ۋىسال، تىلسىم شېرىن چۈش،
قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ قويار.
شوخلۇق قىلىپ دېرىزىلەردە،
تاتلىق - تاتلىق كۈلىدۇ باھار.

2

يىگىتلىكنىڭ بوسۇغىسىنى،
بىلىپ بىلمەي باستىم تەمتىرەپ.
رېئاللىقنى يۈتتى خىياللار،
نازۇك ھېسلار ئاشتى ھەسسىلەپ.

كۆرۈنەتتى كۆزۈمگە ھەممە،
بىر ماڭىلا قىلغاندەك سالام.
بىلىنەتتى ئالتۇن يۇلتۇزلار،
تەئەللۇقتەك ماڭىلا تامام.

تاڭدەك پارلاق، ئاتەش سۆيگۈدىن
باشلىنۋەتتىم تۈنجى ناخشىنى.
چېچەكلىدى تاشلارمۇ ھەتتا،
يوللىرىمدا نۇرلار تاشقىنى.

3

تېلىققاندا ھارغىن روھلىرىم،
تۈزۈلۈپمۇ قالاركەن ئېۋەن.
سەۋدالىقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ،
خىياللارغا پاتىمەن بەزەن.

قېنى ئاشۇ ئېرىق بويىدا
كۈلكە سوۋغا قىلغان يالپۇزلار.
قېنى كۆكتە كۆزىنى قىسىپ
چاقچاق قىلغان يارقىن يۇلتۇزلار.

ئۇخلاپ قاپتۇ يالپۇزنىڭ ھىدى،
دىماغلارغا ئېتىلماس پەقەت.
مۆكۈنۈپتۇ بۇلۇت كەينىگە
يۇلتۇزلارمۇ يۈتكىنىچە دەرد.

4

تاڭ قۇياشى كۆز ئېچىپ يىللىق،
يوللىرىمغا چاچقىنىدا نۇر.
مەن قايتىدىن بولدۇم زەبەردەس،
رەستىلەردە غادايدىم مەغرۇر.

زوقۇم تۇتتى تۇرۇپلا شۇنداق،
دۇتارىمنى چالدىم ھەۋەستە.
شادلىق كۈيى ياڭراپ، ئالدىمغا
ئەتىر گۈلدىن تۆكۈلدى دەستە.

پارىسكىتىكى نەرگىس گۈللىرى
كۈن نۇرىدا يۇمدى كۆزىنى.

سەۋەبىنى سورىسام ئېيتتى،
ئۇيات يۇتۇپ ئاپتۇ سۆزىنى.

سەۋدالىقىم تۇتتى قايتىدىن،
باشلىۋەتتىم سەينادا ساما.
تور رومالنىڭ ئاراشلىرىدىن،
سوۋغا قىلدى كۈلكىنى دۇنيا.

كۈلكە ئالدىم ھاياتىم ئۈچۈن،
ھەسرەتلەردىن ئاجرىتىپ، بۆلۈپ.
يىغلىسامۇ كۈلۈپ يىغلايمەن،
ئۆلسەممۇ ھەم ئۆلىمەن كۈلۈپ.

## چېكىلگەندە قەلبىم تارىسى

بوغۇنۇقان تەلۋە ھېسلىرىم،
سېنى ئىزدەپ چېكەر ئىزتىراپ.
يېتىمسىرار شوخ تىنىشلىرىم،
بوشلۇقلاردا يىتكەندە جاۋاب.

سەۋدالارنى باشلايدۇ ئاستا،
قايتىلانماس شۇ رەڭدار چۈشلەر
پەپىلەيدۇ يىگىرمە ياشتا،
ئىنتىزار بوپ شېرىن كۈتۈشلەر.

نۇر دەستىسى چاچقان زەر يىپلار،
تىنىقلارنى ئۇلاشقا خۇشتار.
چۈشۈمدىكى قىياپەت، تىپلار،
زەر يىپلاردىن ياسايدۇ زىلتار.

چېكىلگەندە قەلبىم تارىسى،
ساما سالار بىر توپ ھۆر-پەرى.
بېسىققاندا زەخمەت يارىسى
كۈلەر كۆكنىڭ سانسىز ئەختەرى.

## يىگىتلىكنىڭ كۆپتۈر داۋنى...

يىگىتلىكنىڭ كۆپتۈر داۋنى،
ھەر قەدەمدە سالىدۇ چىماق.
بۇ ھاياتنىڭ يىرتقۇچ قاۋنى،
مىڭ بىر توراپ ئالىدۇ سىناق.

دەپىن قىلار غەمسىز كۈلۈشنى،
ئەسىرلەرنىڭ ئانىسى يىللار.
سوۋغا قىلار خىيال سۈرۈشنى،
يىگىتلىككە قول بەرگەن دىللار.

## ئاھ ، سەن ...

(سۇنېتلار)

1

ئۇنتۇغانتۇق غەملەرنى تۈگەل،
كۈلكىلەرگە كۆمۈپ دۇنيانى.
شۇ كۈلكىگە بەردۇق كۆپ بەدەل،
ئەسلەتتۇق بىز بۇلبۇلگويانى.
ئىككىمىزدىن قالغان شۇ سۆيگۈ،
بىزنى تېخى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ.
تاپالمايدۇ، يۈرىدۇ مەڭگۈ،
غازاڭلاردا كىم بىخ كۆرۈپتۇ.

سىر تۆكۈشكەن شۇ گۈزەل پەسىل،
بىزگە مەڭگۈ ھەمراھ دەپتىمەن.
ئەستىن چىقسا يۇلقۇنۇپ ئەقىل،
ئايلىناركەن چۆللۈككە گۈلشەن.
ئۆرتەنگەندە ھەسرەتتە بۇ دىل،
دېيەلىدىم پەقەتلا : ئاھ ،سەن...

2

تاپالمىدىم ئىزدەپمۇ سېنى،
قەيەرلەرنى تۇتتۇڭكىن ماكان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلمىدىڭ سەن سۆيگۈ قەدرىنى،
ھەسرەت چەكمە ئەمدى كۆپ جانان.

قەلبىم تومۇز تەپتىدە يېنىپ،
ئۆچتى ئاخىر ھۇۋلىدى بوران.
خىياللارنىڭ قۇشىغا مىنىپ،
قامغاق كەبى يۈرىسەن سەرسان.

بىر كۈلكىگە ھەمراھ بىر يىغا،
ھەممىسىنىڭ ھەددى ــ چېكى بار.
نىسپىي ئالەم ھەممىگە گۇۋاھ،
ئەسلىمىدەك قىلىدۇ ئىزھار.
يۇلتۇزلارغا ھارغىن قارايمەن،
پىچىرلايدۇ لەۋلىرىم: ئاھ، سەن....

3

ۋىسال ئۆزى شېرىن مەي دېمەك،
تور باسىدۇ كۆزلەرنى تال ـ تال.
ھىجرانىغىمۇ چىدىماق كېرەك،
زەر چاچىدۇ شۇندىلا ۋىسال.

تېنىنگەندە ھىجراندا ئادەم،
جانان ھېسلار باشلار ئاڭا يول.
ئاھ، شۇندىلا يورۇيدۇ ئالەم،
چاڭ سالالماس شەيتان ھازازۇل.

سۆيگۈ دېمەك شادلىق ۋە ئازاب،
ئەقىدەڭنى سىنايدۇ ھىجران.
ۋايىسا قىلار سۆيگۈنى خاراب،
جاۋاب بېرەر ھەممىگە ۋىجدان.
شاد ئەتەمنى كۆرىمەن روشەن،
ئۇنتۇلغاندا پەقەتلا ئاھ سەن...

تۇرسۇن ئىمىن

## سەن بىلەن مەن بولدۇم بەختىيار

### ۋەتەن ئىپتىخارى

نامىڭنى يادلىسام ئانا ۋەتىنىم،
جۇش ئۇرار دىلىمدا پەخىر ـ ئىپتىخار.
سېنىڭسىز ئېتىلەر تەلەي يوللىرىم،
سەن بىلەن مەن مەڭگۈ بولدۇم بەختىيار.

ئالەمگە كۆز ئاچتىم قۇچاقلىرىڭدا
مېھرىڭگە بۆلەندىم، بىلمىدىم رىيا.
ئۈستۈردۈك، قاباھەت بىر تۆپە بولسا،
ۋىجدان ۋە ئىمانىم بولدى بىر قىيا.

گۈزەلسەن، بەرناسەن، كارامەتلىكسەن،
قانمىدىم ئۆمرۈمدە ھۆسنۈڭگە بېقىپ.
ھاياتىم چىرىغى ئۆچىدۇ جەزمەن،
تۇرمىسام باغرىمنى باغرىڭغا يېقىپ.

### غەزەل

نىگارىم كەلمەي قېشىمغا ۋەسلىنى پىنھان ئەيلىدى،
تاشلىدى ھىجران چۆلىگە مېنى سەرسان ئەيلىدى.

تەلمۈرۈپ باقتىم يولىغا، كۆزلىرىمدە ئۈنچە ياش،
يەتمىدى ھالىمغا ئەسلا جانىمنى نىمجان ئەيلىدى.

ئوي - خىيال مۈلكىنى كەزدىم ئۈيقۇسىزبىدارىمەن،
كەلمىدى، پۈكۈلدى قەددىم، زەپ پەرىشان ئەيلىدى.

ئۈلغىيىپ پىراق لاۋاسى تەپتىدە ياندى ۋۇجۇد،
بۇ ئەزىز كۆڭلۈمنى چۆل، باغرىمنى گۈلخان ئەيلىدى.

تاشتى تاقەت كاسەسى بولمىغاچ ئۈندىن ئۈچۈر،
ئاھ ئۈرۈپ قالدىم نىھايەت باغىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

سۆيگۈ باغىدا چىنارنىڭ ياپرىقى قالدى سۇلۇپ،
دىگىنىم يايرىم ۋاپادار، ئەلنى ھەيران ئەيلىدى.

## ئىلھام پەرىسى

كەل مەرھابا ئىلھام پەرىسى،
ھىمرىلىشىپ تاپايلى ۋىسال.
سەنسىز ياشاش، سەندىن ئايرىلىش،
مىنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ ئىغىر ھال.

كەل دىلبىرىم روھىمغا ياماش،
ۋە بول ماڭا مەڭگۈلۈك قاياش.
سەن داچىساڭ ئۇشبۇ ھاياتنا،
قالماس ھەرگىز مىھىر ۋە ئاياش.

## مەن ياشمەن

مەن ياشمەن، بىر ئۆمۈر ياشلىقىم كەتمەس
سەن مىنى «ياشاندىڭ» دىمە ئوينىشىپ.
سەۋەبى: ھاياتىم مەنىسىز ئۆتمەس،
گەر يىشىم ئۆتسىمۇ يىللار قوغلىشىپ.

قارىغىن: كۆزۈمدە ياشلىق ئۈچقۇنى،
چاقنايدۇ چولپاندەك نۇرلىنىپ ھەردەم.

ياندۇ يۈرەكتە ياشلىق يالقۇنى،
شۇڭا مەن زەبەردەست چىناردەك بەردەم.

سەپەردە كارۋانمەن يوللار ئاچقۇچى،
داۋانلار ئاشمەن توختىماي ھەرگىز.
مەنزىلگە يەتمەستىن قايتمايمەن ئەسلا،
ئىرادە دىگەن ئۇ ئۆلمەس ئوق يىلتىز.

چۈشەنسەڭ چىكەمگە چۈشكەن ئاق ئىزلار،
ئاق ئەمەس، ئەجرىمدىن ئىچىلغان چىچەك.
ئويلاپ باق: باغ ئارا چىچەك ئىچىلسا،
دىمەس كىم گۈلباھار يىيىپتۇ ئىتەك؟

## ئۈيالغان يوپۇرماقلار

تىپىشقاندا ئاشىق - مەشۇقلار،
باغ ئىچىدە گۈلزارلار ئارا.
يايراپ كەتتى چاۋاكلار چىلىپ،
ئاشىقلاردەك يىشىل ياپراقلار.

www.uyghurkitap.com

چارلاپ كەتتى گۈللەرنى ئاستا،
پەرىشتىنىڭ پىچىرلاشلىرى.
كۆيلەپ كەتتى جۇشقۇن بۇلاقلار،
خويمۇ ئىسسىل شىلدىرلاشلىرى.

يۈرەكلەرگە ئوتلۇق لەۋلەردىن،
كەۋسەر قەترە قۇيۇلۇپ قالدى.
تىنىچلاندى بىردىن ياپراقلار،
بەلكىم ئۇلار ئۇيۇلۇپ قالدى.

ئەخمەتجان ياسىن

# نۇرلارنى باشلايمەن ئەۋلاد قەلبىگە

## بىر شېئىرنىڭ خىتابى

ئەي شائىر ياراتتىڭ مېنى ئالەمگە،
پۈتتۈردۈم سۈت كەبى قەغەزگە ئاپئاق.
تەھرىرنىڭ ئالدىدا يۈز ئاچتىم مەغرۇر،
زوقلىنىپ باقتى ئۇ تۇرقۇمغا ئۇماق.

هايالسىز ئۆتتۈم مەن قولدىن-قوللارغا،
ۋە باقتىم كۆزلەرگە ئويناپ، ئەركىلەپ.
ئاھاڭغا سېلىشتى كومپوزىتورلار،
بەزىلەر لېنتىغا ئالدى قەدىرلەپ.

دەيدىكەن: ناخشىنى گۈزەللىك كۈيى،
ناخشىدىن كۆڭلىمىز ئېچىلغاي كۈلۈپ.
ناخشىسىز بۇ دۇنيا قاراڭغۇ زۇلمەت،
ياشايمىز ناخشىدىن پەيزىلەر سۈرۈپ...

مەن دەيمەن: شائىرنى ئاجايىپ ئادەم،
سۆيگۈسىز ئۇنىڭدىن تۇغۇلماس شېئىر.
شېئىرسىز چاقنىماس شېئىردەك ھايات،
شېئىرسىز ئۇرغۇماس دىللاردا مېھىر.

شائىرنىڭ قەلبىدۇر — بۇ كەڭرى ئالەم
يازىدۇ شېئىرنى سۆيگۈ ئۈمىدتىن.
ئالەمنىڭ قەلبىدە باردۇر ھەم شېئىر،
ئۇ پەقەت تۇغۇلار يىغلاش-كۈلۈشتىن.

## قەلەمدىن سادا

قۇلاق سال خالايىق ئۈنۈمگە مېنىڭ،
نەزمىلەر بابىدىن كۈيۈمگە مېنىڭ.
ئىزھارىم يۈرەكتىن چاقنىغان يۇلتۇز،
ئاقلايمەن ھەمىشە ئۈمىدنىڭ سېنىڭ.

قانىتىم تالمايدۇ پەرۋاز قىلىمەن،
ھېكمەتلەر كۆكىدە بۈركۈتتەك بولۇپ.
نۇرلارنى باشلايمەن ئەۋلاد قەلبىگە،
ياشنايمەن باھاردەك گۈللەرگە تولۇپ.

دۈشمەننىڭ كۆكسىگە مەن ئالماس خەنجەر،
هايالسىز تىلىمەن توسقۇننى گويا.
ھەر زەررە باغرىدىن ئىزدەيمەن سۆيگۈ،
كۈيلەيمەن چىنلىقنى ئىلھامىم دەريا.

بەزىدە باغلاردىن توپلىسام سۈرەت،
بەزىدە تاغلاردا قالدىم شادلىنىپ.
مۇھەببەت - نەپرىتىم ئېنىق ھەممىدىن،
بۇ بىر سەپ تۇرىمەن دائىم ئاتلىنىپ.

ئاھ، مېنى دۇلدۇلۇم دەيدۇ شائىرلار،
چىنلىق ۋە گۈزەللىك ماڭا جۈپ قانات.
چوققىلار باغرىدا قالسا ئىزلىرىم،
سادايىم ئەۋجىدىن كۈلىدۇ ھايات.

ھاياتتىن ئارتۇق كۆچ يوقتۇرمەن ئۆچۈن،
سۇ ئىچەر چەشمەمدىن مىلليونلار دىلى،
ئاي يۈزلۈك. پەرىلەر ئوينىشار ئۇسسۇل،
جور بولۇپ نەزمەمگە غەزەلخان تىلى.

چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر بەرگىدە،
چاقنىغان شەبنەممۇ بولۇپ قالىمەن.
سۆيگۈسىز ئۆتمىسە دەيمەن ھەر بىردەم،
ئاپتاپتەك ھېسلارغا تولۇپ قالىمەن.

شائىرنىڭ يارىمەن ھەمدە بارىمەن،
ھۆسنىگە ھۆسنلەر تۆككەن ئالەمنىڭ.
گۈللەرنى كۆيلەيمەن قىيامەتكىچە،
كۆيچىسى مەن مەڭگۈ ئۇلۇغ ئادەمنىڭ!

## دوستلۇق

ئىرمىشىپ - چىرماشقان تۇتاش يىلتىزدەك،
دوستلۇقنىڭ رىشتىدىن توقۇلغان ئالەم.
سۇلار گۈل، سۇلمايدۇ دوستلۇق گۈللىرى،
تامىلىرى دوستلۇقتىن سوقۇلغان ئالەم.

دوستلارسىز دىللاردا مەڭگۈ باھار يوق،
دوستلارسىز چېچىلماس گۈللەر ئىپارى.

دوستلارسىز داۋان بار يۈرگەن يوللاردا،
دوستلارسىز يالجىماس سۆيگۈ دىيارى.

ئارزۇگۈل ئىمىن

## ياشنىسۇن باھاردەك مەڭگۈ سۆيگۈمىز

يۈرەكنىڭ تارىغا ئۇرۇلدى زەخمەك،
ئويغاندى دىلىمدا بىر سېھىردي سەزگۈ.
بىر ئوماق سەبىيگە ئايلاندى دۇنيا،
بۇ بەلكى خۇشتارلىق، بۇ بەلكى سۆيگۈ.

سەن ھايات قۇياشىم جان بەرگەن ماڭا،
چاقنىغان ئالدىمدا چولپاندەك كۆزۈڭ.
سېنىڭسىز قاپقارا زۇلمەت بۇ جاھان،
نۇر بېرىپ قەلبىمنى يورۇتار سۆزۈڭ.

كۆلمەيدۇ ئىشقىڭسىز پەسلىم، باھارىم،
چىراغسەن يولۇمنى يورۇتقان ھامان.
ھاياتىم بىر ئۆمۈر تەئەللۇق ساڭا،
كەل نىگار، قالمىسۇن دىللاردا ئارمان!

ياپراقلار قۇياشتىن ئالسا ھارارەت،
يىلتىزلار تۇپراقتىن نۇر ئىمەر ھامان.
ياشنايدۇ باھاردەك مەڭگۈ سۆيگۈمىز،
قەلبىمىز چاقنايدۇ يۇلتۇزلارسىمان.

# ھاياجان ئىلكىدە قالدى ئاي دالا

## ھېكمەت

سوئالىم بار ساڭا جاۋاب بەر دانا،
كۆرەشسىز دۇنيادا بولامدۇ مەنا.
چاقمىسا گەر چاقماق ياغمىسا يامغۇر،
خۇش كۈلۈپ قارامدۇ ساڭا گۈل - رەنا؟

يىغلىما. بېشىڭغا قايغۇ چۈشكەندە،
مەڭگۈ دەپ خۇشلىقىم كەتمە كۆرەڭلەپ.
كۆكلىمى بار گۈلنىڭ باردۇر قىشى ھەم،
ھەر ئىشنىڭ چېكى بار كەتمە ئۆرەنلەپ.

www.uyghurkitap.com

ئېرىشكەن نەرسىنىڭ قەدرى بولمايدۇ،
ئالدامچى ئالتۇنلار كۆيدۈرىدۇ جان.
يۇرتۇمنىڭ ھۆسنىنى بىلمەن دېسەڭ،
ياقا يۇرت باغرىدا بولغىن سەرگەردان.

ئاپتاپنىڭ قەدرىگە يەتمەيمىز ھامان،
بولمىسا جۇدۇنلار، چىقمىسا بوران.
يامانىنىڭ قولىدا خارلانماي تۇرۇپ،
ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ ئىنسان.

## تەبىئەت

بوۋاقتەك ۋىلىقلاپ كۈلگەندە قۇياش،
ئېرىدى ئاندەك سۆيۈملۈك تۇپراق.
ھاياجان ئىلكىدە قالدى ئاي دالا،
دېيىشتى ياپيېشىل تون كىيسەك پاتراق.

سۆيگۈگە ئوخشايدۇ سۆيۈملۈك ئاپتاپ،
مۆجىزە چاچقىلى تۇردى بۇ تۇپراق.

مەي ئىچمەي مەست بوپتۇ رەڭگارەڭ گۈللەر،
ئاسمانىنى سىزەتكە تارتىدۇ قىرغاق.

ئېگىنى كىمخابتىن ياتىدۇ ئەتراپ،
مەجنۇنتال چۆمۈلەر چېچىنى تاراپ.
كۆلمەكتە تەبىئەت دوستلىرى ئۈچۈن،
ھوشۇمنى يوقاتتىم ھۆسنىگە قاراپ.

دىلەيسەم مۇھەممەت (ئوقۇغۇچى)

# تاغلارمۇ سەن، باغلارمۇ ھەم سەن

### دادامغا

كەتتىڭ دادا كەلمەس سەپەرگە،
كەل دېسەممۇ كېلەلمەيدىغان.
ئوماق قىزىڭ ھال - ئەھۋالىنى،
بىل دېسەممۇ بىلەلمەيدىغان.

قانمىغانسەن دادا سەن ماڭا،
قانمىغانتىم مەنمۇ ساڭا دەل.
كېتىپ قالدىڭ ئەجەب مەزگىلسىز،
رەھىمسىزدۇر نېمانچە ئەجەل.

ئاغزىڭغا سۇ تېمىتالمىدىم،
بولالمىدىم دەردىڭگە دەرمان.
يىغلىماقتىن باشقا چارەم يوق،
تاغدەك باسار دىللارنى ئارمان.

كەتتىڭ دادا كەلمەس سەپەرگە،
كەتتىڭ بىزدىن مەڭگۈگە يىراق.
تىلەكىم شۇ ساڭا يار بولغاي،
خاتىرجەملىك، مەخمەلدەك تۇپراق.

### ئانامغا

گۈلدەستىلەر تىزدىم ئاۋايلاپ،
سېنىڭ ئۈچۈن چىمەندىن ئانا.
سېنىڭ قەلبىڭ، سېنىڭ يۈرىكىڭ،
بەرگىلەردە تۇرۇپتۇ مانا.

كىچىك قالدىم ئاتامدىن بەكمۇ،
سەنمۇ قالدىڭ مىسكىن تۇل بولۇپ.
ئۈمىدلىرىڭ تۇل ئەمەس ئىدى،
ياشىمىدىڭ ھەرگىز قۇل بولۇپ.

بىزسىز ئۆتمەس كېلەڭدىن ھەرگىز،
بىر بۇردا نان ۋە بىر تال گىياھ.
يۈرىكىڭدە ساقلىدىڭ بىزنى،
ۋە كۈتۈردىڭ بولۇپ بىر قىيا.

پەرىشتىسەن، بۈۋى مەريەمسەن،
ھەممىدىن پاك، ھالال، مۇقەددەس.
تاغلار سېنىڭ قامىتىڭ بەلكى،
مەڭگۈ غالىب، مەڭگۈ زەبەردەس.

**ئەخمەت تۇردىيېۋ**

## ئانا يۇرت

قويىنۇڭدا ئۆتتى مېنىڭ بالىلىقىم،
ئەي ئەزىز ئانا يۇرتۇم توققۇز تارا.
كۆرەشچان يىللار بىلەن ئۆتتى ياشلىق،
چۈشتى ئاق باشلىرىمغا مانا قارا.

تولىمۇ نامرات ئىدىڭ ئۇ چاغدا سەن،
بىلەلمەي ئۇنىڭ سىرىنى ھەيران ئىدىم.
ئەركىنىڭ ھىجرانىدا كۆيۈپ ئوتتەك،
مەجنۇندەك چۆللەر كېزىپ سەرسان ئىدىم.

يوقسۇزلۇق، تەڭسىزلىكنىڭ تۆمۈر پەنجى،
سىقاتتى خەلقىمىزنى بۆلەكچىلا.
ئۇچاتتى بېشىمىزدا ئەجەل قۇشى،
قالاتتى تىلىكىمىز تىلەكچىلا.

ئىشلىسە قىشى - يېزى دېھقان ئاكام،
قالاتتى كۆزدە تۇتۇپ قۇرۇق ئارا،
تويغۇدەك زاغرىمۇ يوق، ئەگلى جۇلجۇل،
ئازابتىن بولغانىدى قەلبى يارا.

ئازادلىق كەۋسىرىدىن قېنىپ يۈرەك،
ياشىرىپ راسا كۆلدۈق بەختىمىزدىن.
ئاتلاندۇق يەڭنى تۈرۈپ سەپكە بىزمۇ،
تېخىمۇ بەخت كۈتۈپ ئەتىمىزدىن.

قوغلىشىپ ئۆتتى يىللار ئەمدى بۈگۈن
خۇشلىقىم تەنگە سىغماي قالدى يۇرتۇم.
گۈل كەبى جامالىڭغا تويماي قاراپ،
دەريادەك دولقۇنلىنىپ تاشتى زوقۇم.

كۆركىرەپ داللارنى چاك كەلتۈرۈپ،
چېپىشار تىراكتورلار ھەر تەرەپتە.
خۇددى توي، خۇددى بايرام ئېتىز قوينى،
ئۆم - ئىناق بارچە مىللەت بىر نىيەتتە.

دېھقانىنىڭ تۇرمۇشىغا نەزەر سالسام،
مولچىلىق كۆڭۈللەرگە بېرەر ھۇزۇر.
باغلاردا مېۋە - چېۋە، قوتاندا مال،
كاتلاردا ئاشلىق زاپاس، ئۆيلەر پۇزۇر.

دەيمەنكى خۇشلىقىمدىن ئۆز - ئۆزۈمگە،
ئەڭ بۈيۈك كومپارتىيە شاپائىتىڭ.
چۈش ئەمەس ياكى خىيال كۆرگەنلىرىم،
ئۇ سېنىڭ ئالەمشۇمۇل كاراماتىڭ.

ئەي ئەزىز ئانا يۇرتۇم توققۇز تارا،
گۈللىنىپ تولغىن تازا رۇخسارىڭغا.
ئەجرىمدىن مەزمۇن تېپىپ كۆلەي مەنمۇ،
گۈل چېكىپ ئايدەك گۈزەل جامالىڭغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەتجان مەخسۇم

# پاك سۆيگۈگە تولغان بۇ ئالەم

## يىگىت قەلبى

ھاڭا سالغان بۇ ئوتنى خۇدا
نە سەۋەبتىن سالمىدى ساڭا.
يېتەلمىسەم سىنىڭ ۋەسلىڭگە،
بۇ دۇنيادىن ئۆتىمەن تەنھا.
سۆيگۈ ئۈچۈن يارالغان ئادەم
سۆيگۈلەرگە تولغان بۇ ئالەم.
كىمكى قالسا سۆيگۈدىن مەھرۇم،
باسار شۇنى سۇكۇنات، ماتەم.
دىل قەسرىمنىڭ ھۆكۈمرانىسەن
باقالمايمەن ئۆزگە رەناغا.
مەھەللەڭ تامان كېتىپ قالىمەن،
بۇنى جوراي قايسى مەناغا.
ھەستانىمەن يۈرۈيمەن بىھۇش
تەگىپۇگلۇقنى يوقاتقان بەدەن.
نە تارتقۇلۇق ياپ - ياش تۇرۇپلا،
سۆزلىرىمدىن ئازىمەن بەزەن.
سېھىرلىدىڭ ئەقلىمنى تامام
سەن شەيتانمۇ ۋە ياكى ئادەم.
پاك سۆيگۈمچۈن باغلاپ ئەقدە
سۆيگۈمىزگە تۇتىمەن ماتەم.

## كۈشەندە

قاتتىق ياغاچنى،
تەشتىم دەپ قۇرت.
ئاپتاپ سۇنۇپ،
ياتاتتى مەغرۇر.
قورشاپ ئېلىپ،
بىر توپ چۈمۈلە.
باستى ئۇنى
يېدى بەھۇزۇر.

## تەشنالىق

تىمتاسلىقتا —
چۆككەن خاس ھۇجرا.
پەر ياستۇقتا،
باش قويغان لېۋەن.
ئازاب بىلەن ئۆرتىنىپ قەلبى،
يىگىتكە قارايدۇ بەزەن.
لېكىن يىگىت
شامنىڭ تۇۋىدە،
تەپەككۇرى كېزىدۇ ئالەم.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

سائادەت ياسىن

# گۇمان

(ھېكايە)

مېھمانلار قايتقاندىن كېيىن ئابىت يېڭى ھۇجرىغا كىردى. گۈزەلنۇر ئاق شايىدىن تىكىلگەن توي كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى قوش كىشىلىك لۆم - لۆم كارىۋات ئۈستىگە يايغان ھالدا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۈگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ باشقىچە گۈزەل بولۇپ كەتكەنىدى. ھال رەڭ چىراغنىڭ نۇرى ھۇجرىنى سۈس يورۇتۇپ تۇراتتى. ئابىت ئاستاغىنە گۈزەلنۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى. ئىككىيلەن ئۈن - تىنسىز ھالدا بىر - بىرىگە تىكىلىشتى. گۈزەلنۇرنىڭ تال - تال كىرپىكلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ، كىلاستەك قىزىل لەۋلىرىنى بوشقىنە چىشلەپ قويدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ چامىداندىن بىر تۈگۈنچەكنى ئالدى ۋە ئۇنى يېشىپ، ئىچىدىن بىر ئاق شايى ياغلىقنى چىقاردى، ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن چىمداپ تۇتۇپ ئۇنى يەرگە ساڭگىلاتتى. ياغلىققا «بىزنى ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق كۈچ ئايرىۋېتەلمەيدۇ» دېگەن خەت كەشتىلەنگەنىدى.

— ئابىت، — دېدى گۈزەلنۇر ئابىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ئىككىمىز توي كۈنىنى بېكىتكەندە مۇشۇنداق دېيىشكەنىدۇق. مەن ئۇنى ئاپامنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېچىلەردە ئۇخلىماي كەشتىلەپ چىقتىم. بۇ بىز ئۈچۈن خاتىرە بولۇپ قالىدۇ. توغرىمۇ؟

ئابىت شايى ياغلىقنى قولىغا ئالدى - دە، بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئاستىغا يەكشەنبە دەپ يېزىپ قويايلى، — دېدى.

— ياق، جۈمە، دەپ يازايلى.

— نېمىشقا، بىزنىڭ تويىمىز يەكشەنبە كۈنىدە بولغان تۇرسا؟!

— مېنىڭ تونۇشقان كۈنىمىزنى خاتىرىلىگۈم بار، ئۇ جۈمە كۈنى ئىدىغۇ.

راست، ئۇلار جۈمە كۈنىدە تونۇشقانىدى. شۇ كۈنى يۈز بەرگەن ئىشلار ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆز ئالدىدا قايتىدىن گەۋدىلەندى.

بىر جۈمە كۈنى ئابىت مەقسەتسىزلا كوچىغا چىقتى. ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىدا كېتىۋېتىپ، ئالدىدا تۇرغان بىر قىزنىڭ قولىدىكى كىچىككىنە سومكىغا بىر يانچۇقچىنىڭ ئىككى بارمىقىنى تىقىپ بىر نەرسىنى قىسىپ تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يانچۇقچىنىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى ئامبۇردا قىسقاندەك قاماللاپ تۇتۇۋالدى ۋە يانچۇقچى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى، لېكىن يانچۇقچىنىڭ شېرىكى تۆمۈر مۇشت بىلەن ئابىتنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. كېيىن ئابىت نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزمىدى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىنى بىلدى. بىر قىز ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

— سىز كىم بولىسىز؟ مەن نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ — دېدى ئابىت.

— ئىسمىم گۈزەلنۇر، سىز ماڭا ياردەم قىلىمەن دەپ يارىلاندىڭىز.

ئابىت ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى قىز ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى. ئۇ قىزنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى، ئۇزۇن ھەم قويۇق كىرپىكلىرىنى، نۇقسانسىز گۈزەل جامالىنى تاماشا قىلدى. قىز بىر نەچچە كۈنگىچە ئابىتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى... ئۇلار ئاخىرى توي قىلدى. بىر نەچچە ئايغىچە ئۇلار بەختلىك ياشىغان بولسىمۇ، كېيىنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بەختسىزلىكنىڭ قارا كۆلەڭگۈسى چۈشتى.

— ئابىت، گۈزەلنۇر خېنىمنىڭ بىرەر ئىشى سىزنى قىزىقتۇرامدۇ؟ — دېدى ئابىتنىڭ بىر قىز ساۋاقدىشى.

— سىزگە ئايان، مەن ئۇنىڭ ھەممە ئىشىغا قىزىقىمەن.

— ئەگەر ئۇ بىرەر يىگىت بىلەن بۇلۇڭ-پۇشقاقتا پىچىرلىشىپ يۈرسە ئۇنىڭغىمۇ قىزىقامسىز؟

— مەن سىنىڭ بىزگە ئاخىرى بىر كۈندۈلىسىزلىك كەلتۈرىدىغانلىقىڭنى پەرەز قىلغانىدىم.

— ئىشەنمىسىڭىز ئۇنى كۆزىتىپ بېقىڭ.

— مەن كۆزىتىشنى ياقتۇرمايمەن، مېنىڭ ئايالىم ھازىر ئانا بولۇش ئالدىدا.

— ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام ئەتە چۈشتىن كېيىن خەلق باغچىسىدىكى قوش غاز ھەيكىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولاتتىم!

ئابىت ئۆيىگە قايتىپ كەلدى-دە، كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ سوزۇلۇپ ياتقىنىچە خىيالغا چۆمدى. ئۇلار بىر-بىرىگە سادىق بولۇش توغرىسىدا قەسەم ئىچىشكەن ئىدىغۇ! شايى ياغلىقتا كەشتىلەنگەن خەتلەرچۇ! دېمەك، ھەممىسى يالغان، ئالدامچىلىق ئىكەن-دە، بىردىنلا ئابىتنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ ئاغرىپ كەتتى.

ئەتىسى ئابىت خەلق باغچىسىغا بېرىپ، قوش غاز ھەيكىلىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈككە يوشۇرۇنۇۋالدى. ئۇ كۆڭلىدە گۈزەلنۇرنى بۇ يەردە ئۇچراتماسلىقنى، ھېلىقى قىز ساۋاقدىشىنىڭ سۆزلىرىنىڭ يالغان چىقىپ قېلىشىنى خالايتتى. لېكىن ئۇ گۈزەلنۇرنى مۇشۇ يەردە راستتىنلا كۆرۈپ قالدى. گۈزەلنۇر بىر يۇمىلاق ئۈستەلگە جەينىكىنى تىرەپ بىر يىگىت بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ، غەمسىز ھالدا ئولتۇراتتى. يېنىدىكى يىگىت بولسا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەۋاتاتتى. ئەمدى ئابىتنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئاشۇ يىگىتنى ياقىسىدىن بوغماقچى، ئۇنىڭغا مۇشتىنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويماقچى بولدى. خوتۇنىنى بولسا ئۆيىگە بارغاندا خالىغانچە سوراق قىلىشى، ئۇرۇپ-چەيلەشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ گۈزەلنۇرنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، بۇنداق قىلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدىن 15 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا ئۈنئالغۇ كۆتۈرگەن ھالدا ئۆتۈپ كەتتى.

ئابىت ئۇنى دەرھال توختىتىۋالدى.

— ئۇكام، مەن ھازىر سېنىڭ ياردىمىڭگە بەكمۇ موھتاج بولۇۋاتىمەن. ئەگەر ماڭا ياردەم قىلساڭ، سېنى ئوبدان رازى قىلغان بولاتتىم.

— ياردەم قىلاي، ئاكا، سىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرىمەن؟ — دېدى بالا ھېجىيىپ تۇرۇپ.

— سەن ئاۋۇ ئىككىيلەننىڭ سۆزلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ بېرەلەمسەن؟

— سىزنى نەدىن تاپىمەن؟

ئابىت ئالقاندەك بىر پارچە قەغەزگە ئادرېسىنى يېزىپ بەردى.

ئابىت ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي گۈزەلنۇرمۇ قايتىپ كېلىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. شۇ چاغدا ھېلىقى ئوغۇل بالا ئۆيگە كىرىپ:

— ئابىت ئاكامنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دېدى گۈزەلنۇر، — قېنى، ماڭا دەۋېرىڭ.

— مەن ئۇنىڭغا ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئالغاچ كەلگەنىدىم.

دەل شۇ چاغدا ئابىت ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ، گۈزەلنۇرنىڭ قولىدىن لېنتىنى يۇلۇپ ئالدى.

ئۇ، بالىنى رازى قىلىپ يولغا سالغاندىن كېيىن ئىشىكنى زەردە بىلەن ياپتى - دە، گۈزەلنۇرنى بىلىكىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، كارىۋات ئۈستىگە ئىتتىرىۋەتتى. گۈزەلنۇر چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى ئالقىنى بىلەن ئاستا تۈزەشتۈرۈپ، ئابىتقا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇردى.

ئابىت ھېلىقى بالىدىن ئالغان لېنتىنى ئۈنئالغۇغا سېلىپ، ئاۋازىنى كۈچەيتىپ قويدى.

ئۈنئالغۇدىن چىققان ئاۋاز گۈزەلنۇرنى چۆچۈتۈۋەتتى. «تونۇغۇنلا مەن سىزنىڭ مېنى كۆرۈپ تەمتىرەپ كەتكەنلىكىڭىزدىن بىرەر شۇملۇقنى سەزگەنىدىم، لېكىن سىزنى توي قىلىۋالغاندۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.»

«بولدى، سۆزلەۋەرمەڭ، ئەھۋالنى ئۇقتىڭىزغۇ، ئەگەر سىز چەت ئەلگە چىقىپ كەتمىگەن بولسىڭىز، سىزگە يازغان خەتلىرىمدىن ھەممىنى بىلگەن بولاتتىڭىز. ئىككىمىزمۇ قايتا ئۇچراشمىغان بولاتتۇق. خەير، سىزگە بەخت تىلەيمەن.»

«ئالدىرىماڭ، يەنە بىردەم ئولتۇرۇڭ.»

«ياق، ئېرىم ئەنسىرەپ قالىدۇ.»

ئۈنئالغۇدىكى ئاۋاز ئۆچتى.

گۈزەلنۇر ئۆزىنى كارىۋات ئۈستىدىكى ياستۇققا تاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئابىت ئاستاغىنە گۈزەلنۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە پۇت - قولىدا ماغدۇرى قالمىغاندەك يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئۇ يىغلامسىرىغان ئاۋازدا دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنى كەچۈرۈڭ، گۈزەلنۇر. مەن... مەن سىزنى چۈشەنمەي... سىزدىن بىھۇدە گۇمانلىنىپتىمەن... سىزنى ئازابلاپتىمەن... مېنى... ئۇرسىڭىزمۇ، تىللىسىڭىزمۇ مەيلى. پەقەت كەچۈرسىڭىزلا بولدى...

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بەختىيار پازىل

# ساۋاب



(ھېكايە)

«مەرۋايىت» مېھمانخانىسىنىڭ ئىككى كىشىلىك ئازادە ياتىقىدا ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن مەشغۇل ئىدۇق.

مېنىڭ ئۇ دېگىنىم 50 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، قارىمۇتۇق، ئورۇق يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىنى قاپقارا ساقال ـ بۇرۇت باسقان، قارا چىنبەرقۇتتىن كېلەڭسىز تىكىلگەن شىم ـ پەشمەت كىيگەن ماڭا ناتونۇش بىر ئادەم ئىدى. ئۇ، خېلىدىن بېرى پۈشۈلداپ ئولتۇرغىنىچە كىرلىشىپ ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان خالتىنىڭ ئىچىدىن پارچە تىيىن پۇللارنى ئېلىپ رەتلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ماڭا نېمىشقىدۇر ئەنسىزلىك بىلەن يەر ئاستىدىن ھومىيىپ قاراپ قويۇۋاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق گەپ قىلماي ئولتۇرۇشىدىن ئىچىم پۇشتى ـ دە، پاراڭلاشماقچى بولۇپ ئېغىز ئاچتىم:

ــ قارىكا، ئۆزلىرى نەدىن بولىلا؟

ــ ھە، مەنمۇ؟! قەشقەردىن ...ــ ئۇ شۇنداق دەپلا ماڭا گەپ تۆگىدى دېگەندەك قىلىپ پالىلىدە قاراپ قويۇپ، پۇل ساناش بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى.

ــ ئىسىملىرى نېمىكىن؟ ــ مەن يەنە سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ــ بايام ئۆزلىرى دېدىلىغۇ، قارىكا دەۋەرسىلە ... ــ ئۇ ماڭا بايامقىدەك چېقىر كۆزلىرىدە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشتى.

ــ ھە، قارىكا، ئۆزلىرى نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىلا؟

ــ ئۇ ماڭا سەندىن تولىمۇ بىزار بولدۇم، دېگەندەك ئالىيىپ قارىدى ـ دە، گەپ قىلماي پۇل ساناپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ ئالدى دەستە ـ دەستە بىر تىيىن، ئىككى تىيىن، بەش تىيىنلىق پۇللار بىلەن تولغانىدى.

مەن قارشى تەرەپنى ئۆزۈمگە مايىل قىلىپ، ئۇنىڭ بىھۇدە ئەنسىرەشلىرىنى يوقىتىش، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشنى

مۇۋاپىق كۆردۇم - دە، ئۆزۈمنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي تونۇشتۇردۇم.

ئۇ مېنىڭ ئارشاڭ ناھىيىسىدىن ئىكەنلىكىمنى بىلىپ پۇل ساناشتىن دەرھال توختىدى - دە، مېنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك باش - ئايىغىمغا قىزىقسىنىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ مېنى خېلىغىچە ئەنە شۇنداق كۆزەتكەندىن كېيىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ دېدى:

— ئۆزلىرى ئارشاڭلىق بولمەن دېسىلە، ئۇكام! تولا بەلەن گەپ. مەن ئۇ يەرنىڭ مۇبارەك نامىنى كۆپ ئاڭلىغان. ھەتتا خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزەرى چۈشكەن ئۇ ئۇلۇغ جايدىكى ئارشاڭ بۇلاق سۈيىگە چۈشۈپ، پالەچ كېسىلىدىن سەللىمازا ساقىيىپ، گۈس - گۈس مېڭىپ قايتىپ كەلگەن بىر يۇرتدىشىمدىن ئۇ خاسىيەتلىك دىيارنىڭ داڭقى - شەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئەزىز ماكاننى بىر تاۋاپ قىلىش نىيىتىدە بولغانىدىم. بىراق زادىلا پۇرسەت بولمايۋاتىدۇ...

ئۇ، شۇ سۆزلىگىنىچە توختىماي «خەلپەم كۈلمەيدۇ، كۈلسە تېلىقىپ قالىدۇ» دېگەندەك ئارشاڭ توغرۇلۇق مەن ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى. خېلىدىن كېيىن مېنىڭ بايامقى سوئالىم ئېسىگە كەلدى بولغاي، ئۆزىنى ماڭا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— ئىسمىم — ئوبۇل ھەسەن قارى قەلەندەر. مېنى جەنۇبتا تونۇمايدىغان ئادەم يوق. ئۇششاق باللارمۇ مېنى بىلىدۇ. مېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىممۇ تىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر. مەنمۇ ئايىغىم چىققاندىن بۇيان ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتىمەن...

ئۇ شۇ تەرىقىدە ئۆز كەسپى توغرۇلۇق تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى. مەن بۇ ئادەمنىڭ چەكسىز «ئىپتىخار» لىق بىلەن قىلىۋاتقان گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆز كەسپىگە ناھايىتى ئەقىدە قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى سەزدىم.

— قارىكا، ئۆزلىرىنىڭ ياش قۇراملىرىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەستەك قىلىدۇ. تەنلىرىمۇ بېجىرىم، ساغلام ئىكەن. شۇنداق بولغاندىن كېيىن بۇنداق تىلەمچىلىك قىلغۇچە قوللىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھالال ياشىسىلا بولمامدۇ؟ شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىش نومۇس ئەمەسمۇ؟! — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتىپ.

— خۇدا يولىدا سەدىقە بېرىش پەيغەمبەرلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم. بۇنى قانداقمۇ نومۇس ئىش دېگىلى بولىدۇ؟ بىزدەك تىلەمچىلەر بولمىسا، كىشىلەر سەدىقە بېرىپ تۇرمىسا دۇنيا گۇناھقا تولۇپ، ئادەملەردە ئىنساپ قالمايدۇ، مېھرىبانلىق تۈگەپ كېتىدۇ. شۇڭا تىلەمچىلىك نومۇس ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىش، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، قارىغاندا ئۇ مېنىڭ گېپىمدىن نارازى بولغاندەك تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ سومكامدىن كىتاب ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. كۆزلىرىم كىتاب بەتلىرىدىكى خەتتە بولغىنى بىلەن خىيالىم چېچىلماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

تووا قانداق ئادەمدۇ بۇ، دەيتتىم ئىچىمدە، — ھازىر ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ قانداق دەۋر ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ئۇ قاچانغىچە «ھەق ئاللا، ماڭا بارمۇ تەييار ھالۋا» دەپ كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ؟ تېخى تەپ تارتماي تىلەمچىلىك نومۇس ئەمەس، ئۇلۇغ ئىش، دەۋاتىدۇ.

ئىشىكنىڭ يەڭگىل چېكىلىشى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. مەن ئورنىمدىن تۇردۇم ـ دە، كىتابنى تومپۇچكا ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچتىم.

ئىشىك ئالدىدا ئون ئالتە، ئون يەتتە ياشلاردىكى زىلۋا بويى، ئاق سېرىق، قاپقارا كۆزلىرىدىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان بىر قىز تۇراتتى.

— سىڭلىم، بىرىنى ئىزدەمتىڭىز؟ — قىزنىڭ ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇشىدىن ھەيران بولۇپ سورىدىم.

— ئاكا، جېنىم ئاكا!... ماڭا... ياق، بىزگە خۇدا يولىدا ئازراق ياردەم قىلىڭچۇ، — دېدى قىز كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ تىترەك ئاۋازدا.

— قېنى، ياتاققا كىرىڭ. يىغلىماڭ. نېمە ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىڭىزنى ماڭا ئېيتىڭ، — دېدىم مەن بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشتىن ھودۇقۇپ.

پۈتۈن ئەپتىدىن بىچارىلىك يېغىپ تۇرغان بۇ قىز كۈننىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي يېپىنچىلا كىيىنگەن ئىدى. ئۇ ياتاققا كىرىپ كارىۋاتنىڭ قىرىدا قورۇنۇپقىنە ئولتۇردى. بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ھەدەپ ئېسەدەيتتى. مەن بىر ئىستاكان قايناق سۇ قۇيۇپ قىزغا تەڭلىدىم. ئۇ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قايناق سۇ قۇيۇلغان ئىستاكاننى ئالدى ـ دە، قالتىراق لەۋلىرىگە ئاپاردى. مېنىڭ ياتاقدىشىم — ھېلىقى تىلەمچى قارىم بولسا ماڭا ۋە كۈتۈلمىگەن چاغدا كەلگەن بۇ قىزغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ مەنىلىك بىر كۈلۈپ قويدى ـ دە، مېنى يېنىغا شەرەتلەپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— تىرناقتا توختىغۇدەك بېلىجانكەن. سىلىدىن كېتىدىغىنى چاغلىقلا. قېنى ئاتىغانلىرىنى ئۇنىڭغا بېرىپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلسىلا ئۇكام، ھىي...ھىي...

مەن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالايدىم ـ دە، قىزنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئورۇندۇقتا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردۇم. قىز ماڭا خىجىللىق بىلەن قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتاتتى.

— ئاكا، شۇ تاپتا مېنىڭ ئىنىم قاتتىق ئاغرىق. دوختۇرغا ئاپارسام 100 يۈەن تاپشۇر دەيدۇ، مەندە ئۇنىچىلىك پۇل يوق...— قىز گېپىدىن توختاپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. غەمكىنلىك بىلەن پۈتلىرىنىڭ ئۇچىغا قاراپ بىر پەس ئولتۇرۇۋېلىپ ئاندىن تىترەك ئاۋازدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاكا، بىزگە ياردەم قىلىڭ، مەن بەكمۇ ئامالسىز... ئامالسىز، ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنۇتماسمەن ئاكا، ياخشىلىقىڭىز بەدىلىگە...

قىز بىردىنلا ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سېرىلدى. ئاھ، بىچارە قىز، مېنىڭمۇ دۇنيالىقتا بىر تاللا سىڭلىم بار، قايسى ئاكا ئۆز سىڭلىسىغا چىن دىلىدىن كۆيۈنمىسۇن؟! مانا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، كۆز ئالدىمدىكى مۇنۇ كىچىككىنە قىز ئىنىسى ئۈچۈن

پەرۋانە بولماقتا. ئۇ، ئىنىسىنىڭ كېسەلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ھېچ نېمىسىنى ئايىمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ سىڭلىمنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن بولسا، ئۇ قانداق قىلغان بولاتتى؟! ئۇمۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ئاكىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشتىن باش تارتمىغان بولاتتى. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەت نەقەدەر ئۇلۇغ-ھە؟!

مەن نۇرغۇن تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدىم. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى سورىدىم. قىز يېنىككىنە بىر تىنىۋېلىپ، بېشىدىن كەچكەن كەچمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئارزۇگۈل ئىكەن. بۇ يىل ئون ئالتە ياشقا كىرىپتۇ. ھازىر ئۆزى ئېيتقان ئاغرىق ئىنىسى يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. بۇرۇن بۇلارنىڭمۇ بەختلىك ئائىلىسى، مېھرىبان ئاتا-ئانىسى بولغان. كىم بىلسۇن بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ، دېگەندەك بەختسىزلىكنىڭ قارا بۇلۇتى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئارقىمۇ ئارقا بەختسىزلىك يامغۇرىنى ياغدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت بىر ناھىيىسىدىن ئىكەن. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ دادىسى ئوقەت قىلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپتۇ ۋە بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئىش-ئوقەتتى خېلىلا يۈرۈشۈپ قالغاچقا، يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ ئايالى ۋە بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئۈرۈمچىگە ماكانلىشىپتۇ. شۇ يىلى قىشتا ئارزۇگۈلنىڭ ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. بىچارە جاپاكەش ئاتا ئايالىنى دوختۇرغا كۆرسىتىش ۋە بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەشكە باشلاپتۇ. لېكىن قولىدىكى ئازراق دەسمايىسى ئايالىنىڭ كېسىلىگە خىراجەت قىلىنىپ تۈگەپتۇ. ئۇ بىرنەچچە تونۇش-بىلىشلىرىدىن قەرز ئېلىپ ئىشلىتىپتۇ. بىراق يەنىلا دوختۇر پۇلى ۋە ئائىلىنىڭ خىراجىتىدىن قاتتىق قىسىلىپتۇ. ئاخىرى ئامالسىز تۈيۈق يولغا كىرىپتۇ-دە، خېلى چوڭ بىر ماگىزىنغا ئوغرىلىققا كىرىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ قولغا ئېلىنىپتۇ...

— شۇنىڭدىن كېيىن، — دېدى ئارزۇگۈل توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، — ئاپامنى داۋالىتىش، ئىنىمغا قاراش مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى. مەن ئاشخانىلاردا قاچا-قۇچا يۇيۇپ، يۈگۈر-يېتىم ئىشلارنى قىلىپ پۇل تېپىپ ئۈچىمىزنىڭ قورسىقىنى بېقىشقا باشلىدىم. لېكىن، مېنىڭ تاپقان ئازراق پۇلۇم ئاپامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا يەتمىدى. ئاخىرى ئاپام بىزنى سەرسانلىق كوچىسىغا تاشلاپ، ئۆزى ئۇ دۇنياغا كەتتى...

ئارزۇگۈل بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. ئارقامغا ئۆرۈلسەم تىلەمچى قارىمۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپتۇ.

— ئاخىرى بىز مۇشۇ يۇرتقا ياتلىق بولۇپ كەتكەن ھاماچامنى ئىزدەپ كەلگەنىدۇق. بۇنداق بولۇشىنى كىم بىلسۇن. بىز بۇ يەرگە كەلسەك، ئۇ يولدىشى بىلەن بىزنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە كېتىپ قاپتۇ. ئالدىنقى كۈنى ئۇكام تۇيۇقسىز قىزىپ ئاغرىپ قالدى. تۈنۈگۈندىن بۇيان چىلىق-چىلىق تەرنىڭ ئىچىدە ياتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەندە پۇل قالمىغاچقا دوختۇرغىمۇ كۆرسىتەلمىدىم...

ئارزۇگۇل سۆزىدىن توختىدى. ياتاق ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى. مەن قىزغا قايىل بولدۇم. نېمىدېگەن مېھرىبان ھەدە - ھە؟!

شۇ ئارىدا ئىشىك ئېچىلىپ ياتاقتا ئاغىنەم ئەركىن كىرىپ كەلدى. ئۇ، بۇ يەرگە تېخى بۈگۈن بىر ئىش بىلەن كەلگەن. بىز چۈشتە كۆرۈشكەنىدۇق. مەن ئەركىنگە قىز توغرۇلۇق قىسقىچە سۆزلەپ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ئەركىنىڭمۇ قىزغا ئىچى ئاغرىدى.

— سىڭلىم، يېشىڭىز كىچىك بولسىمۇ غەيرەتلىك قىز ئىكەنسىز. مانا بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان ئازراق ياردىمىم بولسۇن، ئاز بولسىمۇ ئېلىڭ.

ئەركىن شۇنداق دېگىنىچە يانچۇقىدىن ئوتتۇز يۈەن چىقىرىپ قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— سىڭلىم، بىرنەچچە كۈننىڭ ياقى مەنمۇ ياتاقتا يېتىپ - قوپقاچقا يېنىمدا كۆپ پۇل قالماپتۇ، — دېدىم مەنمۇ يىگىرمە يۈەن پۇلنى قىزغا تەڭلەپ.

— بالىلىرىم...

بىز كەينىمىزگە ئۆرۈلدۇق. تىلەمچى قارى بىر تۇتام پۇلنى قولىدا تۇتقىنىچە يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

— بالىلىرىم، ھەممىڭلار ئاق نىيەت، خۇدا يولىدا ياخشى ئىش قىلىپ ساۋاب تاپىدىغان ياخشى ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى ئوخشايسىلەر، مەن سىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولدۇم. مەنمۇ بۇ ئاجىز قىزىمغا ئەللىك يۈەن ياردەم قىلىمەن

ھەمدە ئۇنىڭ ھامماچىسى ئۆرۈمچىدىن قايتىپ كەلگۈچە ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن.

ئۇ يىغلىغىنىچە قولىدىكى پۇلنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

بېجىرىدىغان ئىشلىرىم تۈگىگەنىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مەن قايتماقچى بولۇپ ئەمدىلا ئاپتوبۇسقا چىقىشىمغا كەينىمدىن:

— ئاكا، توختاپ تۇرۇڭا، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

كەينىمگە قارىسام ئارزۇگۇل ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئۇنى كۆرۈپ ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم.

— ئاكا، مەن سىزنى ئۇزىتىپ قويغىلى كەلدىم.

ئارزۇگۇل ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئىنىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدىم مەن.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، — دېدى ئارزۇگۇل ماڭا مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ.

ئۇ ماڭا ئۇزاقتىن - ئۇزاق رەھمەت ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم. ئاپتوبۇس قوزغالدى. مەن دېرىزىدىن بېشىمنى چىقاردىم. ئارزۇگۇل ھەدەپ قولىنى پۇلاڭلاتماقتا ئىدى.

ئاپتوبۇس بىر خىل سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە. مەن بۇ شەھەرگە كېلىپ قىسقىغىنە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كۆرگەنلىرىمنى ئەسلەپ ئولتۇرىمەن. شۇ تاپتا كۆز ئالدىمغا ئارزۇگۇلنىڭ مىسكىن چىرايى كەلدى. مەن تۇرمۇش ئاچالىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن بۇ بىر جۈپ نارەسىدە بالىلارغا كۆڭلۈمدە بەخت تىلىدىم. ئۇلارغا ياردەم بەرگەن تىلەمچى قارىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدىم، تۇۋا، ئۇ بۈرۈن

دوقمۇشلاردا ئولتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە سەدىقە بېرىپ «ساۋاب» ئېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. مانا، ئۇ ئەمدى ئۆزى ھەقىقىي ساۋابلىق ئىشنى قىلدى. مەن دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا غايىبانە مۇنداق دېدىم:

ــ قارى ئاكا! سىزمۇ بۇ قېتىم ساۋابلىق ئىش قىلىپ ھەقىقىي ساۋاب تاپتىڭىز. ئەمدى ئۆزىڭىز كېلىشنى ئارزۇ قىلغان ئارشاڭ ناھىيىسىگە كېلىڭ. مەن بۇ يەردىكى جىمى گۈزەل جايلارنى سىزگە كۆرسىتىپ «ساۋاب» ئالىمەن...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

شاۋكەت ھاجى

# جىنايەت

(ھېكايە)

سوت بۇگۈن يەنە داۋاملاشتى. زالغا ئادەم لىق تولغانىدى.

ــ جاۋابكار ئېلىپ كىرىلسۇن! ــ دېدى باش سوتچى جىددىي ھەم يۇقىرى ئاۋازدا.

شۇ ھامان كىشىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ئىشىككە قارىدى. زال ئىچى دەۋرەپ كەتتى. ئىككى نەپەر ساقچى ئېگىز بويلۇق، ياشقىنا بىر بالىنى ئالدىغا سېلىپ زالغا ئېلىپ كىردى، بالىنىڭ ئۆسكىلەڭ چاچلىرى پاقپىيىپ كەتكەن بولۇپ، يوغان كۆزلىرىدىن يۈرىكىنى پۇشايمان ئوتلىرى ئازابلاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ جاۋابكار ئورنىغا ئېلىپ بېرىلدى.

باش سوتچى سوتنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ بولۇپ جاۋابكاردىن سوئال سوراشقا باشلىدى.



ــ ئىسمىڭ نېمە؟

ــ بەختىيار

ــ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

ــ 15 ياشقا.

ــ نېمە جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندىڭ؟

ــ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بىلەن.

ــ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىڭنى قىسقىچە سۆزلە! ــ جاۋابكارنىڭ كۆزلىرىدىن

دىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— مەن...مەن ھەممىنى—يۈرىكىمنى ئازابلاپ پۇشايمان ئوتىدا كۆيدۈرگەن بارلىق ئىشلارنى سۆزلەي. مەن جىنايەت ئۆتكۈزدۈم. بىچارە ئاپامغا، موماغا يۈز كېلەلمەيمەن...

1

ئۇ تۇغۇلغاندا ئانىسى ئۆزىنىڭ ساق-سالامەت يەڭگىۋالغانلىقىدىن، بولۇپمۇ ئوغۇل تۇغقانلىقىدىن قەۋەتلا خۇشال بولدى. بالىنىڭ ئانىسى بىلەن چوڭئانىسىنىڭ كۈلكىدىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالدى. ئۇلار بوۋاقنى تالىشىپ قۇچاقلىرىغا ئېلىشاتتى، يەرگە قويغۇسى كەلمەيتتى. موماي كېلىنىنىڭ پاقلاندەك ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنلىكىدىن بەكلا رازى ئىدى. ئۇ گاھىدا جاپاكەش جورىسىنىڭ تۇنجى نەۋرىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي، نەۋرە شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولالماي، بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ كۆز يېشىمۇ قىلاتتى.

— ئەمدى بالىغا ئىسىم قويايلى. كونىلاردا بالىغا ئۈچ كۈنگىچە ئىسىم قويۇلمىسا شەيتان ئىسىم قويۇپ قويىدۇ، دېگەن گەپ بار،— دېدى موماي بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن،— قېنى، نېمە ئىسىم قويۇشنى ئويلاشتىڭلار؟

— ئانا، تۇنجى نەۋرىلىرى بولغانىدىكىن ئۆزلىرى بىر نېمە دېسىلە،— دېدى كېلىن يولدىشىغا سېنىڭچە قانداق دېگەندەك مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

— شۇنداق، ئانا ئۆزۈڭ بىر ئىسىم قويۇپ بەرگىنە،— دېدى ئوغۇل ئانىسىغا لەپپىدە بىر قاراۋېتىپ،— مېنىڭ ئىسمىمدەك ئەمەس زامانغا لايىقراق ئىسىم بولسۇن.

ئانىسىنىڭ چىرايى بىرئاز تۈتۈلدى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرمىدى.

— بالام رەھمەتلىك ئاتاڭ سېنى ھەممىگە قادىر ئادەم بولسۇن دەپ ئىسمىڭنى قادىر قويغانىدى. لېكىن سەن ئويۇن-تاماشىغا قادىرراق بالا بولدۇڭ. بۇرۇن بالا بولساڭ مانا بۈگۈن بىر بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدىڭ. ئەمدى سەن ساياقلىقىڭنى تاشلاپ ئايالىڭنى، بالاڭنى، ئۆيۈڭنى ئويلا!... بالىنىڭ بەختىنى بەرسۇن، خۇدايىم،— دېدى ئانا كۆزىگە ياش ئېلىپ،— بالىنىڭ پېشانىسى ئوچۇق بولسۇن... مەن بالىغا بەختىيار دەپ ئىسىم قويساق دەيمەن، سىلەرچە قانداق؟

— ئەجەب ئوبدان ئىسىم بولدى. بىزمۇ شۇنداقراق بىر ئىسىمنى ئويلىشىۋاتاتتۇق. كۆڭلىمىزدىكىنى تاپتىلا ئانا،— دېدى كېلىن يولدىشىغا قاراپ قويۇپ،— شۇنداقمۇ قادىر.

— ئانام دېگەن دانىشمەن ئايال تۇرسا، ئۇنچىلىك ئىسىمنى تاپالمايتتىمۇ، مەن مەزىننى چاقىرىپ كېلەي، تەييارلىق قىلىپ تۇرۇڭلار، بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇۋېتەيلى،— قادىر شۇنداق دېدى-دە، تالاغا ماڭدى.

2

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتتى. بىر كۈنى ئۆتەك-سۆلى ئۆچكەن ئايشەم بەختىيارنى يېتىلىگىنىچە قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئانا ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ:

— قىزىم، قادىر يەنە ئىچىپ كېلىپ بوزەك قىلغان ئوخشىمامدۇ، ئۇ ئادەم بولمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە مەن نامراقۇل بولاي. بۇ ئۆيدە

بىر نەچچە كۈن تۇرۇڭ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق بىر دېيىشەي.

— ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ئانا،— دېدى ئۇ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ،— ئىككى كۈن بولدى ئۆيگە كەلمىدى. ئىدارىسىگە بارسام ئۇلار ئۇنى ئۇ ھاراق ئىچىپ، باشقىلارنى زەخمىلەندۈرۈپ قويۇپتىكەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 15 كۈن توختىتىپ قويغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زەخمىلەندۈرگەن كىشى دوختۇرخانىدا يېتىپتۇ. بىز ئۇ كىشىنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى ئۈچۈن 500 يۈەن ئالدىدىن تاپشۇردۇق، دېيىشىدۇ. ئۇ ئىككى ئاي بولدى مائاشىنى ئۆيگە ئەكىرمىدى. ئىشقىمۇ بىر كۈن بارسا، بىر كۈن يوق. ئەر تۇرۇپ ئۆينىڭ كەم-كۈتا نەرسىلىرى بىلەن كارى بولمىسا يا مېنىڭ خىزمىتىم بولمىسا، مەن بۇ ئۆينى نېمە بىلەن تۇتىمەن. بالىنى نېمە بىلەن باقىمەن. بالىغا بولسىمۇ ئىچى ئاغرىسا بولمامدۇ. خۇدا ئالدىدا نېمە گۇناھىم باركىن-تاڭ، بۇنچە ئازاب چەككۈدەك. دەردىمنى ئېيتاي دېسەم ئاتا-ئانام، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم بۇ يەردە بولمىسا، سىلىنىڭ دەردلىرىمۇ ئۆزلىرىگە يېتىپ ئاشىدىغان تۇرسا،— ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش يۈزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشەتتى.

ئانا گەپ-سۆز قىلالماي بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئارىدىكى سۈكۈتنى ئىشىكنىڭ چېكىلىشى بۇزدى. ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، قوشنىسى ھېلىماخۇن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ھە، سارىخان ئوبدان تۇردىلىمۇ، ئايشەم قىزىمۇ ئۆزى كەپتۇ، ياخشى. مەن ھېلىقى ئىش بىلەن كىرگەنىدىم.

— ھېلىماخۇن يۇقىرىغا ئۆتسىلە، مەن ئۇ ئىشنى تېخى ئۇنىڭغا دېگۈدەكمۇ بولمىغان، ياغشى ئۆزى كېلىپ قالدى. بىللە مەسلىھەت قىلايلى،— دېدى ئانا چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ،— قىزىم، ھېلىماخۇن تاغىڭىز قاتناش بېكىتىنىڭ يېنىغا ئاشخانا ئاچقانىكەن، ئۆزى يېتىشەلمەپتۇ. سىزنى ئۆيدە بىكار بولغاندىكىن ماڭا ياردەملىشىپ بەرسە دەيدۇ، سىزنىڭچە قانداق؟

ئايشەم بالىغا قاراپ قويۇپ، ئۈندىمەي ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن ئانا:

— قىزىم بالىغا مەن قاراپ بېرەي، بىرىنچىدىن ئۇ ماڭا ھەمراھ بولىدۇ ئىككىنچىدىن سىزمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئىشلەۋېرىسىز،— دېدى.

— شۇنداق، قىزىم، مەن بىلەن بىرگە ئىشلەڭ، ئايدا بىر يۈز ئەللىك كوي بېرىمەن. تاپاۋەت ياخشى بولۇپ قالسا يەنە قوشۇپ بېرىمەن،— دېدى ھېلىماخۇن ئانىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

قادىرنىڭ ئايدا ئالىدىغان ئازغىنە پۇلىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۇنىڭ ھارىقىغىلا كېتەتتى. ئۇ پۇلنى ھەرقانچە تېجەپ ئىشلەتكەن بىلەن تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا يەتمەيتتى. بەزىدە ھەتتا سەرەڭگە، تۇز چاغلىق بەرسىلەرنىمۇ قوشنىلىرىدىن سوراشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ پۇلدىن قىسىلغان چاغلىرىدا ئانچە-مۇنچە ھەق

www.uyghurkitap.com

بېرىدىغان بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەشنى ئويلىغانىدى. مانا بۈگۈن ھېلىمىخان ئاتىدارچىلىق قىلىپ ماڭا ياردەملىشىپ بېرىڭ، دەۋاتسا، ئۇ نېمىشقا رازى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىنى قېيىن ئانىسى بېقىپ بېرىدىغان بولۇۋاتسا...

3

بېلىگە پەرتۇق تارتىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق چىگىۋالغان ئايشەم خېرىدارلارغا چاي قۇيۇش، ئاش توشۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بىر چاغدا قوي كۆزلۈك، قاڭشارلىق كەلگەن، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن 14 ـ 15 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئاشخانىغا كىرىپ ئايشەمگە ئىشارەت قىلدى. ئايشەم قولىدىكى چۆگۈننى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە:

ــ بالام چوڭئاناڭنىڭ ئۆيىگە بارماي بۇ يەرگە كەپسەنغۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر توپ بالىلار بىر يەرگە توپلىشىۋاپتىكەن، نېمە ئىش بولدىكىن دەپ بېرىپ قارىسام، دادام غەرق مەست يېتىپتۇ. بالىلار بەختىيار، داداڭ ئەرشنى كۆرۈۋېتىپتۇ، دەپ زاڭلىق قىلىشتى، ئىززادىن ئۆلگۈدەك بولدۇم. ئەمدى ئۇنى ئۆيگە قانداق ئەپكېتەرمەن دەپ تازا بېشىم قېتىپ تۇراتتى، ھېلىمۇ ياخشى مۇسا تاغام بازاردىن يېنىشىدا ئۇچراپ قالدى. ئۇ، دادامنى يۈلەپ ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويدى، ــ دېدى بەختىيار ھازىرلا پاڭگىدە يىقىلىپ كېتىدىغاندەك ئېسەدەپ تۇرۇپ، ــ مۇسا تاغام ئۇكام قادىر، ئاناڭ ئالەمدىن ئۆتكىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. ئاناڭنىڭ قىرقى ئۆتۈپ تۆت كۈن بولماي مەست بولۇپ كوچىدا ياتساڭ، خەلقى ئالەم ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ... دەپ تەربىيە بەرسە ...سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ، دەپ ۋارقىراپ يۈرىدۇ. مەن...مەن ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن مەكتەپكە بارىمەن. مەن ئەمدى ئوقۇمايمەن. سەن يا دادامغا گېپىڭنى ئۆتكۈزەلمىسەڭ، ئۇ مېنىڭ ئوقۇشۇم، تۇرمۇشۇم بىلەن قىلچە چاتىقى بولمىسا، سەن ئۆز ئىشىڭ بىلەن ئالدىراش تۇرساڭ...

ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئىككىسى بالىغا تۈزۈك قارىيالمىدى. ئايشەم سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا ماڭاتتى. كەچتە سائەت 9 ــ 10 دا ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلەتتى، شۇنداق ئىشلىگەچكە ئۆينى خېلى قويۇلدۇرۇۋالدى. قادىر بولسا ئەتىگەندە بىر چىقىپ كەتسە يېرىم كېچە، تاڭغا يېقىن مەست قايتىپ كېلەتتى. گاھىدا بىر ئىككى كۈنلەپ كەلمەيمۇ قوياتتى. ئۇ خالىسا ئىشقا باراتتى، خالىمىسا بارمايتتى. ھەدېسىلا ھاراق ئىچىپ، جېدەل تېرىيتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك يېرىم كېچىدە مەست كېلىپ بىكاردىنلا ئايشەم بىلەن سوقۇشاتتى. ئىدارىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا شۇنچە تەربىيە قىلىپ باققان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇ يەنىلا بىلگەن سەنىمىگە دەسسەۋەردى. ئاخىرى بېرىپ خىزمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى، ئۇ ئۆزىنى ھاراققا تېخىمۇ بەك ئۇرىدىغان بولۇۋالدى. كۈنلەپ ـ كۈنلەپ مەستلا يۈرەتتى. ئۆي، خوتۇن ـ بالا دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

ئايشەم ئاجرىشىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى، لېكىن بالىنى يېتىم قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، لېۋىنى چىشلەپ، بۇرۇنقىدەكلا ئىشىنى قىلىپ يۈردى.

چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئەتىۋارلىنىپ، ئەركە چوڭ بولغان بەختىيارغا چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ بىردىنبىر كۆيۈمچان، مېهرىبان ئانىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئاپىسى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە سەھەر تۇرۇپ ئاشخانىغا يۈگۈرمىسە بولمايتتى. بۇ ئائىلىنىڭ بىردىنبىر تىرىكچىلىك مەنبەسى - دە. بالا ئەمدى ئەتىگىنى ئىسسىق چايسىز، چۈشلۈكى تاماقسىز قالدى. مەكتەپ بىلەن ئاپىسى ئىشلەيدىغان ئاشخانىنىڭ ئارىلىقىمۇ خېلى يىراق بولغاچقا، ئۇ چۈشلۈكى ئاشخانىغا تاماق يېگىلى بارسا دەرسكە كېچىكىپ قالاتتى. ئائىلىدە ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئۇ تۇرۇپلا ھەرخىل باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆيگە كەچ كېلىدىغان بولۇۋالدى.

بىر كۈنى كەچتە ئايشەم ئاشخانىدىن ھېرىپ - چارچاپ قايتىپ كېلىۋىدى، ئۆيدە نە يولدىشى، نە ئوغلى كۆرۈنمىدى. ئۇ بەختىيارنى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەن بولسا ھېلى كېلىپ قالار دەپ تىت - تىتلىق ئىچىدە يېرىم كېچىگىچە كۈتتى. لېكىن ئۇ كەلمىدى. بۇ تۈن كېچىدە ئەمدى ئۇنى نەدىن سۈرۈشتۈرسۇن. ئايشەمنىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن خىياللار كېچىشكە باشلىمىدى.. ئاخىرى ئۇنىڭغا ھاردۇق يېتىپ، مۈگدەك بېسىپ ئۇخلاپ قالدى.

تاڭ ئاتقاندا قادىر چالا مەست ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئايشەم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە:

— بالا قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— مەن نەدىن بىلەي، تۈنۈگۈن ئەتىگەن مەكتەپكە بارىمەن، دەپ چىقىپ كەتكەن تۇرسا، — دېدى قادىر ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن.

ئايشەمنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن ئاغرىق مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى، لېكىن تۇرمۇش غېمى ئۇنى يەنىلا ئاشخانىغا بېرىشقا مەجبۇرلايتتى.

— سىز مەكتەپكە بېرىپ سۈرۈشتە قىلىڭ. مەن ئىشقا بارغاچ تۇراي، مەن ئۆي غېمى بىلەن بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغاندىكىن سىز بولسىڭىزمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرسىڭىز، مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقسىڭىز بولمامدۇ. يېقىندىن بېرى بالا بەك كەچ قايتىدىغان بولۇپ قالدى. سىز يا ئۇنىڭدىن نەگە باردىڭ دەپ سوراپمۇ قويمايسىز، يامان بالىلارغا ئارىلىشىپ قالمىسۇن دەيمەن. چوقۇم مەكتەپكە بېرىڭ جۇمۇ قادىر.

ئايشەمنىڭ دېگەن سۆزلىرى شۇ يەردىلا قالدى. قادىر بالىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپكىمۇ بارمىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئايشەمنى ئىزدەپ ئاشخانىغا كەلدى.

— مەن بەختىيارنىڭ مۇئەللىمى بولىمەن، — دېدى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — بىرقانچە قېتىم ئۆيگە ئىزدەپ بارسام ئىشىك قۇلۇپلاقلىق، قوشنىلاردىن

www.uyghurkitap.com

سۈرۈشتۈرسەم سىزنى مۇشۇ يەردە دېدى. ئىزدەپ كېلىشىم.

— بەك ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ئايشەم مۇئەللىمگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — چاي ئىچكەچ جىددەك ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن تاماق ئەكىلەي.

— رەھمەت، مەن ئالدىرايمەن. يېقىندىن بۇيان بەختىيارجان دەرستە بەك چېكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەزى كۈنلىرى پۈتۈن كۈنلەپ دەرسكە قاتناشمايۋاتىدۇ. ئۆتكەندە بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ يانچۇقىدىن تاماكا ۋە چاقماق چىقتى. سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم بالا جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ناچار باللار بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىدىكەن. ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ئىككى كۈن دەرسكە قاتناشمىدى. ئۆزىدىن سورىسام چوڭئانام ئاغرىپ قالغانتى، شۇنىڭغا قارىدىم، دېدى. باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرسەم چوڭئانىسى ئالەمدىن ئۆتكىلى بىرنەچچە ئاي بوپتۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ يالغان ئېيتقان. سىلەر سۈرۈشتە قىلدىڭلارمۇ يوق بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. بالىنى تەربىيىلەش سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز...— دېدى مۇئەللىم ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن.

— شۇنداق مۇئەللىم، ئۇ بىر كېچە ئۆيگە كىرمىدى. سورىسام ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغاچقا دەرستە ياخشى بىر ساۋاقدىشىم بىلەن ئۆگىنىش قىلىپ، بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا شۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم، دېدى. بالىنىڭ دادىسىنى مەكتەپكە بېرىپ بېقىڭ دېگەن ئىدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا بارمىغان ئوخشايدۇ - دە.

— ياق... بارمىدى، — دېدى مۇئەللىم تەئەججۇپ بىلەن.

— بۇ بالا نېمىمۇ قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟— دېدى ئايشەم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — دادىسىنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتسام ئەمدى بالا دەردى قوشۇلدىمۇ ماڭا... مۇئەللىم سىزمۇ تەربىيىنى كۈچەيتىسىڭىز. بىزمۇ ئۆيدە بالىنى چىڭ تۇتساق. بالىنىڭ دادىسى...— ئايشەم يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇۋىدى ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سۆزدىن توختاپ قالدى.

مۇئەللىم ئۇنىڭ چېكىسىدىكى ۋاقىتسىز چۈشكەن يول - يول قورۇقلارغا ۋە مۇڭلۇق چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن جاپاكەش، دىلى كۆپ ئازار چەككەن ئايال ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

مۇئەللىم ئايشەمنىڭ تاماققا شۇنچە چىڭ تۇتقانلىقىغا ئۇنىماي، ئۆزرە ئېيتىپ:

— بولىدۇ، ئىككى تەرەپ تەڭ ماسلىشىپ تەربىيىنى كۈچەيتەيلى! بالا ياخشى ئادەم بولسا سىلەرگىمۇ، بىزگىمۇ ياخشى...— دېدى - دە، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

4

مۇئەللىمنىڭ شۇنچە كۆپ تەربىيىسى، ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرى، يېلىنىپ يالۋۇرۇشلىرى بەختىيارغا ئازراقمۇ كار قىلمىدى. ئۇ بارا - بارا مەكتەپتىن كۆڭلى سوۋۇپ ئاخىرى چورتلا بارغىلى ئۇنىمىدى. بالىنىڭ مۇئەللىمى ۋە ئاپىسى بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدى، مانا ئۇنىڭ

مەكتەپتىن قالغىنىغا بىرەر يىلدىن ئېشىپ قالدى. ئۇ ئەتىسىگەن ئۆيىدىن چىقىپ كەتسە كېچىسى قايتىپ كېلەتتى. ھەتتا بەزىدە كۈنلەپ-كۈنلەپ ئۆيىگە ئاياغ باسمايتتى. بەزىدە ئۇ قاش-قاپاقلىرى يېرىلغان، يۈزلىرى كۆكەرگەن ھالەتتە كېلەتتى. ئانا پۈتۈن دەرد-ئەلەمىنى كۆز يېشى ئارقىلىق چىقارماقچى بولاتتى.

بىر كۈنى ئايشەم ئۆيگە قايتىپ، ئۆي ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھارغىنلىققا قارىماي بەختىيارنىڭ كىيىملىرىنى يۇيماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئىشتىنىنى قولىغا ئېلىۋىدى، يانچۇقىدىكى قاتتىق بىر نەرسە قولىغا ئۇرۇلدى. يانچۇققا قولىنى سېلىپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىن 30 — 40 يۈەن پۇل، بىر قول سائىتى، چاقماق، تاماكا قاتارلىق نەرسىلەر چىقتى. قورقۇنچلۇق بىر خىيال ئانىنىڭ كاللىسىدا يالت قىلىپ ئۆتتى-دە، بېشى قېيىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇ خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، بىر خىلدا ئۇخلاۋاتقان بالىنى تۇرتۇپ:

— بەختىيار، تۇر ئورنىڭدىن، تۇر دەيمەن...— دەپ ئويغاتتى. ئانىنىڭ قولى تىترەيتتى،— بۇ پۇللارنى قەيەردىن ئالدىڭ؟ راست گەپ قىل. زادى قەيەردىن ئالدىڭ؟— دەپ سىلكىشكە باشلىدى.

بەختىيار ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ:

— بىر... سىنىڭ ماڭا ساقلاپ بېرىشكە بەرگەن پۇلى، نېمانچە ۋارقىرايسەن، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ،— دەپ غۇدۇراپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئانا داڭ قېتىپلا قالدى. ئۇ كىچىك بالىغا پۇل ساقلاشقا بېرىدىغان ئەخمەق ئادەمنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئانىنىڭ قەلبىگە بىر قارا كۆلەڭگە سايە تاشلاپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ياشلىرى تۆكۈلدى. يۈرىكى قانداقتۇ بىر يامانلىقنى سەزگەندەك ئىدى.

— بۇ بىچارە، جاپاكەش ئايالنىڭ ئېرىمۇ بىر بولۇمسىز، ھاراقكەش ئىدى. بىچارىنىڭ دەردىگە يەنە دەرد قوشۇلىدىغان بولدى. ئوغلى ئاخشام بىر نەچچە لۈكچەك بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قولغا ئېلىنىپتۇ...

بۇلۇڭدىكى شىرەدە ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ شىۋىرلاپ دېگۈدەك بىر-بىرىگە ئېيتقان سۆزلىرى ئانىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى پىيالە يەرگە چۈشۈپ چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى. كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلالماي ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قالدى.

## 5

زالنى سۈكۈت قاپلىغان، پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن غەزەپ ۋە ئېچىنىش ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ بىر ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

سوت ئۆز تەرتىپى بويىچە داۋاملاشماقتا، زالنىڭ بۇلۇڭىدا چىرايىدىن ئازاب، پۇشايمان ئەكس ئەتكەن، كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن بىرى بەختىيارغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇ قادىر ئىدى. بالا قولغا ئېلىنغاندىن بېرى ئۇنىڭ

كۆزىدىن پۇشايمان ياشلىرى قۇرۇمىدى. ئۇ ئۆزىنى ۋىجدان سوتىغا تارتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى جىنايەتكار ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇ ئوغلى تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە ئۇنىڭغا ئىسسىق مېھرى بىلەن قارىمىدى. بىرەر قېتىممۇ ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ بىلەن نەسىھەت، تەربىيە قىلالمىدى. ئۆزى ھاراقتىن، جېدەل - ماجرادىن قول ئۈزەلمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى پۇشايمان ئوتىدا كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ شۇندىن بېرى ئاغزىغا ھاراق ئالمىدى. بىرنەچچە كۈنگىچە گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئۇ بۇ كىشىلىك دۇنياغا ئەمدىلا قايتىپ كەلگەندەك، ئۇزۇن يىللىق ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك ئىدى.

سوت ئاخىرىدا باش سوتچى:

— جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 150 - ماددىسىدىكى ۋە 152 - ماددىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جاۋابكار بەختىيارغا بولاكچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى، — دەپ كېسىم ئېلان قىلدى. زال ئىچى بىردىنلا تەۋرەپ كەتتى...

6


ساقچى ماشىنىسى يېنىدا يىغىدىن يۈزلىرى ئوتتۇقۇپ كەتكەن ئايشەم بىلەن كۆزلىرى قىزارغان قادىر تۇراتتى. ئانا تولا يىغلاۋېرىپ ئۈنلىرى پۈتۈپ كەتكەندى. ھەسرەت نادامەتتىن بىرەر ئېغىز گەپ - سۆز قىلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. قادىرمۇ پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈپ بوغۇق ئاۋازدا بەختىيارغا گەپ قىلىۋاتاتتى.

—...بالام، ئالدىڭدا مەن گۇناھكار، ئاناڭنى تۇرمۇش غېمىگە ئىتتىرىپ، ئۆزۈم غەپلەتكە پېتىپ ساڭا قارىيالمىدىم. ئاناڭنىڭ سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالغۇدەك، ئىسسىق تاماق بەرگۈدەك ۋاقتىنىمۇ قويمىدىم. مەن ئائىلىنىڭ ۋە سېنىڭ تۇرمۇشىڭدىن خەۋەر ئالمىدىم. ئەسلى جازالىنىشقا تېگىشلىكى سەن ئەمەس، مەن ئىدىم. بالام ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا بارغاندىن كېيىن ئۆزۈڭنى ياخشى ئۆزگەرت، ئوبدان ئىشلە. ياخشى ئادەم بولساق جەمئىيەت چوقۇم بىزنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. ئائىلىدىن، ئاناڭدىن خاتىرجەم بول. مەن ئەمدى ھەرگىز ھاراق ئىچمەيمەن. ئاناڭغا زۇلۇم سالمايمەن. ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۈستۈمگە ئالىمەن. بالام داداڭنى كەچۈر... — ئۇنىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپسىلىپ قالغاندەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. ئۇ ئوغلىنى تۇنجى قېتىم ئاتىلىق مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ، پېشانىسىدىن سۆيۈپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## ئۈمىدلىك ياش يازغۇچى زۇنۇن تاھىر



زۇنۇن تاھىر 1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1968 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، 1969 - يىلدىن 1971 - يىلغىچە چارۋىچىلىق مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1978 - يىلغىچە غۇلجا ناھىيىلىك خەلق بانكىسىدا خىزمەت قىلغان. ئۇ 1978 - يىلدىن بۇيان «ئىلى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

زۇنۇن كىچىك چاغلىرىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى سېپىللار قورشاپ تۇراتتى. بۇ سېپىللارنىڭ تۆت تەرىپىدە دەرۋازىلىرى بار ئىدى. دەرۋازىلار ئېچىلغاندىن تارتىپ يېپىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سېپىل ئىچى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمەتتى. بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ راۋىقىدىن تارقالغان بەش ۋاقىتلىق ئەزان ئاۋازى، مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ناغرىخانىدىن ھېيت - ئايەم كۈنلىرى تارقىلىدىغان ناغرا سادالىرى گۆدەك زۇنۇننى ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى. روزى ئايلىرىدا ئىپتار ۋە روزىغا قوپۇشتىن بۇرۇن ناغرىخانىدىن ناغرا ئاۋازى تارقىلاتتى. زۇنۇن بۇ چاغدا ئىككى ئەسكى جاۋۇر، بىر جۈپ چوكىنى ئېلىپ ناغرىخانىنىڭ ئالدىغا باراتتى. ئۇ بوش ئورۇنلارنىڭ بىرىدە توپىغا مىنىپ ئولتۇراتتى - دە، ئېگىز راۋاقنىڭ ئۈستىدە ناغرا چېلىۋاتقانلارغا ئەگىشىپ، جاۋۇرنى چالاتتى. ئۇنىڭ چوكىسى تالاي قېتىم يېرىلاندى. ئۆيدە ئەسكى جاۋۇرلارمۇ قالمىدى. ئاخىرى ئۇ ناغرا چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى.

زۇنۇن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان يىلى قۇربان ھېيت بولدى. ئۇ ئۈچ كۈن ھېيتتا ناغرىخانىنىڭ قېشىدىن ئەگىشىپ كېتەلمىدى. ھەتتا ناغرىخانىغا باشلاپ چىقمىساڭ، ھېيتلىق پۇلۇڭنى ئالمايمەن، دەپ بوۋىسىغا باتىنىدى. بوۋىسى ئاخىرى ئۇنى ھېيتنىڭ 3 - كۈنى قولىدىن يېتىلگەن پېتى ناغرىخانىغا باشلاپ چىقتى ۋە ئۆزى باش ناغرىغا ئولتۇرۇپ، زۇنۇننى ئوتتۇرا ناغرىغا ئولتۇرغۇزدى. ناغرىخانىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا نەچچە مىڭ ئادەم ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشاتتى. زۇنۇن بوۋىسى چالغان

لەرزان پەدىگە ئەگەشتى. تۆۋەندىكىلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى...دېمەك ئۇ ئاخىرى تۇنجى قېتىم ئۆز ئىرادىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالدى. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئۆزۈلمەس مېلودىيىسىنى ئورۇنداشقا باشلىدى. تۇرمۇشقا مۇھەببەت باغلىغان ئادەملەر ئۆز ئىرادىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر نەتىجىسى ئەنە شۇنداق مۇھەببەتلىك تۇرمۇشتىن كەلگەن.

تۇرمۇشتىكى ئىشلار ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ھەم گۈزەل تۇيۇلاتتى. ئۇ ئۆزى قىزىققان نەرسىلەرنى ئۆگەنمەي قويمايتتى، كەسپداشلىرىنىڭ كەيىندە قېلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا بىر ساۋاقدىشىنىڭ بىر پارچە خەۋىرى «شىنجاڭ پىئونېرلىرى» گېزىتىگە بېسىلدى. ئۇ بۇنى كۆرۈپ، ھېلىقى ساۋاقدىشى بىلەن غايىبانە مۇسابىقىلەشتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي، «ئۆزئارا يادەم» ناملىق بىر خەۋەر يېزىپ، «شىنجاڭ پىئونېرلىرى» گېزىتىگە ئەۋەتتى. بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ قولىغا ئىككى يۈەن يەتتە موقەلەم ھەققى تەگدى. ئۇ بۇ پۇلنى چېك سىقىمدىغىنچە تۇنجى تاپاۋىتى سۈپىتىدە ئاپىسىغا بەردى، ئاپىسى شۇ كۈنى ئۈچ كىلوگىرام گۆش ئېلىپ ئۇلارغا گۆشنان ھەم مانتا ئېتىپ بەردى. مۇشۇ ئۇنتۇلماس ۋەقە زۇنۇننىڭ يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ شۇندىن ئېتىبارەن ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ئۈزۈلدۈرمەي خەۋەر، ماقالە، ئەدەبىي ئاخبارات ئەۋەتىپ تۇردى.

ئارىلىقتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈش ھالىتى شەكىللەندى. زۇنۇن بۇ «ئىنقىلاب» تىن قول ئۈزۈپ، قورۇلۇش ئورنىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىدى. ئىش تېپىلمىغان چاغلاردا مېۋە، كۆكتات ساتتى. 1967- يىلى بىر ئېشەك هارۋا ئېلىپ، كىراكەشلىك قىلدى. ئۇلار ئون نەچچە هارۋىكەش بولۇپ، قىلىدىغان ئىشى كۆمۈر، كېسەك، ياغاچ، قۇم، شېغىل، سامان توشۇش ئىدى. ئۇ ئازغىنا كەم ئۈچ يىللىق هارۋىكەشلىك هاياتىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى؛ جاپامۇ تارتتى، تارتقان جاپاغا يارىشا هالاۋەتمۇ كۆردى. بىرنەچچە سوتكىلاپ ئاچمۇ قالدى. خاڭ تېگىدىمۇ ئىشلىدى. بىر قېتىم ھەتتا خاڭدىكى قوقاسلىققا كىرىپ كېتىپ، هاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. ئومۇمەن ئاشۇ سەرگۈزەشتىلەر، ئاشۇ جاپاكەش، ئاقكۆڭۈل سەپداشلىرى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەينى يىللاردىلا بىر ئەسەر بولۇپ شەكىللەنگەنىدى.

زۇنۇن 1969-يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چەيلەكزە چارۋىچىلىق مەيدانىغا قايتا تەربىيىگە چۈشتى. دەسلەپ بىر چارۋىچىنىڭ قولىدا قويچى بولدى. ئىككىنچى يىلى ئۆزىگە ئوخشاش ئىككى ئوقۇغۇچى بىلەن بىرلىشىپ، بىر قورۇ قوي باقتى. ئۇلار باققان قوي سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن مەيدان بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. بۇ جەريانىدا ئۆكېچە-كۈندۈز، قىش-ياز قوي ھەم چارۋىچىلار بىلەن بىللە بولدى. تالاي تاغلارنى ئاتلىق، ئۆكۈزلۈك، ھەتتا پىيادە باستى. قازاق چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن پىششىق تونۇشتى. ئاش-تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يېدى. كىر-قاتلىرىنى ئۆزى يۇدى. بىر قانچە يۈز چاقىرىملىق قىشلاقلاردىن كۆچتى. سايرام كۆلىنى قىشلىقى ئىككى نۆۋەت ئۈستىدىن توغرا كېسىپ ئۆتتى. قېتىلىپ قالغان ماللارنى ئىگىلىرىگە ئاپىرىپ

بەردى. قوي سېغىپ قېتىق ئۇيۇتتى. قوي قىرقىش، مال ئورۇقلاندۇرۇش، ماللارنى ۋاقتىدا سېلىش، چۆپ چېپىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ جەمئىيەتكە مۇستەقىل قەدەم باسقانلىقىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە كۆڭلىدىكى خاتىرىسىدىن بىرمۇ بىر ئورۇن ئالدى.

زۇنۇن 1971 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىلىك خەلق بانكىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئۇ بۇ يەردە ئاساسەن يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا ئۇنىڭ ئارىلىشىدىغان مەھەللىسىمۇ، ئۇچراشقان ئادىمىمۇ ناھايىتى جىق بولدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ يۇمۇرلۇق تىلىنى، ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتىنى تىرىشىپ ئۆگەندى، جەبرۇ ـ جاپا ھەم راھەت ـ پاراغەتلىرى بىلەن ئورتاقلاشتى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك كۈنلەر بولدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە تونۇشقان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ كاللىسىدا بىردىن ھېكايە بولۇپ توقۇلماقتا ئىدى.

«ئىلى گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى توقسۇنوۋ بىلەن تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇرسۇن زىرىدىن ئۇنىڭ ئاخباراتچىلىق جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1978 ـ يىلى ئۇنى گېزىتخانىغا يۆتكەپ كەلدى. ئۇ 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك ئاخباراتچىلار كۇرسىغا قاتناشقاندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئاخباراتچىلىققا قارىتىپ، ئاخبارات بىلىملىرىنى بېرىلىپ ئۆگەندى. تەھرىرلىك قىلغاچ قوشۇمچە مۇخبىرلىق قىلىپ، خېلى سالمىقى بار خەۋەر، ئۇقتۇرۇش، زىيارەت خاتىرىسى، تەكشۈرۈش دوكلاتى، ئاخبارات ئوبزورى، باش ماقالە ۋە ئاخبارات نەزەرىيىسىگە ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، كۆپ تەرەپلىملىك ئىقتىدار يېتىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن تەشكىل ئۇنى 1984 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يەنە بىر نۆۋەت ئاخباراتچىلىق كۇرسىغا ۋە 1985 ـ يىلى مەركىزىي باشقۇرغۇچى مىللىي كادىرلار ئىنستىتۇتىغا ئىككى يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى.

زۇنۇن تاھىر ئۆزىنىڭ «ئائىلە ماجىراسى» ناملىق تۇنجى ھېكايىسىنى بىرھەۋەسكار بىلەن بەسلىشىپ قېلىپ يېزىپ چىققان ۋە «ئىلى گېزىتى»گە سۇنغانىدى. گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات بېتىگە مەسئۇل مۇھەررىرلىرى بۇ ھېكايىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قارىماي، گېزىتتىن بىر يېرىم بەت ئاجرىتىپ، ئۇنى 1981 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئېلان قىلدى. بۇ ھېكايە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1982 ـ يىلى بېيجىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا بېسىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەزىلەر ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، «ھوشۇقى ئالچۇ چۈشۈپ قالغان يازغۇچى» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىمۇ ئۈمىدسىز ھالدا ھېكايىچىلىققا قىزىقىپ قالدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بىرقانچە پارچە ھېكايىسى «ئىلى دەرياسى»، «ئىلى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا بېسىلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە ئۇ غۇلجىدىكى ياش ئاپتورلار قاتارىغا قېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جاپپار قاسىم، ماخمۇت مۇھەممەت، ئابدۇكېرىم ھاشىم قاتارلىق ئاپتورلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە كۆپ ئىلھام بەردى. «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەرمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى قىزغىن قوللىدى.

ئۇ ھازىرغىچە تۆت پوۋېست، بىر كىنو سىنارىيەسى، 80 پارچىگە يېقىن ھېكايە، ئوچېرك يازدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئەدەبىي ئوبزورچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ھازىرغىچە «پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىش ھەققىدە»، «يازغۇچى ئىدىيىسى بىلەن ئەسەر ئىدىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «مەشرەپتىكى گۈزەللىكلەر»، «دەرەگدار قۇيۇن»نىڭ رەگدارلىقى نەدە؟» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «سىرلىق دېلو»، «قىز كۆكسىگە چېكىلگەن كەپتەر» قاتارلىق ئىككى پوۋېستى 1986 — 1990 - يىللىرى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ «ئاخىرقى سۈرەت» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا «خان يايلىقىدىكى پارتىزانلار» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى ۋە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا «بويتاقلار مارشى» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلار توپلىمىنى سۇندى. ئۇنىڭ «يەتتە نومۇر» ناملىق ھېكايىسى 1984 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئىگە بولدى. ئەركىن قادىر بىلەن بىرلىشىپ يازغان «تۈگمەس توساقلار» ناملىق ئوچېركى تۇنجى قېتىملىق «تارىم مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «ئائىلە ماجىراسى»، «كېمىچى»، «قىزىلباي بىلەن بەكراخۇن»، «ئەلچىلىك»، «مۇناخ»، «پەتىچى»، «ياش دەۋاسى»، «بويتاق»، «يەتتە نومۇر»، «ئۈچ بەيگە» قاتارلىق ھېكايىلىرى خەنزۇتىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بېيجىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «مىللىي يازغۇچىلار»، «ئىلى دەرياسى» قاتارلىق ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ 1991 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە، 1989 - يىلى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. 1991 - يىلى 5 - ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ياش يازغۇچىلار يىغىنىغا شىنجاڭدىكى ئون ۋەكىلنىڭ بىرى سۈپىتىدە قاتناشتى.

زۇنۇن تاھىر مۇنداق دەيدۇ: «مەن زۇنۇن قادىر، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر ۋە مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. ھەتتا بىر قانچە نۆۋەتتىن ئوقۇپ، ئۆز ئەسىرىمگە ئايلاندۇرۇۋالىمەن دېسەممۇ خاتالاشمايمەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ماڭا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سىڭگەن. مەن ھەر قانداق ئەسەرنى يېزىشتىن ئىلگىرى پېرسوناژ خاراكتېرىنى بەلگىلىۋالىمەن. يېزىشقا كىرىشكەندە ئەسەرگە شۇ خاراكتېرگە ماس كېلىدىغان تۈرلۈك دېتاللارنى كىرگۈزىمەن. ئەسەردىكى ئىدىيىنى ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئۆزلىرى ياشىغان زېمىن، ماكاندا تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكەت ۋە ھېسسىياتى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، يازغۇچى ئىدىيىسى بىلەن ئەسەر ئىدىيىسى ھەرگىزمۇ بىر نەرسە ئەمەس. گەرچە بۇ ئىككىسى دىئالېكتىكىلىق بىرلىككە ئىگە بولسىمۇ، يازغۇچى ھەممە ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىدىيىسىنى ئىپادىلىۋەرمەيدۇ. ئۇ بەزى ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا باشقا ئىدىيىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئۆز پائالىيىتى داۋامىدا يازغۇچىنىڭ مەيدانىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ،

ئۆز مەيدانىنى نامايان قىلىدۇ. ئەگەر يازغۇچى مۇنداق ھالەتتە ئۆز پىكرىدىن، مەيدانىدىن ۋاز كەچمىسە، يېزىۋاتقان ئەسىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئۆز كەسپىگە سادىق يازغۇچى چوقۇم ئۆزى يارىتىۋاتقان ھەرقانداق پېرسوناژغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ھۆرمەت قىلماي، ئۆزىگە بويسۇندۇرىمەن دەيدىكەن، ئۆزۈپ ئېيتىشتا بولىدۇكى، ئۇنداق ئەسەرنىڭ پېرسوناژلىرى ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. مەيلى مەن قانچىلىك ئەسەر ئېلان قىلغان بولماي، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى ئاددىي بىر ھارۋىكەش، چوپان، ئاندىن قالسا بىر بوغالتىر ۋە ئاخباراتچى ھېسابلايمەن. ھازىرقى نان تېپىپ يەۋاتقان كەسپىمدىن ئېيتقاندا، مەن بىر ئاخباراتچى. يازغۇچىلىقىم پەقەت ئىشتىن سىرتقى ئىككىنچى كەسپىم ھەم ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىمدىن قارىغاندىمۇ، ئۆزۈمنى يازغۇچى دەپ ھېسابلاشقا تىلىم بارمايدۇ.»

زۇنۇن تاھىر ئەنە شۇنداق تىرىشچان ھەم كەمتەر يازغۇچى. ئاددىمىي يېزىش ۋە ئاددىملەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يورۇتىدىغان خاراكتېرنى يارىتىش ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ «كېمىچى»، «پەتىچى»، «ئەلچىلىك»، «بويتاق»، «قىزدىباي بىلەن بەكراخۇن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازى ئۆزىنىڭ خاسلىقى ھەم جانلىقلىقى بىلەن كىتابخانلارنى مەمنۇن قىلىدۇ. بىز ئۈمىدلىك ياش يازغۇچىمىز زۇنۇن تاھىرنىڭ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ دادىل قەدەم تاشلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

تەييارلىغۇچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

---

(بېشى 160 - بەتتە)

لازىملىقى سۆزلەنگەنىدى. سەن ئاڭلاپ باققانمۇ؟ كىتابتا شۇنچىۋالا كۆپ سۆزلەنگەن، ئەستە تۇتۇۋالغىلىمۇ بولمايدۇ، تەبىئىيكى، ئايالالاردا قاپقارا، جۇشقۇن ۋە مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان كۆزلەر بولۇشى كېرەك. ۋاي خۇدايىمەي، ئۇلارنى قانداق تەسۋىرلەپتۇ دېمەمسەن؟ كۆزلەر خۇددى قايناۋاتقان دېڭىز قايدەك، كىرپىكلەر خۇددى كېچىدەك قارا بولۇشى كېرەك، دەپتۇ. ئايالالارنىڭ مەڭزى قىزىل، بويى زىلۋا، قوللىرى چىرايلىق ۋە ئاددىي بولۇشى كېرەككەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ چىرايلىق ۋە ئاددىي بولۇشى كېرەككەن! پۇتلىرى ئەپچىل، كۆكرەكلىرى چوققىسىمان، تىزلىرى قۇلۇلە قېپى رەڭگىدە، مۈرىلىرى قىيپاشراق بولۇمىش. بەزى سۆزلەر ماڭا ياد بولۇپ كەتتى. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى راست. ئەمما ئەڭ جىلىك باسىدىغىنى نېمە بىلەمسەن؟ ئۇ يەڭگىل تەكشى نەپەس! مېنىڭدە بۇ شەرت ھازىرلانغان. ئاڭلاپ باققىنا، مەن شۇنداق نەپەس ئالالامدىكەنمەن؟ ھە، قانداقكەن؟

ھازىر بۇنداق يەڭگىل نەپەس بۇ دۇنياغا، بۇ بۇلۇتلۇق ساما ئاستىغا، باھار ۋە زىمىستان ئارىلىشىپ كەتكەن ئىزغىرىن شامالغا تارىلىپ كەتكەنىدى.

(«چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن زوقلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 2 - سانىدىن)

راھىلە ياسىن تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: كامىل تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com



ئى. بونىن (روسىيە)

# يەڭگىل نەپەس

(ھېكايە)

قەبرىستانلىقتىكى يېڭى توپىدىن يېڭى قوپۇرۇلغان توپا دۆۋىسىدە دۇب ياغىچىدىن ياسالغان مەزمۇت، ئېغىر ۋە سىيلىق كرېست قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئاپرېل ئېيى — يامغۇر - يېشىنلىق مەزگىل ئىدى. ياپراقسىز دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن يېيىلىپ ياتقان قەبرىستانلىقتىكى قەبرە تاشلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئىزغىرىن شامالدا كرېست ئاستىدىكى فارفور كومزەكتە تۇرغان گۈلچەمبىرەكلەر شىلدىرلايتتى. كرېستنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى سىرتىغا بۆرتۈپ چىققان يوغان، يۇمىلاق فارفور رامكىغا ئوتتۇرا مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىسىنىڭ سۈرىتى ئورنىتىلغانىدى. ئۇنىڭ ئوماق كۈلكىسى، ئاجايىپ ئويناق كۆزلىرى ياشلىق جۇشقۇنلۇقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. بۇ ئوليا مېشېرسكايا ئىدى.

ئۇ قوڭۇر رەڭلىك يوپكا كىيگەن ئوتتۇرا مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنچىۋالا كۆزگە چۈشمىسىمۇ، ئەمما ئاق كۆڭۈل، بېجىرىم، يېتىشلىك ئىدى. ئۇ چېچەن، قابىلىيەتلىك بولۇپ، ھەرقانداق كىشىگە، ھەتتا سىنىپ مەسئۇلىنىڭ تەنبىھلىرىگىمۇ قىلچە پەرۋا قىلمايتتى، بۇندىن باشقا يەنە نېمە دېيىش مۇمكىن؟ ئۇ ئىنتايىن تېز يېتىلدى. ئۇ ئون تۆت ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ غۇنچە بويلىرى، كېلىشكەن ئاياغلىرى، تولغان كۆكرىكى كىشىنى مەست قىلىدىغان سېھرىي كۈچكە تولدى. ئۇ ئېيتقۇسىز دەرىجىدە گۈزەل ئىدى. 15 ياشقا كىرگەندە داڭلىق گۈزەل قىزغا ئايلاندى. ئۇنىڭ بەزى قىز دوستلىرى چاچلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تارايتتى، پاكىز يۈرەتتى، ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىگە قاتتىق دىققەت قىلاتتى، ئەمما ئۇ بولسا ھېچنېمىگە پەسەنت قىلمايتتى. تىرناقلىرى كىر، يۈزلىرى قىزىل، چاچلىرى چۇۋۇق ھالدا يۈرۈۋېرەتتى، يۈگۈرگەندە پاقالچاقلىرى كۆرۈنۈپ قالسىمۇ كارى بولمايتتى. ئاخىرقى ئىككى يىلدا، ئۇ بىرمۇنچە ئەجرى قىلىپ بىراقلا، مەشھۇر شەخسكە ئايلاندى. ئۇ شۇنداق نازاكەتلىك، چىرايلىق ۋە چاققان ئىدىكى، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ... ئۇنىڭ تانسا ئوينىغان چاغدىكى گۈزەل قىياپىتىگە ھېچكىممۇ تەڭ كېلەلمەيتتى. مۇز مەيدانلىرىدا ھېچكىممۇ ئۇنىڭدەك ئېسىل تېيىلالمايتتى. كېچىلىكلەردە ئۇنىڭغا ھەممەيلەن يېقىنچىلىق قىلاتتى. ھەتتا تۆۋەن يىللىق سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ

شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ چوپچوڭ قىز بولۇپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. مەكتەپتىكى چېغىدىلا ئۇنىڭ ئاتىقى چىقىپ كەتتى، سۆز ـ چۆچەك تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇنى بىرلىرى يېڭىلتەك قىز دېسە، بىرلىرى ئاشىقلىرىدىن ئايرىلسا ئۆلىدۇ، دېيىشەتتى. شېنىشىن دېگەن بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا سەۋدايىلارچە ئاشىقمىش، ئولىيانىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا كۆيگۈدەك، ئەمما ئۇنىڭ تىنىكىشى توختىمىغاچقا، ئاخىرىدا شېنىشىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىلى تاس قاپتۇدەك، دېگەن سۆزلەر تارالغانىدى.

مەكتەپتە يەنە ئولىيا مىشىرىسكايا ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى ئاشۇ قىشتا ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئوينىغان، دېگەن گەپلەرمۇ تارقالغانىدى. قىش سوغۇق، قار قېلىن ئىدى. كۈن ئوچۇق كۈنلىرى قاش قارايغان پەيتلەردە كۈن مەكتەپ ھويلىسىدىكى ئۈستىگە ئاپئاق قار يېپىنغان شەمشادلارنىڭ كەينىگە ئىنتايىن تېز پېتىپ كېتەتتى. بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، قارىغاندا، ئەتىلىككە يەنە سوغۇق بولىدىغاندەك تۇراتتى. مۇزىكا ئەترەتلىرى سوبۇر كوچىسىدىكى ئويۇن كېچىلىكىدە، شەھەر گۈلزارلىقىدىكى مۇز مەيدانىدا ۋە ئېسىل كېچىلىكلەردە مۇزىكا ئورۇندىماقتا ئىدى. كىشىلەر بۇ يەرگە تۇشمۇ تۇشتىن يېنىك قەدەم تاشلىشىپ كېلىشىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئولىيا مىشىرىسكايامۇ بار ئىدى. ئۇ ئەڭ غەمسىز، ئەڭ بەختلىكلەرنىڭ بىرى ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ تەنەپپۇس ۋاقتىدا چوڭ زالغا قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ كىرىۋىدى، تاماشا كۆرمەكچى بولۇپ، قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈشكەن بىرىنچى سىنىپتىكى بىر توپ قىز دوستلىرى ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم يۈگۈرۈپ قويۇپلا توختىۋالدى ـ دە، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ئاياللار ئادەتلەنگەن ھەرىكەت بىلەن چېچىنى، يوپكىسىنى تۈزەشتۈردى، ئاندىن كۆزلىرى چاقنىغان ھالدا يۈگۈرۈپ كەتتى.

قارىماققا ياش كۆرۈنىدىغان سىنىپ مەسئۇلىنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۈستەلنىڭ كەينىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تىۋىت يىپتىن بىر نەرسە توقۇۋاتاتتى، تامغا چار پادىشاھنىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى.

ـ ياخشىمۇ سىز، مىشىرىسكايا خېنىم، ـ دېدى سىنىپ مەسئۇلى بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئۇنىڭغا فرانسۇز تىلىدا، ـ كۆپ ئەپسۇس، مەن سىزنى بىرىنچى قېتىم چاقىرىۋاتمايمەن، مەن سىز بىلەن سىزنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلىتىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىمەن.

ـ خوپ بولىدۇ، خانىم! ـ مىشىرىسكايا ئۈستەلگە يېقىنلاپ كېلىپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ تۇراتتى، چىرايىدا ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمەيتتى، ئۇ نازاكەت بىلەن يېنىككىنە تەزىم قىلدى. پەقەت مىشىرىسكايادىلا مۇشۇنداق سالاپەت بار ئىدى.

ـ تولىمۇ ئۆزرىلىكمەن، مېنىڭ گېپىم سىزگە ئانچە يېقىپ كەتمەيدۇ، ـ سىنىپ مەسئۇلى تىۋىت يىپنى تارتىپ قويدى. يىپ كاللىكى ۋالىلداپ تۇرغان سىرلىق پولدا پىرقىرايتتى. ئۇ داۋاملىق سۆزلىمەكتە ئىدى، مىشىرىسكايا ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ بىر ھازا زەن سالىدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈردى، ـ مەن سۆزۈمنى قايتا تەكرارلىماقچى ئەمەسمەن، تولا گەپ قىلغۇممۇ يوق، ـ دېدى يەنە سىنىپ مەسئۇلى.

مىشىرىسكايا بۇ ئازادە، پاكىز ئىشخانىنى تولىمۇ ياقتۇراتتى. زىمىستان قىشتا بۇ ئىشخانىدا گوللاند پېچى، ئۈستەللەردە يېڭىدىن ئۈزۈلگەن قوڭغۇراق گۈللەر بار ئىدى. نېمىدېگەن ئازادە، نېمىدېگەن ئارامبەخش ـ ھە! ئۇ ياش چار پادىشاھنىڭ پۈتۈن چىشكەن سۈرىتىگە، ئەينەكتەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارقىراپ تۇرغان قىسقا چېچىغا بىرنەچچە قېتىم سەپسېلىپ قاردى. سىرەتتە كاتتا بىر زال ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغاندى. سىنىپ مەسئۇلىنىڭ دولقۇنسىمان چاچلىرى قالتىس رەتلىك تارالغانىدى.

— سىز ئەمدى كىچىك قىز ئەمەس، — دېدى سىنىپ مەسئۇلى مەنىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ بارغانسېرى سەپرايى ئۆرلەمەكتە ئىدى.

— شۇنداق، خانىم، — مىشىرىسكايا شادىمان تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى.

— لېكىن ئايالمۇ ئەمەسسىز، — دېدى ئۇ يەنە ئەستەرلىك گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئاقارغان يۈزلىرىدە قىزىللىق پەيدا بولدى، — ئالدى بىلەن سىز نېمىشقا چېچىڭىزنى بۇنداق پاسوندا تارىۋالسىز؟ بۇ پۈتۈنلەي ئايالارنىڭ ياسىنىش شەكلىغۇ!

— خانىم، چېچىمنىڭ تولىمۇ چىرايلىق بولۇشى مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس، — جاۋاب بەردى مىشىرىسكايا، ئۇ چىرايلىق تارىۋالغان چېچىنى قولى بىلەن تۈزىسۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ھەئە، بۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس، — دېدى سىنىپ مەسئۇلى، — چاچ تاراشتا سىزدە سەۋەنلىك يوق، ئاتا-ئانىڭىزنىڭ سىزگە مۇشۇ ئاياغنى ئېلىپ بېرىمىز دەپ يىگىرمە رۇبلىنى چاچقىنىدىمۇ سەۋەنلىك يوق، تەكرارلايمەنكى، سىز ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، سىز ئۆزىڭىزنى تولىمۇ يۈگەنسىز قويۇۋەتتىڭىز.

بۇ چاغدا مىشىرىسكايا ھودۇقۇپ كەتمەستىن كۈتۈلمىگەن ھالدا ئەدەب بىلەن سىنىپ مەسئۇلىنىڭ گېپىنىڭ شېپىغا ئۇردى.

— كەچۈرىسىز، خانىم، سىز خاتالاشتىڭىز، مەن ئايال، بۇنىڭغا كىم ئەيىبلىك، بىلەمسىز؟ بۇنىڭغا قوشنىمىز، دادامنىڭ دوستى، يەنى سىزنىڭ ئىنىڭىز ئالىكسى مىخايلوۋىچ ماليوتكىن ئەيىبلىك. بۇ ئىش بولتۇر يازدا، يېزىدا يۈز بەرگەن...

بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن بىر ئاي ئۆتتۈپ، قوپال، ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكىمۇ يوق، روھسىز، ئوليا مىشىرىسكاياغا ئارىلىشىدىغانلار بىلەنمۇ قىلچە ئورتاقلىقى بولمىغان بىر كازاك ئوفىتسېر بېكەتتىكە پويىز ئەمدىلا كىرگەن چاغدا، ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان بېكەت سۇپىسىدا ئوليا مىشىرىسكايانى ئېتىپ تاشلىدى. ئوليا مىشىرىسكايا سىنىپ مەسئۇلىغا ئىقرار قىلغان ئىش ئاخىرى شۇ كۈنى تاسادىپەن ئىسپاتلاندى. ئوفىتسېر سوت مۇپەتتىشىگە مىشىرىسكايا مېنى ئېزىقتۇرۇپ مەن بىلەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولغان ھەمدە خوتۇنىڭىز بولىمەن دەپ قەسەم قىلغان، دەپ مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى ئوليا مىشىرىسكايا ئوفىتسېرنى ئۇزاتقىلى نوۋوچېركاسكىغا كەلگەن بولۇپ، بىردىنلا ئوفىتسېرغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۆتكەندە ئۇنىڭغا تېگىمەن دېگەنلىرىنىڭ پەقەت ئۇنى مازاق قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، ماليوتكىنغا ئۇنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار ئىشلار يېزىلغان بىر بەت كۈندىلىك خاتىرىنى بەرگەن ۋە ئۇنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلغانىكەن.

— مەن شۇ چاغدا كۈندىلىك خاتىرىنى ئۇ سەيلى قىلىۋاتقان بېكەت سۇپىسىدا ئالدىراش كۆرۈپ چىقىپلا ئۇنى ئېتىپ تاشلىدىم، — دېدى ئوفىتسېر، — كۆرۈپ بېقىڭ، بۇ ئاشۇ كۈندىلىك خاتىرە، ئۇنىڭدا بولتۇر 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سادىر بولغان ئىش خاتىرىلەنگەن.

كۈندىلىك خاتىرىدە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«ھازىر يېرىم كېچە، سائەت بىر، تازا تاتلىق ئۇخلاۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئويغىنىپ كەتتىم... ئاھ، مەن ئەمدى ئايال

بولۇپ قالغانىدىم. دادام، ئانام ۋە تولـ
يالار شەھەرگە كىرىپ كەتكەن، ئۆيدە
مەنلا يالغۇز ئىدىم، يالغۇز قېلىش نېمە
دېگەن بەخت ـ ھە!

مەن ئەتىگىنى باغدا، ئېتىزدا، ئور-
ماندا سەيلى قىلدىم، بۇ دۇنيادا پەقەت
ئۆزۈملا باردەك تۇيغۇدا بولۇپ، ھاياتىم
ھېچقاچان ھازىرقىدەك شادلىق ئىچىدە
ئۆتمىگەندۇ دەپ ئويلىدىم. چۈشلۈك تا-
ماقنى ئۆزۈم يالغۇز يېدىم، يەنە توپمۇ
توغرا بىر سائەت ئويىنىدىم، مۇزىكا ئاڭلا-
ۋېتىپ مېنىڭدە مەن مەڭگۈ ياشايمەن،
ياشىغاندىمۇ ھەرقانداق كىشىدىن بەختى-
لىك بولۇپ ياشايمەن دېگەن تۇيغۇ پەيدا
بولغانىدى. كېيىن دادامنىڭ كىتابخانىسىدا
ئۇخلاپ قاپتىمەن. سائەت تۆتتە مېنى كاتە
ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ماڭا ئالىكسى مىخايلو-
ۋىچ كەلدى، دېدى. مەن ئىنتايىن خۇشال
بولدۇم، ئۇنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋال-
دىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن پايپېتەك بولدۇم. ئۇ
ئۆزىنىڭ ھېلىقى ۋىيات نەسىللىك ئاتتىن
ئىككىسى قوشۇلغان چىرايلىق پەيتونىدا
كەلگەنىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى پەلەم-
پەيدە قوزغالماي تۇراتتى، يامغۇر يېغىپ
تۇرغاچقا ئۇ قونۇپ قالدى. ئۇ ئاخشىمى
ياغقان يامغۇر ھامان توختايدۇ، دەپ ھې-
سابلايتتى. دادامنى كۆرەلمىگىنىگە تولىمۇ
ئۆكۈندى. ئۇ ئىنتايىن جۇشقۇن ئادەم
ئىدى. مەن بىلەن بىللە بولۇشقا باشلىغان
چاغلاردا تولىمۇ ۋەزمىن ئىدى. ئۇ ماڭا
ھەدەپ چاقچاق قىلاتتى، تېخى يەنە مەن
سىزگە كۆيۈپ قالغىلى نەۋاق، دەيتتى.
چايدىن بۇرۇن، بىز باغدا سەيلى قىلدۇق،
ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى، نەمخۇش باغ قۇ-
ياش نۇرى بىلەن تولدى، ھاۋا يەنىلا
ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن
يېتىلىگىنىچە، بىز ئىككىمىز فائوست بىلەن
مارگارىتا، دەيتتى. ئۇ ئەللىك ئالتە ياشقا

كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن چىراي-
لىق ئىدى. تولىمۇ رەتلىك كىيىنەتتى،
ئەمما ئۇ پلاش كىيىپ كەلگەن چاغلىرىدا
مەن ئۇنى ياقتۇرماي قالاتتىم. ئۇنىڭ
بەدىنىدىن ئەنگلىيىنىڭ گۈل شەبنىمى
ئەتىرىسى چاچقىپ تۇراتتى. كۆزلىرى قاپ-
قارا بولۇپ، ياشلارغىلا ئوخشايتتى. ئۇزۇن
چار ساقىلى ئىككىگە تەكشى بۆلۈنگەنىدى.
بىز ئىككىمىز ئەينەك دېرىزىگە تۇتاشقان
بالكوندا چاي ئىچىۋاتاتتۇق، مەن تاۋىم
قېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، دىۋانغا
يۆلىنىپ ئولتۇردۇم. ئۇ تاماكا چېكىۋاتاتتى،
كېيىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى-
دە، ماڭا خۇشامەت قىلىپ، بىر تالاي ياغ-
لىما سۆزلەرنى قىلدى. كېيىن ئۇ مېنىڭ
چىرايىمغا سىنچىلاپ قارىدى، قولۇمنى
سۆيدى. مەن يىپەك ياغلىق بىلەن يۈ-
زۈمنى توسىۋالدىم، ئۇ ياغلىقنىڭ تېشىدىن
لەۋلىرىمگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى.
ئىشلارنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى
ھەقىقەتەن بىلمەيمەن. ھېچقاچار
مۇنداق بولۇپ قالارمەن دەپ ئويلى-
مىغانىدىم، ئەمدى مەن ئۈچۈن بىرلا
يول قالغانىدى ... مەن ئۇنىڭدىن قالتىس
يىرگەندىم. بۇ ئىشلارغا ئەمدى سەۋرى-
تاقەت قىلغۇچىلىكىم قالمىدى.»

ئاپرېل ئىچىدىكى شەھەر تازا ۋە قۇرغاق
ئىدى. تاش ياتقۇزۇلغان يوللار پاكىز يۇيۇلغاچقا
يول مېڭىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى، ھەر
يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەھەردىن
چىقىدىغان سوبۇر كوچىسىنىڭ پىيادىلەر
يولىدا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن پەلەي
كىيىپ، ياغاچ ساپلىق قارا كۈنلۈك تۇتقان
پاكارغىنە بىر ئايال پەيدا بولاتتى، ئۇ
مەيدانغا تۇتىشىدىغان ياتىقاق تاشيولىنى
كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇ يەردە ئىستىن قارايغان
نۇرغۇن تۆمۈرچى دۇكانلىرى بار بولۇپ،
دالىنىڭ ساپ ھاۋاسىمۇ دەم ئۇرۇپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

تى. يەنە ئالدىغا ماڭسا مۇناستىر بىلەن ئۇچلۇق تۆۋرۈكلۈك قەلئە ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمان گىرۋىكىدە بىر پارچە ئاپئاق بۇلۇت لەيلەپ تۇراتتى. كۆكلەمدىكى دالا قوغۇشۇن رەڭگىگە كىرگەنىدى. مۇناستىر تېمىنىڭ تۆۋىدىكى سازلىقتىن ئۆتۈپ، سولغا بۇرۇلغاندا، تاملىرى پاكار چوڭ گۈللۈكنى كۆرگىلى بولاتتى، ئاپئاق قۇرۇق تامنىڭ ئايلانمىدىكى ئىشىكنىڭ ئۈستى بۈۋى مەرييەم ئانىنىڭ مىراجىغا چىققان جايى ئىدى. ئاۋاق ئايال مەيدىسىگە كرېست ئىماسىنى قىلىپ چوقۇنغاندىن كېيىن، ئادەتلەنگىنى بويىچە دەرەخلىك يولنى بويلاپ ماڭدى. ئۇ دۇب ياغىچىدىن ياسالغان كرېست بەلگىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەتىيازنىڭ سوغۇق شامىلىدا ئىككى سائەتچە ئولتۇردى، ئۇ يەڭگىل ئاياغلىرى بىلەن قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن پەلەي كىيگەن قوللىرى ئۇششۇپ قالاي دېگەندىلا ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ قۇشلارنىڭ مۇدھىش سوغۇقتىكى يېتىملىق كۈيلىرىگە، فارفور كومزەكتىكى گۈلچەمبىرەكلەرنىڭ مىدىرلىشىغا قۇلاق سالماقتا ئىدى.

ئاھ، بۇ گۈلچەمبىرەك، بۇ قەبرە، دۇب ياغىچىدىن ياسالغان بۇ كرېست! كرېستنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان فارفور رامكىدىكى سۈرەتتە ئولىيا مىشېرىسكايانىڭ ئۆلمەس كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئاشۇنداق پاك كۆزلەرنى چاكىنىلىق ۋە ئولىيا مىشېرىسكايانىڭ نامى بىلەن يەنە قانداقمۇ باغلىغىلى بولسۇن؟ ئەمما بۇ ئاۋاق ئايال خۇددى ئۆزىنىڭ پۈتۈن قىزغىنلىقىنى مەلۇم بىر غايىگە بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغان ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلاتتى.

بۇ ئايال ئولىيا مىشېرىسكايانىڭ سىنىپ مەسئۇلى ئىدى. تېخىچە ياشاۋاتقان بۇ قېرى قىز ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھاياتىنىڭ ئورنىغا خىيالىي ھاياتىنى قويۇپ ياشىماقتا ئىدى. ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئىنىسى بۇ خىياللىقنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن قەلبىنى ئاشۇ ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوق، بىچارە پراپورشىك ۋە ئۇنىڭ كېلەچىكى، ئۇنىڭ ئۆز نەزەرىدىكى تەڭداشسىز پارلاق ئىستىقبالى بىلەن باغلىغانىدى. لېكىن ئىنىسى مۇكايېر تېغىنىڭ ئېتىكىدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاڭلىق مېھنەتكەش ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنىدى. ئولىيا مىشېرىسكايانىڭ ئۆلۈمى ئەكسىچە ئۇنىڭدا يېڭى خىيالىيلىق پەيدا قىلدى. ھازىر ئولىيا مىشېرىسكايا ئۇنىڭ روھى بىلەن ھېسسىياتىغا چىرمىشىۋالغان بىردىنبىر ھەسرەت تۈگۈنىگە ئايلانغانىدى. ھەر قېتىملىق بايراملاردا ئۇ ئولىيا مىشېرىسكايانىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دۇب ياغىچىدىن ياسالغان بۇ كرېستقا ئۇزاقتىچە قاراپ تۇراتتى-دە، بۇ يەرلىكتىكى ساندۇقتا ياتقان ئولىيا مىشېرىسكايانىڭ ئاقىرىپ كەتكەن كىچىككىنە يۈزلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇ بۇ گۈللەرنىڭ بېنىدىن خۇپىيانە ئاڭلىغان ئىشنى يەنە ئاڭلىغاندەك بولدى. بىر كۈنى تەنەپپۇستە ئولىيا مىشېرىسكايا مەكتەپ ئىچىدە سەيلە قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بىر دىلكەش دوستى ئېگىزگىنە سېمىز قىزچاق سوبۇتكىناغا مۇنداق دەپ تولىمۇ تېز سۆزلىگەنىدى:

— مەن دادامنىڭ بىر كىتابىنى ئوقۇغانىدىم، دادامنىڭ ئۇرغۇنلىغان قەدىمىي قىزىق كىتابلىرى بار ئىدى، كىتابتا ئاياللاردا قانداق گۈزەللىكلەر بولۇشى

(ئاخىرى 155 - بەتتە)

# ئاپتور ۋە ئىجادىيەت



ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىمۇ زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، باللار ئەدەبىياتى قوشۇنى زورايماقتا.

ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - نۆۋەتلىك باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلانغان بىر قىسىم ئاپتورلار.




پېشقەدەم باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىدىن تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن، مەمتىمىن بارى، توختاش بەكرىلەر سۆھبەتتە.



مۇكاپاتلانغان ئۆسمۈر ئاپتورلاردىن ئۇلپەت جېلىل بىلەن ئىبادەت راخمان.

جايلاردا تۈركۈم - تۈركۈم ئۆسمۈر ئاپتورلار يېتىلمەكتە. سۈرەتتە: ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدىن بىر كۆرۈنۈش.






《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1992 ـ يىل 6 ـ سان ( 376 ـ سان ) ، 42 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر [illegible]لدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国际统一刊号：ISSN 1002－9044
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : ISSN 1002 _ 9044

国内统一刊号：CN 65－1010／I
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 _ 1010 / I

邮发代号：58－66　定　价：1.70 元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 66 _ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.70 يۈەن

邮政编码：830000
پوچتا نومۇرى : 830000



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com